

سەيپىدىن ئەزىزى

# ئۆلىيائاتا

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

سەيپىدىن ئەزىزى

# ئەۋلىيا ئاتا

(تاللانغان ئەسەرلەر)

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت ھاجى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

# ئەۋلىيا ئاتا

(تاللانغان ئەسەرلەر)

ئاپتورى: سەيپىدىن ئەزىزى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت ھاجى

مەسئۇل كوررېكتورى: ئايشەم ئابدۇۋەلى

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 1092 × 787مم 1/32، باسما تاۋىقى: 10.875، قىستۇرما ۋارىقى: 2

1987 - يىل 2 - ئاي 1 نەشرى

1988 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى

تىرازى: قاتتىق مۇقاۋىلىقى: 1 — 2050
ئاددى مۇقاۋىلىقى: 1 — 5000

---

ISBN 7 — 5373 — 0006 — 2/I·4

كىتاب نومۇرى: 77 — 10264 باھاسى: قاتتىق مۇقاۋىلىقى: 1.80 يۈەن
ئاددى مۇقاۋىلىقى: 1.00 يۈەن



## مۇندەرىجە

### ھېكايىلار

شانلىق قۇربان ........................................ 1
قىساس ........................................ 8
ئەۋلىيا ئاتا ........................................ 22
سىنالغان مۇھەببەت ........................................ 63
مەنىلىك سۆھبەت ........................................ 82
«ئاۋۋال ئۆز بارمىقىڭنى چىشلە، ئاغرىمىسا باشقىنىڭكىنى» ........................................ 85

### نەسرلەر

تۇنجى پويىز ئاۋازى ........................................ 89
ئانا خىتابى ........................................ 105
ئۆرلە ئاي، يەنىمۇ ئۆرلە! ........................................ 112
قىزىل لاچىن ........................................ 116
ۋاقىت ........................................ 127
چىن ئادەم بولۇش كېرەك ........................................ 131
خەلققە نەپ بېرىش ئالىي شەرەپ ........................................ 135
ھەيرانى پاراڭلىرى ........................................ 139

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

توي قىلغاندا ھازىنى ئۇلتۇما .................... 152
ئۇملۇك — كۆچ ....................... 155
ئەسرىي شېئىرلار ..................... 160

## مەسەللەر

ھەسەل ھەرىسى «پادىشاھى» نىڭ «قانۇنى»...... 174
كۇن خۇمار ............................ 176
تۆگە بىلەن ئېشەك ..................... 178
قارلىغاچنىڭ ماھارىتى ................... 187
ئانارگۈلنىڭ ھۆسنى ..................... 191
تۈلكە بىلەن تۆگە ....................... 194

## داستان — غەزەللەر

ئۆمۈر داستانى (داستان) ...................... 196
سايرا، بۇلبۇلۇم ............................ 217
مۇزتاغ ئاتا.................................. 219
سېغىنىش .................................. 220
چەن دوستنى تاپ!............................ 223
ئەل تىلىگەن قىلغىل ئادا ...................... 224
خۇشتارمەن ................................ 227
سەيلە قىپ كەتسۇن ........................ 229
قەشقەر ساماسى ........................... 230
ئەلگە ۋاپادار .............................. 232

جانانني دېگەن ............................ 234
«بەلمىدان»غا ................................ 235
پەيزىلىك ناۋا بولسۇن ...................... 236
پۈتمىگەن غەزەل .............................. 237
قىزىل غۇنچە .................................. 238
قەلەم ......................................... 239
ئەل دوستى بول ............................... 240
دوستۇمغا ...................................... 241
خۇشتار ناۋاسى ............................... 244
چىن يارنى تاپ ................................ 245
ھايال قىلما .................................. 246
ئايرىلمىغىن .................................. 247


باشقا شېئىرلار


شانلىق يىللار ................................ 248
بىر دەستە قىزىل گۈل ........................ 251
ۋەتەن ھەققىدە ............................... 253
سالام، پاختەكلە .............................. 255
شەرەپلىك ئانا ماكان ......................... 257
قارا ئالتۇن .................................... 260
بېلىقچى قىز ناخشىسى ........................ 261
تەخسكەشنىڭ نالىسى ......................... 262
يگۈلدەككىنە ................................... 263
گۈل ............................................ 264

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

دېڭىز تەسىراتلىرى ........................ 265
مۇبارەك، غۇنچەڭگە ئاتۇش .................. 266
دىل خۇمار ................................ 268
ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىغا ................... 269
چەن دوست ................................ 270
ئىلى ناۋاسى .............................. 271
قار لەيلىسى .............................. 273
ناخشىچى قەشقەر قىزىغا ..................... 275
ياد ئەتمىدى .............................. 277
ئۇيقۇدا ياتما .............................. 278
مەنداشلىق ................................ 279
مۇبارەك بولسۇن ............................ 281
قۇرۇلتايغا مەدھىيە .......................... 282
راۋاپ قوشىقى .............................. 284
مەردانە ئالغا .............................. 287
هاكاۋۇر .................................. 288
ئەنقار پەرۋازى ............................ 289
ئۇستازلىق — ئالىي بەخت ..................... 291
بوخەي بويىدا .............................. 293
مەڭگۈ ئىناق ............................... 295
مۇبارەك تويۇڭغا، ئەي ئەزىز ماكان ............. 296
لوياڭغا مەدھىيە ............................ 301
رۇبائىيلار ................................. 303

# ھېكايىلار

## شانلىق قۇربان

### 1

ئۈستىگە گۈللۈك كۆك تاۋار چاپان، پۇتىغا خەي كىيگەن بۇ ئىمز ئارقىسىغا قايرىپ باغلانغان قوللىرى بىلەن چىدىرنىڭ كەينى تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ، ھامان ئۈن - تىنسىز يەرگە قاراپ تۇراتتى. ماڭلىيىدىن چىققان قان چۈۋۈلغان چاچلىرى ئارىسىدىن پارقىراپ كۆرۈنەتتى. بىر نۇقتىغا مىختەك قادالغان كۆزلىرىدە چوڭقۇر خىيال ۋە دەھشەت ئوتى ئەكس ئېتەتتى. ئۇ، ئالدىغا قويۇلۇۋاتقان ئەڭ قىيىن مەسىلە ئۈستىدە جىددىي ئويلىناتتى. ئۇ ھەر تۈرلۈك قىسقا پىكىرلەر بىلەن قاي-

مۇققان ھالدا ئىككى يولنىڭ ئۈستىدە تۇرختايتتى: بىرى — ھايات يولى، ئەمما بۇ يولنى خائىنلىق، ۋىجدانسىزلىق ۋە ئۇياتسىزلىق بىلەنلا بېسىپ ئۆتۈش مۇمكىن: بىرى — مامات يولى، لېكىن بۇ پارلاق ۋە شەرەپلىك يول ئىدى.

قىز بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، چېدىرنىڭ تاشقىرىسىغا كۆز تاشلىدى. بۇ چېدىرنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدە بىر نەچچە چېدىر بار ئىدى؛ چېدىرلارنىڭ ئىچىدىن تەرتىپسىز ئاۋازلار ۋە ۋارقىراشلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. چېدىرلارنىڭ ئالدىدا ھەر تۈرلۈك مەشغۇلاتلار بىلەن بولۇۋاتقان تۆمۈر قالپاقلىق ئەسكەرلەر كۆرۈنەتتى. قارشى تەرەپتە، تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتا، يوپۇرماقلىرى سارغايغان دەرەخلەر ئارىسىدىن كۆيۈۋاتقان يېزا، پۇرقۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈۋاتقان تۈتۈنلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئۇ يېزىدىن ھاياتلىق بەلگىلىرىنى كۆرگىلى بولمايتتى.

يېزىدىن كۆتۈرۈلۈپ، شەرققە ئەگىپ كېتىپ بارغان ئىس ـ تۈمانلار ئارىسىدىن ئۇنىڭ كۆزىگە گويا قىزىل ھەرپلەر بىلەن تىزىلغان بۇنداق گەپلەر كۆرۈنگەندەك بولدى:

«كۆرەش — ئۇ، شەرەپلىك، ئەمما مۇشكۇل ئىش. بىز ئوت ئىچىدىن خەلق ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ چىقىشىمىز ۋە ئۇنى يېرىپ ئۆتۈپ مەردانىلارچە ئالغا بېسىشىمىز لازىم. بۇ شەرەپلىك، مۇشكۇل ۋەزىپىنى جان تىكىپ ئادا قىلىش بىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىز...»

«خەير، ئۇتۇق تىلەيمەن. ئەگەر پارتىزانلارغا

يولۇقالماي، دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالسىڭىز مەرد بولۇڭ، باش ئەگمەڭ. بۇ مېنىڭ ئەمەس، خەلقىنىڭ تاپشۇرۇقى...»

مەلۇم قىسىم تۇەنجاڭنىڭ قىزنى ئۇزاتقاندا ئېيتقان بۇ سۆزلىرى گاھ تۇتۇنلەر ئارىسىدىن چىقىپ، تېخىمۇ يوغىناپ يېقىنراق كەلگەندەك بولاتتى. گاھ يەنە تۇتۇنلەر ئېقىمى بىلەن ئۇزاپ كېتەتتى.

«ۋىجدان بىلەن ياشاپ، ۋىجدان بىلەن كېتىمەن — دەيتتى قىز ئىچىدە ۋە كۆزىنى يۇمۇپ، خىيالىنى داۋاملاشتۇراتتى، — مېنى جايىغا كۆمۈلگەن بولغىيمىدى؟ كۆۋرۈك ئۈستىگە چۈشكەن بېسىم ئۇنىڭغا تەسىر قىلالامدۇ؟... ھە، مېنى ياخشى كۆمۈلگەن. خاتىرجەم بولۇش كېرەك»...

ھەربىي كىيىم ئۈستىدىن ئۇزۇن پەلتو يېپىنىۋالغان بىرى كىرىپ، ياسىما مۇلايىملىق بىلەن دېدى:

— خوش، ئويلىدىڭىزمۇ؟ قېنى جاۋاب بېرىڭ!

— ......

— دېمەڭ، سەن، — دېدى ئۇ، تەرىپنى ئۆزگەرتىپ، — بىزنى باشلاپ بارمايسەن، شۇنداقمۇ؟

— ......

— ياخشىراق ئويلىنىپ كۆر، — دېدى ھەربىي ئادەم، — سەن بىزنىڭ بۇ تەكلىپىمىزنى ياخشىلىقچە قوبۇل قىلىپ، ئورۇنلاپ بەرسەڭ چوڭ ئىنئام ۋە ئابرويلارغا ئىگە بولىسەن، بولمىسا ئۆزۈڭگە ياخشى بولمايدۇ. بىز قانداق يول بىلەن بولمىسۇن، تەكلىپىمىزنى ساڭا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قوبۇل قىلدۇرالايمىز. لېكىن بىز ياپون ھەربىيلىرى بەكمۇ شەپقەتلىك كېلىمىز. بولمىسا بىزدە سېنى سۆزلىتىدىغان ۋە كۆندۈرىدىغان ئاجايىپ نەرسىلەر بار... كۆردۈڭمۇ بۇنى؟

قىز بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ چېكىسىگە تەڭلىنىپ تۇرغان تاپانچىنى كۆردى.

— ئۆزۈڭ بىلىدىغان يول بىلەن، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئۇ، — بىزنى پارتىزانلار بار يەرگە باشلاپ بارساڭلا ئابرويىڭنى ساقلاپ، ھايات قالىسەن، بولمىسا...

— ......

ئۇ، قىزنىڭ بېشىغا قولىدىكى تاپانچىسى بىلەن شۇنداق قاتتىق ئۇردىكى، بۇنىڭ زەربىدىن قىز چېدىر تۈۋىگە دومىلاپ چۈشتى. قىز بىر ئازدىن كېيىن، بويىنىغا ئىسسىق بىر نەرسىنىڭ ئېقىپ چۈشكەنلىكىنى سەزدى. ئۇ شۇ جايدا ئولتۇرغان پېتى چېدىر ئىشىكىدىن يەنە ھېلىقى يېزىغا قارىدى. بۇ قېتىم قويۇق تۈتۈنلەر ئارىسىدىن بايىقى سۆزلەر «لاپ» قىلىپ كۆرۈندى ۋە چاقماق چاقىغاندەك يالت - يۇلت قىلىپ تۈتۈننىڭ ئۈستىگە كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئاستا تولغىنىپ ئۆرلەۋاتقان تۈتۈن بىردىنلا ئۆزگىرىپ، دەھشەت بىلەن ئاسمانغا تىككىدە ئېتىلغاندەك بولۇپ كۆرۈندى... قىز كۆزىنى يۇمدى. بېشىنى ئارقىسىغا تاشلاپ بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن كۆزىنى ئېچىپ، كۆز ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇقنىڭ كۆتۈرۈلگەنلىكىنى سەزدى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇ-

رۇپ يەنە تۈۋرۈككە يۆلەندى.

— خوش! — دېدى ھەربىي ئادەم، — ئەمدى نېمە دەيسەن؟

قىز ئۆزىنىڭ يان تەرىپىدە تەكەببۇرلۇق بىلەن جاۋاب كۈتۈپ تۇرغان كىشىگە قاراپمۇ قويماي جىددىي ئاۋاز بىلەن:

— مەيلى، باشلاپ بارسام باراي، — دېدى.

— ئوھو، ئەقىللىق قىز، — دېدى ياپون ھەربىيسى قىزنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ، — كۆپ رەھمەت ساڭا. بۇ خىزمىتىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن مۇكاپات ئالىسەن. مانا شۇنچىلىك گەپ ئەمەسمۇ ... ئاخشاملىقتا سائەت سەككىزدە ماڭىمىز، ھازىر دەم ئېلىشىڭ كېرەك. مەن چىقىپلا ساڭا ئورۇن تەييارلىتىمەن.

ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ يەنە ھېلىقى تۈتۈنگە قارىدى. تۈتۈن بىر ئاز سۇزۇلگەن، يېزا يۈزى يېرىم ئېچىلغانىدى.

2

جىمجىت كېچە، كەڭ دالا. غەربىي شىمالغا قاراپ سوزۇلغان يىلان باغرى يولدا تەخمىنەن تۆت يۈزدەك مىلتىقلىق ئادەم كېتىپ باراتتى. ئۇلار تۆتتىن تىزىلىپ بىر نەچچە تۈركۈمگە بۆلۈنگەن، ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن ۋە يۈرۈش - تۇرۇشلىرىدىن ھارغىنلىق، روھسىزلىق، نارازىلىق ۋە مەيۈسلۈك بەلگىلىرى چىقىپ تۇرات-

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

تى. بەزىلىرى نىمە ئۈچۈندۇر بىر - بىرىگە سوئال نەز-
رى بىلەن قاراپ قويۇشاتتى ۋە ئىغىر نەپەس ئېلىشات-
تى. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا «يولباشلىغۇچى» قىز تېتىك
قەدەم بىلەن كېتىپ باراتتى. ئۇ يېنىدا ۋە ئارتىسىدا
ئۆزىگە مىلتىق تەڭلەپ كېتىپ بارغان ئەسكەرلەرگە قا-
رىماستىن، نىمە ئۈچۈندۇر چۆچۈگەن قۇشتەك، ئۇياق -
بۇياققا قارايتتى. قىزنىڭ ئارقىسىدىكى ئەسكەرلەردىن
كېيىن، ئاتقا مىنگەن ھېلىقى ھەربىي ئادەم كەلمەكتە
ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن پىيادە ئەسكەرلەر، ئەسكەرلەر-
نىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بىر، كەينىدە بىر ئاتلىق
كىشى كەلمەكتە ئىدى.

ئارغامچا بويى ئۆرلىگەن ئاي ئالا بۇلۇتلار ئارىسى-
دىن شۇڭغۇپ ئۈزەتتى، گوياكى ئۇ قىزنى تەبرىكلىگەن-
دەك بۇلۇت ئارىسىدىن چىقىپ كۈلۈمسىرەيتتى ۋە پاك
ۋىجدان ئىگىسى بولغان مەسۇمە ۋۇجۇدقا ماتەم بىلە-
دۈرگەندەك بېشىنى ئېگىپ، بۇلۇتلار ئارىسىدا يوشۇرۇ-
ناتتى. كۆۋرۈككە يېقىنلاشقانسىرى قىزنىڭ يۈرىكى كۆچ-
لۈك سوقۇشقا باشلىدى، لېكىن ئۇنىڭ غەيرىتى بارغان-
سىرى ئاشماقتا ئىدى.

ئەنە ئۇلار كۆۋرۈككە كەلدى. قىز ئوڭ پۇتىنى
كۆۋرۈككە باسقاندىن كېيىن، يۈرىكى «قارتتىدە» قىل-
غاندەك بولدى. پۇتىنى تارتىۋالدى ۋە يېنىدىكى ئەس-
كەرلەرگە قارىۋېلىپ، يەنە ئالغا ماڭدى. قىز پات - پات
ئارقىسىغا قاراپ كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇن رىشاتكىلىرىنى كۆز-
دىن كەچۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنى

تولۇق كۆرسەتكەن ئايغا خوشلاشقاندەك تويماي قارايتتى...

ئۇ ئاخىرقى قېتىم ئارقىسىغا قاراپ، كۆۋرۈكنىڭ ئەسكەرلەر بىلەن تولغانلىقىنى كۆردى-دە، ئىككى قەدەم ئالدىغا چامدىدى ۋە يەنە ئارقىسىغا قاراپ بارلىق ئاۋازى بىلەن توۋلىدى:

— مانا ساڭا يول، ۋەھشىيلەر! مەن قۇربان بولىمەن، لېكىن مەردلىك بىلەن، ئارمانسىز كېتىمەن...

ئەسكەر باشلىقلىرى نېمە قىلىشىنى ۋە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئاخىرى، تاپانچىلىرىنى چىقىرىپ، قىزغا ئەمدى تەڭلىگەنىدى، بىردىنلا يەر-كۆكنى تىترەتكەن ئاۋاز بىلەن تەڭ قاتتىق پارتلاش ھاسىل بولدى...

بىر نەچچە ئون مېتىر ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلگەن توپا ئارىلاش تۇتۇنلار ئارىسىدىن كۆرۈنگەن نەرسىلەرنىڭ ئادەملەر تېنى ياكى ياغاچلار ئىكەنلىكىنى ئايرىپ بولماس ئىدى.

1942 - يىل، چۆچەك.

# قىساس

## 1

1946 - يىلى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، قەشقەر يېڭىشەھەردە تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قىسىملىرى شىتابىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا سۆلەتلىك كىيىنگەن بىر ئادەم يېتىپ كەلدى. ئۇ پوستقا بىر قەغەز كۆرسىتىپ دەرۋازىدىن كىردى ۋە ھاكاۋۇر قىياپەتتە ئىچكىرىلەپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ كىرگەندە ئۆيدە ئادەم يوق ئىدى. ئۈستەل ئۈستىدىكى تەخسىدە تۇرغان تاماكا قالدۇقىدىن چىققان تۈتۈن تولغىنىپ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ، ئۆينىڭ تورۇسىنى ئاستا قاپلىماقتا ئىدى.

ئۇ، ئۆينى بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئۈستەل ئۈستىدىكى تۆگە ماركىلىق تاماكىدىن بىرنى ئېلىپ تۇتاشتۇردى. ئىككى قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ ئۆينىڭ بىر چېتىدە ئۇياندىن - بۇيانغا يۈرۈپ چوڭقۇر خىيالغا چۆمدى:

«... ئىشلار جايىدا كېتىپ بارىدۇ. ھازىر قەشقەردە نامى چىقىپ قالدى. ئاۋۋالقى ئەل قاتارى ئاسىمبەك

بۇگۇن گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن ھەمتاۋاق بولۇۋېلىپ، باشقا بەگلەردىن پەرقلىنىپ كەتتى. ئەمەلدارلار ئۇنى «ئاسىمبەك ئەپەندى» دەپ ھۆرمەت قىلىشىدۇ. پۇقرالار بولسا «ئاسىمبەك غوجام» دەپمۇ قويۇشىدۇ. دەۋالىرى ۋە ھال - دەردى بار كىشىلەر ئۆيىگە كېلىپ تۇرىدۇ. بۇنداقلار، ئەلۋەتتە، قۇرۇق كەلمەيدۇ.

... ئەمدى ئىككى ئارزۇ بار: بىرسى — بىر ئامال قىلىپ ھاكىملىق مەنسىپىگە ئېرىشىۋېلىش، بۇنىڭ ئۈچۈن بىچارە تولا خىيال قىلىپ، ھەتتا چۈش كۆرۈپمۇ ھېرىپ كەتتى. بۇ قانداق شېرىن خىيال، پەقەت خىيال بىلەنلا بولۇپ كېتىپ بارغىنى كېلىشمەيۋاتىدۇ - دە.

يەنە بىرسى — باشتىلا كۆزىگە چۈشكەن گۈزەلنى قولغا چۈشۈرۈۋېلىش، بۇنىڭ دەردىسىمۇ كۆپ تارتتى. قانچە پەرۋانە بولۇپ يۈرسىمۇ، ئۇ قىز كۆز قىرىنى سېلىپمۇ قويماي، ئاخىرى ئەسلى - نەسلى يوق بىر ئوقۇتقۇچىغا تېگىۋالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئوقۇتقۇچى بولۇۋاپتۇ. ئىچىنى ئېچىشتۇرۇپ ھەر كۈنى ئىشىك ئالدىدىن مەكتىپىگە ئۆتىدۇ. ئاھ! قانداق قىلىپ بۇنى يولۇۋالغىلى بولار؟! بۇنىڭ ئۈچۈن گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىغا قىلمىغان خۇشامەت، ھەتتا نومۇسسىزلىقى قالمىدى.

... ئۇنىڭ ئېرىنى غۇلجا ئوغرىلىرىنىڭ تەشۋىقاتىنى قىلدى دېگەن بۆھتان بىلەن سولىتىپ قويغىنىغا ئىككى ئايمۇ بولۇپ قالدى.

ۋاي، ئۇ ناھايىتى يامان چوكان ئىكەن، بۇنىڭ بىلەنمۇ ئىش پۈتمىدى، تەتۈرىسىچە ئۇ ئاسىمبەك ئەپەندىگە تېخىمۇ قارشى بولۇپ كەتتى...

ھە، دۇرۇس، ئېرىنى ئۆلتۈرمەستىن بۇ مەقسەتكە

يەتكىلى بولمايدۇ... باشقا چارە بىكار ئوخشايدۇ...»

ئىچكىرىكى ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىشى بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ خىيالى ئۈزۈلۈپ قالدى.

— ھە، كەپسىز - دە، ئاسىمبەك ئەپەندى، — دېدى جاڭ تۈەنجاڭ، — ئەپۇ قىلىسىز، مەن بىر ئىش بىلەن مەشغۇل ئىدىم.

ئاسىمبەك كەمچەت تۇمىقىنى قولىغا ئېلىپ، پۈكۈلە-پۈكۈلە تازىم قىلىپ كەتتى، ئېگىشكەن پېتى بېرىپ تۈەنجاڭنىڭ قوللىرىنى يۇمشاق سىقتى. ئاندىن ئازراق كەينىگە چېكىنىپ دېدى:

— ھېچقەقەسى يوق، تۈەنجاڭ جانابلىرى. ئۆزۈمۈ كېلەي دەپ تۇرۇۋىدىم، چاقىرغىلى بالا بېرىپ قالدى. تۈەنجاڭ جانابلىرىنىڭ ۋاقىتلىرى خوشمىكىن؟

—. يامان ئەمەس. قېنى ئولتۇرۇڭ، — تۈەنجاڭ ئولتۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — نېمە، بىر ئاز خىيالچان بوپقاپسىزغۇ؟

— يوقسۇ، تۈەنجاڭ جانابلىرى، ھېچ...

— بولدى، بىلىمەن، يوشۇرماڭ. ماڭا قاراڭ! ئۇ چوكان راستىن شۇنچە چىرايلىقمىكەن؟

ئاسىمبەك نېمىدېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. چوكاننىڭ چىرايىنى ماختاش خەۋپلىك ئىدى. چۈنكى قاراقچىنىڭ ئۇغرىنى سوقۇپ كېتىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس ئىدى.

— ئانچە ئەمەس، — دېدى ئۇ ياسىما كۈلۈپ، — ئەمدى كۆڭۈل شۇنداق نەرسىكەن - دە.

تۈەنجاڭ تام تۈۋىدىكى كارىۋاتقا قىيسىيىپ، كۆز-

-نى يېرىم يۇمۇپ يەر ئاستىدىن ئاسمىبەككە قاراپ، ئۇ-
-نىڭ چىرايىدىنمۇ قانداقتۇ بىر ئوڭايسىزلىقنى سەزدى.
تۆەنجاڭ تاماكىسىنى چىشلەپ تۇرۇپقا قاراپ بىر ئاز-
-غىنە جىم تۇرغاندىن كېيىن سورىدى:

— بۇگۈن كېچىدە بولغان ۋەقەدىن خەۋەر تاپقاندۇرسىز؟

— خوش، ئاڭلىدىم، تۆەنجاڭ جانابلىرى.

— بۇ يامان بولدى، — دېدى تۆەنجاڭ كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ، — خەۋىرىڭىز باركى، بىز سولىغان ئادەملەر-
-نىڭ ئىچىدە ئەڭ ئېغىر گۇناھلىقى ھەم خەتەرلىكى شۇ ئوغرى ئىدى.

— ھەي، ھەي، — دېدى ئاسمىبەك بېشىنى لىڭشى-
-تىپ، — ئۇنى بىر دېمىسلە، يەتتە ئىقلىمدا ئۇنىڭدىن يامان ئادەم يوق دېسىمۇ بولىدۇ.

— خوش، ئۇ قانداق قىلىپ قاچتى؟

— بۇنىڭ قېچىشى ئۈچۈن ئىلاج يوق ئىدى. لې-
-كىن ھۇلى قاچۇرغان كىشى بار، تۆەنجاڭ جانابلىرى.

— ھە، قاچۇرغان كىشى بار؟! ئەگەردە شۇنداق بولسا، قاچقۇن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئىككى پوستىنىڭ ئىنتىقامىنى ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن ئېلىش كېرەك. — تۆەن-
-جاڭنىڭ رەڭسىز چىرايى پۇرۇشۇپ كەتتى. — كىم ئىكەن ئۇ؟

— كىم بولاتتى، ھېلىقى غۇلجا ئوغرىلىرىنىڭ ئىش-
-پىيونى خالىق مۇئەللىم، تۆەنجاڭ جانابلىرى.

— ھە... گۈزەل مەشۇقىڭىزنىڭ ئېرى دەڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

مىز شۇ چوكانىنىڭ چۆرىسىدىن زادى كېتەلمەيسىز - دە.

— ماڭا قىلغان مەرھەمەتلىرى ئۈچۈن رەھمەت، تۆھل-
جاڭ جانابلىرى، لېكىن بۇ ئېنىق. چۈنكى بۇ ئىككىسى
تولا يېقىن دوست ئىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، بۇلارنىڭ
قېچىش توغرىسىدا مەسلىھەت قىلىشقانلىقلىرىدىن مەن
خەۋەر تاپقانىدىم.

— دېمەك، راست دەڭ.

— شۇنداق، مەن بۇنى ئىشەنچ بىلەن ئېيتالاي-
مەن. ئەگەردە خالىسىلا ئۇنى ھازىر سوراق قىلىپ باق-
ساقمۇ بولىدۇ.

— خوپ، ئۇنداق بولسا، ئۆزىڭىز سورايسىز.

— بولىدۇ، تۆھنجاڭ جانابلىرى، رەھمەت
ئىلتىپاتلىرىغا.

مۇئەللىمنى ئېلىپ كىرگەندە تۆھنجاڭ كارىۋاتتا
ئوڭدىسىچە ياتاتتى. ئاسمىبەك بولسا غادىيىپ، پۇتلىرىنى
ئەپسىز مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ، قاملاشمىغان بۇ-
رۇتمىنىڭ ئۇچىنى كالپۇكى بىلەن يالىغاچ قوشۇمىسىنى
تۈرۈپ مۇئەللىمگە قارىدى. ئۇ، ئۆزىگە قانچە «سۈر»
بېرىشكە ئۇرۇنسىمۇ، ئۇنىڭ پۇچۇق بۇرنى بىلەن كوسا
ئېڭىكى قىياپىتىنى تېخىمۇ سەتلەشتۈرەتتى. ئۇ، ئورنىدىن
تۇرۇپ، قوللىرىنى كەينىگە تۇتۇپ، ئۆزىنى ھاكاۋۇر-
لارچە تۈزىتىپ، مۇئەللىمنىڭ ئالدىغا ئىككى قەدەم باستى
ۋە سورىدى:

— خوش مۇئەللىم ئەپەندىم، دوستىڭىزنى قانداق
قىلىپ قاچۇردىڭىز؟

— ......

— خاپا بولۇپ قاپسىزغۇ؟ ھە، ئۇنىڭ ئۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپسىز-دە، ھە... ئۇ ھەممىنى ئېيتىپ بەردى. سىزنىڭ ياردەملىرىڭىزنىمۇ ئېيتتى. ئەمدى ئۆزىڭىز ئىقرار قىلىشىڭىز كېرەك. خوش، قېنى سۆزلەڭ!

— ......

ئۇ بىر ئاز ئويلىنىپ يەنە مۇئەللىمنىڭ ئالدىدا توختىدى:

— ئارتۇق خاپا بولۇپ كېتىپسىز!— دېدى ئۇ زاڭلىق قىلىش تەلەپپۇزى بىلەن، — چىرايلىق خوتۇنىڭىزنى، سېغىنىپ قالدىڭىزمۇ-يە؟ ئەمدى ئۇنى يادىڭىزدىن چىقىرىۋەتسىڭىزمۇ بولىدۇ. مۇندىن كېيىن ئۇ سىزنىڭ بولمايدۇ.

مۇئەللىم لام-جىم دېمەيتتى، لېكىن ئۇنىڭ غەزەپلىك كۆزلىرى ئاسىمبەككە مىختەك قادالغانىدى.

— خوش!— دېدى ئاسىمبەك مۇئەللىمگە يېقىن كېلىپ،— سۆزلەمسىز-يوق؟

مۇئەللىم ھامان ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ غەزىپى دولقۇنلايتتى. ئۇ، ئالدىدىكى نومۇسسىز شەخسنىڭ خەلققە يەتكۈزىۋاتقان پالاكەتلىرىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ ئۆزىنى باسالمايتتى. ئاسىمبەكنىڭ شۇ تاپتىكى ئەپتىدىن قانداقتۇر مۇدھەش جىنايەتلەر ۋە خىيانەتكارانە قىلمىشلارنىڭ ئېچىنىشلىق مەنزىرىسىنى كۆرەتتى. غەزەپ ئوتى ئۇنى بارغانچە ياندۇراتتى...

بۇ ئىپلاس مەخلۇقنى بىر ئۇرۇپ يەرگە كىرگۈزىۋەت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەم، ئاندىن كېيىن ئۆزۈم ئۆلسەممۇ مەيلى ئىدى...»
غەزەپ يالقۇنى غەيۇر ۋۇجۇدىنى بىردىنلا ھەرىكەتكە كەلتۈردى. ئەمما ئۇ قانداق ھەرىكەت قىلغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى... ئۇ قاتتىق مۇشت زەربىدىن ئارقىسىدىكى ئورۇندۇق بىلەن تەڭ يىقىلىپ كارىۋات ئالدىدا دومىلاپ يۈرگەن رەقىبىنى كۆرگەندە ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرەپ قويدى ۋە ئۆزىنى بىر ئاز يەڭگىلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى.

تۇەنجاڭ غەزەپ بىلەن كارىۋاتتىن تۇردى ۋە تاشقىرىغا قاراپ توۋلىدى:

— ۋەي! ... ۋەي!

ماۋزۇلۇق ئىككى ئەسكەر كىرىپ مۇئەللىمنىڭ ئىككى يېنىدا تۇردى.

— سەن ئوغرى، — دېدى تۇەنجاڭ مۇئەللىمگە يېقىنراق كېلىپ، — تېخى شۇنچە يوغىناپ كەتتىڭمۇ؟ دوستۇڭنى قانداق قىلىپ قاچۇردۇڭ، ئېيتامسەن - يوق؟

مۇئەللىم يەنە جاۋاب بەرمىدى. ئۇ، قولىغا چىققان چىشىغا قاراپ، ئۈزمەستىن قان ئارىلاش تۈكۈرۈۋاتقان ئاسىمبەگنى تاماشا قىلاتتى.

— ھەي ئوغرى، — دېدى تۇەنجاڭ مۇئەللىمنىڭ كاچىتىغا بىر شاپىلاق ئۇرۇپ، — زادى گەپ قىلامسەن - يوقمۇ؟

— ......

ئاسىمبەگ تۇەنجاڭنىڭ يېنىغا كېلىپ بىر نېمە دېمەكچى بولغانىدى، كۆزى مۇئەللىمنىڭ ئوتلۇق كۆ-

زىگە چۈشۈپ قىلىپ، ئاستا كەينىگە چېكىندى ۋە تۆەن-
چاڭنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋېلىپ تۇرۇپ دېدى:
— بۇ ئوغرىنى ئۆلتۈرمىسەك زادى بولمايدۇ.
تـۆەنچاڭ چانابىلىرى.
تۆەنچاڭ مۇئەللىمنىڭ باش - كۆزىگە ئۆرۈپ باق-
تى، ئۇ تەۋرىنىپ ئەندىن كېيىن، كالپۇكىنى چىشلەپ،
ئۇنىڭ قولىنى قويىنىغا تەقتى.
— ئەپچىق! — دېدى ئۇ ۋارقىراپ — ئۆلگۈچە
كالتەكلەڭلار بۇ ئوغرىنى!
مۇئەللىمنى ئەپچىقىپ كېتىشتى.
— ھەي،— دېدى تۆەنچاڭ ئاسىمبەكنىڭ قولىدى-
كى چىشىنى كۆرۈپ،— چىشىڭىز چۈشۈپ كەتتىمۇ نې-
مە؟ ۋاي - ۋاي، تازا ئاغرىۋاتقان بولسا كېرەك - ھە!
— ئۇنى بىر دېمىسىلە تۆەنچاڭ. غەيرەت قىلىپ
تۇرۇۋاتىمەن، خۇدا ساقلىدى. ئەگەر قولاقنىڭ تۈۋىگە-
رەك تەگسە ئىش چاتاق بولاتتى.
— مەشۇقىڭىز يولىدا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغىلى
ئاز قالدىم دەڭ... ھە، دېمىسىمۇ ئۇنىڭ تېنى ناھا-
يىتى قاتتىق ئىكەن. كۆرمەمسىز، مېنىڭ قولۇممۇ تاس
قالدى سۇنۇپ كەتكىلى.
— ھە، قوپقالىجەپ كەتكەنگە ئوخشايدۇ، تۇ-
خۇم سۇرۇپ تېگىپ قويۇش كېرەك... بۇ ئەسنادە
يامان ئادەم، تۆەنچاڭ، بۇنى يوقاتماي بولمايدۇ، تى-
رىك قويساق قېچىپ كېتىشى مۇمكىن.
تۆەنچاڭ جاۋاب بەرمەي، نېمە توغرىسىدىكىن ئويلايتتى.

— باۋگاۋ تۆەنجاڭ،— دېدى بىر چېچىرىك كې-رىپ،— هوشىدىن كەتتى.
— تۇرمىگە ئەپكىرىپ تاشلاڭلار!
— جانابىي تۆەنجاڭ،— دېدى ئاسىمبەك يېلى-نىپ،— ئۇزلەرىدىن ئىلتىماس قىلىپ سورايمەن: بۇ ئوغ-رىنى ئۆلتۈرمىسەڭ، يەنە بىر پالاكەت تۇغدۇرىدۇ. بۇ پىكرىمنى قوبۇل قىلىشلىرىنى سورايمەن، بولمىسا...
— خوپ بولىدۇ،— دېدى تۆەنجاڭ ئۇنىڭ سۆزىنى كېسىپ،— مېنىڭ قارشىلىقىم يوق. ئەمما لۈجاڭنىڭ رازىلى-قىنى ئېلىش كېرەك. سىزنىڭ خىزمەتلىرىڭىز ئۈچۈن بۇنچى-لىك ئىش هېچنەرسە ئەمەس. كەچقۇرۇن جاۋابىنى بېرىمەن.
— رەهمەت، تۆەنجاڭ جانابلىرى، ئۇنى يوقىتىش مەسىلىسىنى ئۆزۈم ئىجرا قىلىمەن.
— لۈجاڭ يوقىتىشقا رازى بولسىلا، بۇ مۇمكىن، سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزغا بېرىمەن.
ئاسىمبەك تۆەنجاڭ بىلەن خوشلاشتى. ئۇ زىڭگىل-داپ ئاغرىۋاتقان ئىڭەكىنى چەكمەن چاپاننىڭ ياقىسى بىلەن ئوراپ چىقىپ كەتتى.

× × ×

ئەتىسى، خەلق ئارىسىدا، تۆگمەننىڭ گۇركىرەتمى-سىدىن خالىق ئەپەندىنىڭ جەسىتى تېپىلغانلىقى ھەق-قىدە خەۋەر تارقالدى ... كېيىمىدا بوغۇپ ئۆلتۈرۈل-گەننىڭ ئىزى بارمىش. جەسەتنى ئۆيىگە ئەپكەلگەندە

خوتۇنى ئارقا - ئارقىسىدىن ئۇچ تېتىم ھوشسىدىن كېتىپتىمەش...

**2**

لوجاك كىرىشى بىلەن ئۇلار قاتتىق كۈلكىسىنى توختاتتى ۋە ھۆرمەت بىلەن ئۇنى قارشى ئېلىشتى.

— بۈگۈن كۆڭلۈڭلار خوش تۇرىدىغۇ،— دېدى لوجاك ئولتۇرۇپ، — تۇندە ئۇ جايىدا بولغان ئوخشايدۇ - دە.

ھەممىسى كۈلۈشۈپ قويدى. لوجاك تۇەنجاڭغا يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى ۋە:

— خوش! — دېدى ئۇ، — خىزمەتچىڭىزنىڭ ئۆتمۈشىنى تەكشۈرۈپ باقتىڭىزمۇ؟

— تەكشۈردۈم،— جاۋاب بەردى تۇەنجاك، — ئۇ ئۈزۈندىن بېرى خىزمەتچى بولۇپ كەلگەنىكەن. بۇلتۇر سايلام بولغاندىن كېيىن، ئېلى ئوغرىلىرى تەرىپىدىن بىز تەرەپكە كىرگۈزۈلۈپ يوشۇرۇن خىزمەت قىلىپ يۈرگەنىكەن. لېكىن ئۇنىڭدىن گۇمانلىق بىرەر ھالىتى سېزىلمىگەنىدى.

— ئۇ توغرىسىدا يەنە قانداق يېڭى ئاخباراتىڭىز بار؟— دەپ سورىدى لوجاك.

— قاتتىق ئىزلىنىۋاتىمەن... قەيەرگە قاچقانلىقى مەلۇم ئەمەس. كېچىدىن بېرى مەلۇم بولۇشىچە شتاب سىياسىي بۆلۈمنىڭ ئۈچ پارچە مۇھىم دېلوسىنى...— ئۇ بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋام

قىلدى، — يەنە ئىككى دانە پىلىموتنى ئېلىپ قېچىپتۇ. كېتەر ئالدىدا قاماقتىكىلەرگە بىر نەچچە پارچە تەشۋىقات ۋارىقىسى تاشلاپ كېتىپتۇ.

— تېخى مۇنداق دەڭ! — بىر ئاز قىزىپ دېدى لوجاڭ، — شۇ قەدەر خەۋپلىك ئادەمنى قانداق ئىشەنچ بىلەن شۇنداق مۇھىم خىزمەتكە قويغانىدىڭىز؟

— ئۇيغۇرلاردىن سىياسىي خىزمەتكە مۇھىم بىر كىشى لازىملىقىنى سىزگە ئېيتقانىدىم. ئۇ بولسا گۇمانسىز دەڭ ئىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى ئاسىمبەك ئەپەندى...

— بۇنىڭدىن — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى كەستى سەنمۇجاڭ، — ئاسىمبەك ئەپەندىنىڭ كاپالىتى قاتتىق ئېتىبارغا ئېلىنغان بولسا كېرەك.

— شۇنداق، — دېدى تۇەنجاڭ، — ئاسىمبەك ئەپەندىنىڭ بىزگە ساداقەتلىك بىلەن ئىشلەپ كېلىۋاتقانلىقى ئېنىق بولغانلىقى ئۈچۈن...

— ئاسىمبەك ئەپەندى توغرىسىدا، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى لوجاڭ، — مېنىڭ گۇمانىم بار، نېمە ئۈچۈن ئۇ تەقدىم قىلغان كىشى بۈگۈن بىزگە شۇنچە زىيان يەتكۈزىدۇ؟ سىز تېخى ئۇنىڭ ساداقىتى ھەققىدە گەپ قىلمىسىز. ئۇنىڭ ساداقىتى سىزدىن كۆتكەن مەنپەئەتى بىلەن چەكلىنىدۇ. ئۇ ئەخمەق ئادەم. ئۇنىڭغا مەنسەپ، ئابروي بولسا بەس. ئۇ ياكى ئاڭلىق، ياكى ئاڭسىز رەۋىشتە بىر زىيانلىق ئادەمنى سىزگە تەقدىم قىلدى. ئەگەر ئۇ، ئاڭسىز تەقدىم قىلدى دېگەن تەقدىردىمۇ،

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىرەر مەنپەئەتكە ئېرىشمەكچى، بىز بولسىڭىز ئاسىمبەك ئەپەندىدىن مىننەتدارمىز – دە، ئېرى – بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەي، ئۇنى قوبۇل قىلغانسىز.

ئوتتۇرىدا ئۇزۇن جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.

— مېنىڭ قارارىم شۇ! — دېدى لۇجاڭ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — سىياسىي بۆلۈمىڭىزدىكى بۇ مەسىلىگە تېگىشلىك بىر نەچچە خىزمەتچىڭىزنى قاماش كېرەك... — ئۇ بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئاسىمبەك ئەپەندىنى بولسا ئۆزى ئۆلتۈرگەن مۇئەللىمىنىڭ ئارقىسىدىن يولغا سېلىش كېرەك.

تۇەنجاڭ قاتتىق سەسكەندى، يەر ئاستىدىن سەنمۇجاڭغا قاراپ قويدى، كېيىن بېشىنى تۆۋەن سالدى، ئۇ، ئاسىمبەك ئەپەندىگە ئۇرۇلغان كالتەكنىڭ بىر ئۇچىنىڭ ئۆزىگە تېگىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى.

ئۇ ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ دېدى:

— لۇجاڭ جانابلىرى! ئاسىمبەك ئەپەندىنىڭ بىزگە قىلغان خىزمىتى كۆپ ئىدى.

— قىزدىق ئىكەنسىز، — دېدى سەنمۇجاڭ، — پۇلىڭىز بولسا ئۇنداق ئەخمەقتىن يەنە بىرنى تېپىۋېلىش قىيىن ئەمەس. بىزگە نېمە؟ ئۇ ئۆلسە يەنە بىر چەنتۇ كېمىيىدۇ، خالاس.

— بۇنىڭدىن باشقا، — دەپ قوشۇمچە قىلدى لۇجاڭ، — ئۇ ھازىر بىزنىڭ بىر مۇنچە سىرلىرىمىزدىن خەۋەردار. بۇنىڭ ئۆزى بىلەنمۇ ئۇ، گەرچە بۈگۈن

www.uyghurkitap.com

پايدىلىق بولسىمۇ، ئاخىرى خەۋپلىك ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ھەرھالدا ئۇنداق ئادەملەرنىڭ يوقالغىنى بىز ئۈچۈن پايدىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

— بىزگە ئىشلەۋاتقان شۇنداق ئادەملەرگە يامان ئەسىر قىلىشنى مۇمكىن،— دەپ ئېتىراز بىلدۈردى تۇەنجاڭ.

— بۇنىڭ چارىسى ئاسان،— دېدى سەنمۇجاڭ ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ، — ئىشنى يوشۇرۇن پۈتتۈرسىز - دە، ئاممىنىڭ دىققىتىنى باشقا ياققا قارىتىپ قويۇسىز. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر پارچە ياسىما ھۆججەت كۆپايە قىلىدۇ.

تۇەنجاڭ سۈكۈت قىلدى.

— دېمەك قارارىمىز شۇ،— دېدى لۈجاڭ.— مەسىلىنى ئەپلەپ جايلاشنى سەنمۇجاڭ، سىزگە تاپشۇرىمەن.

ئۇ ئىشى بارلىقىنى بىلدۈرۈپ ئورنىدىن قوزغالدى.

3

ئىككى كۈندىن كېيىن كىشىلەر سېپىل دەرۋازىسى ئالدىغا مۇنداق بىر ئېلان چاپلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈشتى:

«... بۈگۈن تۈنىدە بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز كەچكى تەكشۈرۈشكە چىققاندا سېپىل ياقىسىدىن بىر ئۆلۈك تېپىپتۇ، تەكشۈرۈپ قارىغۇدەك بولساق، بۇ ئاسىمەك ئەپەندىنىڭ جەسىتى ئىكەن. دەرھال چارە قىلىشىمىز نەتىجىسىدە قاتىلنىڭ بىرسى تۇتۇلدى. تەكشۈ-

رۇشتە مۇندان نەتىجە چىقتى: ئاسىيەك ئەپەندى گومىنداڭغا سادىق ئادەم بولغىنى ئۈچۈن، توپىلاڭچى ئوغرىلار بۇ كىشىگە سۈيقەست قىلىشقا كۆپتىن بې-رى تەييارلىنىپ يۈرگەنىكەن. ئاخىرى بۈگۈن كېچە ئاسىيەك ئەپەندى بىر دوستىنىڭ ئۆيىگە كېتىۋات-قاندا ئوغرىلار توتۇۋېلىپ پىچاق تىقىپ ئۆلتۈر-گەن. قاتىللارغا ئەلۋەتتە قاتتىق جازا بېرىلگۈسى. ئاسى-يەك ئەپەندىنىڭ ئائىلىسىگە ئۇنى يەرلىككە قو-يۇش ئۈچۈن بىر مىليون يۈەن ياردەم قىلغانىنىڭ سىرتىدا پۇقرالارنىڭ بۇنداق ئوغرىلاردىن پەخەس بولۇپ يۈرۈشلىرى ئۈچۈن بۇ ئاگاھلاندۇرۇش ئېلانى چىقىرىلدى...»

... نوجاڭ.

جۇڭخۇا مىنگو 35 - يىل، 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى

× × ×

تامدىكى ئېلاننى ئوقۇپ تۇرغانلارنىڭ ئىچىدە غە-جىم رومال بىلەن يۈزىنى ياپقان بىر ياش چوكانمۇ بار ئىدى. ئۇ قانداقتۇر بىر تۈيغۇ بىلەن ئاچچىق كۈلۈم-سىرىدى. بۇ، ئۇنىڭ ئېرى خالىق ئەپەندىنىڭ ئۆلۈمى-دىن كېيىنكى بىرىنچى قېتىملىق كۈلۈمسىرىشى ئىدى.

ئۇ، مەكتەپ كوچىسىغا بۇرۇلۇپ خىيالغا پاتقان هالدا يۈرۈپ كەتتى.

— قىساس،— دېدى ئۇ، خىيالىدىن نەتىجە چى-قارغاندەك، مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كېتىۋېتىپ.

1947 - يىل، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئەۋلىيا ئاتا

«جاھان سارىغى — ئەۋلىيا ئاتا» — مەن كونا جەمئىيەتتە ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن نۇرغۇن نامراتلار ئىچىدىكى بىرسى ئىدى...

## 1

1930 - يىلىنىڭ قىشى، قەشقەرنىڭ ئۈستى-يېپىق قارائىغۇ رەستىسىدە ئەۋلىيا ئاتا سوكۇلداپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ بار - يوق كىيىمى — بىر تاغار، تاغارنىڭ تېگىدىن تۆشۈك ئېچىپ بېشىغا كىيىۋالغان بولۇپ، ئىككى بۇرجىكىدىن ئىككى قولىنى چىقىرىپ ئالغان. ئۇنىڭ قويۇق قارا چاچلىرى گەجگىسىگە چۈشۈپ، كېلىدىن ھالقىغان ساقال - بۇرۇتى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن؛ بويى قامەتلىك، كۆزلىرى قاپقارا، مەنالىق ئويناپ، ئەتراپقا تىكىلىپ تۇرىدۇ؛ بۇرنى قاڭشالىق، قاشلىرىنىڭ ئارىسى بىر ئاز تۈرۈلگەن، چىرايى قارامتۇل... قولىدا تاياق، يېنىغا قورسىقى توغرىسىغا كېسىلگەن بىر قاپاق ئېسىلغان...

ئەۋلىيا ئاتا كېچە - كۈندۈز، قىش - ياز مانا مۇشۇ قىياپەتتە كىشىلەر ئارىسىدا پەيدا بولىدۇ. قىش كۈنلىرى سوغۇققا پەرۋامۇ قىلمايدۇ، يالىڭاياقلىرى بىلەن قار - مۇزنى غاچىلدىتىپ دەسسەپ ماڭىدۇ. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەپ «ئەۋلىيا ئاتا» دەپ ئاتايدۇ. ئىچ ئاغرىتىدۇ، غەمخورلۇق قىلىدۇ، پۇل ۋە تاماق بېرىدۇ. ئوچاق تۆۋىدە ئولتۇرغۇزۇپ ئىسسىندۇرىدۇ. بايلار ئۇنى ياخشى كۆرمەيدۇ. چۈنكى ئۇ بايلارنى يامان كۆرىدۇ.

ئەۋلىيا ئاتىنىڭ ماكانى — شەھەر سىرتىدىكى يۈسۈپ قىدىرخان گۈمبىزىنىڭ يېنىدىكى بىر كىچىك كونا گۈمبەز (گايىدا ئايلاپ يوقاپ كېتىدۇ، ئاخىرى يەنە بۇ جايغا قايتىپ كېلىدۇ). ئۇنىڭ مۈلۈكى — ئۈچ پۇتلۇق بىر كونا داڭقان (سۇنۇپ كەتكەن بىر پۇتى ئورنىغا تاش قويۇلغان)، بىر ھېجىر، بىر ياغاچ ئاياق، بىر پۇچۇق ياغاچ چۆمۈچ، بىر ياغاچ قوشۇق، جوغىسى سۇنۇق بىر ئۆرۈق، گۈمبەزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوچاق، بىر چېتىدە قوناق شېخى ئۈستىگە بىر كونا پالاس تاشلانغان... مانا بۇلار ئۇنىڭ مۈلۈكى، ئۆي بىساتى...

ئەۋلىيا ئاتىنىڭ ئادەتتىكى ھەرىكىتى — سەھەر قوپۇپ سوكۇلداپ يىراقلارنى ئايلىنىپ كېلىش، چۈشتىن كېيىن شەھەرنى بىر ئايلىنىپ چىقىش، كەچلىكى ئۆلپەتلىرى بىلەن پاراڭلىشىش، مەشرەپ ئوقۇش، قىسسە ئېيتىش. تولاراق ئۇلار دىۋانە بوۋايدىن يۈسۈپ قىدىرخان توغرىسىدا قىسسەلەر ئاڭلايتتى.

— ئەنە ئەۋلىيا ئاتا شەھەر رەستىسىدە كېتىپ بارماقتا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇ ئاۋايلىغاندەك، سالماقلىق بىلەن بەستىنى ئالدىغا ئې-گىپ مەزمۇت قەدەم باسماقتا. ئۇ، گوگۇلداپ بىر نىمىلەر-نى سۆزلىگەندەك قىلىدۇ، يىقىنراق كەلگەندە، پەس ئا-ۋاز بىلەن بىر نەرسە ئوقۇۋاتقانلىقى بىلىنىدۇ، يەنە يىقىنراق كەلگەندە، ئۇنىڭ بىر خىل مۇڭلۇق ئاھاڭدا مۇ-لۇ ناخشىنى ئېيتىۋاتقانلىقى ئاڭلىنىدۇ.

پەلەكنىڭ چارقى چۆرۈلدى،
مېنىڭ مەيخانەم ئۆرۈلدى.
شارابىن ئىچكۈچە ئەپسۇس،
گۆزەلنىڭ جامى ئۆرۈلدى.

گۆزىلىم، ئاي گۆزىلىم
ئۆز جۇپتىدىن بولدى جۇدا.
ئەرشى - ئالەمدىن كېلۇر،
ھۇرلەر بىلەن چالغان سادا.

لەنەتى زۇلمەت زامان،
يوقسۇلنىڭ ھالى يامان.
بولغۇسى ئاخىر يورۇقلۇق،
يۇرت پاراۋان، ئەل ئامان.

2

ئەۋلىيا ئاتا بۈگۈنمۇ ئادىتى بويىچە ئەتىگەن قوپ-

مى. گۈمبەزدىن چىقىشىغا ئەمدى كۆتۈرۈلگەن قۇياش نۇرى ئۇنىڭ كۆزىنى قاماشتۇردى. ئۇ، ئاستا قەدەم تاشلاپ چوڭ يولغا چىقتى. كېيىن سوكۇلداپ يول چېتى بىلەن يۈرۈپ كەتتى...

ئەنە ئۇ، قىزىلنىڭ كۆۋرۈكىگە باردى. ئىككى كۆۋرۈك ئارىلىقىدىن سولغا بۇرۇلۇپ ياپيېشىل چىمەنلىك مەيدانغا قاراپ كەتتى. يېڭى كۆتۈرۈلگەن تومۇز قۇياشى ئۇنى قىزىتتى. پېشانىسىدىن تەر ئاققىلى تۇردى. ئۇ، قىزىل دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا بېرىپ، كىيىمىنى يېشىدىن چىقىرىپ بەرگە قويدى - دە، قىزغۇچ سۇغا سۇڭگۇدى ... بىر پەستىن كېيىن چىقىپ خالتا كىيىمىنى يېشىغا كىرگۈزدى. ئاندىن يېشىل مەيداننى بىر ئايلىنىپ «تۆيى» گە قاراپ يۈرۈپ كەتتى...

ئۇ، چۈشكە يېقىن شەھەرگە قاراپ ماڭدى. قۇم دەرۋازىسىنىڭ گۈزىرىگە كەلگەندە كىشىلەر ئۇنىڭغا ئېتىبار قىلىشقا باشلىدى. بەزىلەر سالام قىلدى. بەزىلەر تۇرلۇك قىياپەتتە ھۆرمەت بىلدۈردى. بىر توپ بالىلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ «ئەۋلىيا ئاتا، ئەۋلىيا ئاتا!» دەپ ۋارقىراشتى. ئۇ قاپاقتىن بىر ئاز پۇل ئالدى - دە، بىر دۇكاندىن ئىككى چاڭگال ياڭاق ئېلىپ بالىلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەردى، سېپىل دەرۋازىسىغا يېقىن كەلگەندە بىر ئاشپەزخانىدىن بىر ئادەم چىقىپ ھۆرمەت بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئاشخانىغا كىرىپ چاي ئىچىشنى تەكلىپ قىلدى... ئۇ ئاشخانىدىن چىقىپ دەرۋازىدىن ئىچكىرىگە قاراپ ماڭدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆستەڭ بويىغا بۇرۇلۇپ، ئەتراپ-

www.uyghurkitap.com

قا سالغىن كۆز تاشلاپ، گودۇڭشۇپ ھېلىقى ناخشىنى ئېيتىپ ماڭدى. رەستىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغاندا ئۇ، بىر گەزمال دۇكىنىدا ئولتۇرغان سالاپەتلىك ئىككى ئادەمنىڭ بىرسىنىڭ ئەۋلىيا ئاتىنى كۆرسىتىپ: «ئا... ساراڭ كەلدى» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ بېرىپ بېشىغا بادام دوپپا كىيگەن، ئۇزۇن پەشمەت ئۈستىدىن شايى رومال باغلىغان بىرسىنى ياتىسىدىن ئېلىپ شۇنداق چاپسانلىق بىلەن پوكەيدىن تارتىپ تۆۋەنگە چۈشۈردىكى، بۇ ئىشنىڭ قانداق چاپسان بولغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى. ئۇ، ئالدىدا تىترەپ تۇرغان بايۋەچچىگە قاراپ: «كىم ساراڭ خۇمپەر، ئادەمخور! ئاغزىڭدىكى قاننى چايقىۋېتىپ گەپ قىل!» — دەپ، مۇشتۇمىنى غەزەپ بىلەن كۆتۈردى... بىر نەچچە كىشى: «ۋاي ئەۋلىيا ئاتا، خاپا بولمىسىلا...» — دەپ تۇسۇۋېلىشتى. ئۇ: «خەپ!» — دەپ قويۇپ، بايۋەچچىنى پوكەيىنىڭ تۆۋىگە ئىتتىرىۋەتتى.

ئۇ، بىردەم ماڭغاندىن كېيىن بىر گەزمال دۇكىنىغا بېرىپ سودىگەرگە: «قېنى باي، بىر تەڭگە چىقار» — دېدى. باي ئىنجىقلاپ ئۇياق - بۇياققا قارىغاندىن كېيىن ئەۋلىيا ئاتىنىڭ غەزەپ بىلەن تىكىلىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ: «خوش، ھازىر... مانا» — دەپ بىر تەڭگىلىك قەغەز پۇلدىن بىرنى چىقاردى. ئۇ، پۇلنى ئېلىپ ئۆستەڭ بويىدىن ھېيتكارغا قاراپ ماڭدى. بۈگۈن جۈمە كۈن بولۇپ، كىشىلەر ئەمدى جۈمە نامىزىدىن چىقىپ ھېيتكار مەيدانى قاينىغانىدى: ھەر خىل ئاۋازدىكى قۇلاقنى يارغۇدەك ۋارقىراش - تۇۋلاشلار؛ نامازدىن چىقىپ كېتىپ بار-

غان سالاپەتلىك بايلار؛ ئۇزۇن ساقاللىق، سەللىلىك مول-لىلار... يېرىم يالىڭاچ، بېشى تۆۋەن نامراتلار، قوللىرىنى سوزۇپ سازا قىلىۋاتقان ئەر - ئايال دىۋانىلەر... ئەنە يۆلىرىگە كونا تور رومال يېپىپ ئولتۇرغان ئىككى قىز، كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئېزىدىغان ئاھاڭدا ناخشا ئېيتماقتا:

پاتىمەمنىڭ كۆڭلەكى،
يەتمىش يەردىن ياماقى.
خورمىنىڭ ياپراقىدا،
ياماپ كىيگەن پاتىمەم.
...

ئەۋلىيا ئاتا ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئازراق ئاڭلىدى. كېيىن قىزلارنىڭ ئالدىكى يەرگە سېلىنغان كىر ياغلىقنا بىر تەڭگە تاشلىدى. بۇنى كۆرۈپ، ئەتراپتا تۇرغانلار 5 — 10 پۇڭدىن تاشلىدى.

كىشىلەر ئەۋلىيا ئاتا بىلەن سالامىشىپ بەزىلىرى يانچۇقلىرىنى كولاپ پۇل بەرسە، ئوقەتچى، باققاللار سامسا، گىردە، ياڭاق، گۆلە، كىشمىش... بېرەتتى. بۇ نەرسىلەرنى ئۇ بويىندىكى قاپاققا سالاتتى، بىرسى: «نامازلى ياخشى ئوقۇپ ئا'غانلا، ئەۋلىيا ئاتا» دېگەندى. ئۇ كۆلۈپ قويۇپ ھېلىقى ناخشىنى پەس ئېيتىپ يارباغقا قاراپ مېڭىپ كەتتى.

يارباغ رەستىسىدە بىر سۆلەتلىك دۇكاننىڭ سۇپىسىدا سالاپەتلىك كىيىنگەن بىر ئادەم چازا قۇرۇپ، بىر

چوڭ ياستۇقنى قولتۇقلاپ تەسۋى تارتىپ ئولتۇراتتى. ئۇ-
نىڭ ئالدىكى دۈگىلەك پەس شىرە ئۈستىدە بىر چەينەك
كۆك چاي قۇيۇلغان ئۈچ پىيالە تۇرۇپتۇ. ئۈچ باي شى-
رە چۆرىسىدە ئولتۇرۇپ خۇشال سۆزلىشىۋاتاتتى. ئەۋلى-
يا ئاتىنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ تەرى بۇزۇلدى،
شېرىن پاراڭلىرى توختاپ قالدى. ئەۋلىيا ئاتا تەسۋى
تارتىپ ئولتۇرغان ئادەمگە قاراپ:

— بايۋەچچە، بەش تەڭگە چىقارسىلا، — دېدى بۇي-
رۇق قىلغاندەك.

— بەش تەڭگە؟ — دېدى ھودۇقۇپ باي، — نەدى-
كى بەش تەڭگە، تېخى نامازدىن چىقىپ بىر تەڭگىلىك
سودىمۇ قىلمىدىم.

— مانى پۇراپ باقسىلا، نېمە پۇرايدىكەن، — دې-
دى ئەۋلىيا ئاتا قارامتۇل يوغان مۇشتۇمىنى باينىڭ بۇر-
نىغا تەگكۈزۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ كەۋدىسى بىر ئاز ئالدىغا
ئېگىلىپ، قوشۇمىسى تۈرۈلگەنىدى.

— خوپ... ھە... ھازىر، — تىترىدى باي، كېيىن
ئۇياق - بۇيىنىنى ئاختۇرۇپ بىر تەڭگىلىك تىيىندىن بەش-
نى چىقىرىپ ئەۋلىيا ئاتىغا ئۇزاتتى.

— ھى... — دېدى ئەۋلىيا ئاتا مىيىقىدا كۈلۈپ، پۇلنى
ئېلىپ قاپاققا تاشلىدى، — بەرمەسكە ئىلاجىڭ قانچە؟
قانلاردىن ياسالغان پۇللار بۇ، سېنىڭ ئەمەس، بىزنىڭ...
قارىغىنا، ئاغزى - بۇرنۇڭدىن قان ئېقىپ تۇرىدۇ... — ئۇ
سۆزلىگەچ رەستىگە مېڭىپ كەتتى.

ياراباغ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۇ بىر سام-

سپەزنىڭ ئۆزە تۇرۇپ بىر قولى بىلەن قولىقىنى تۇتۇپ ۋارقىراۋاتقانلىقىنى تاماشا قىلىپ قاراپ تۇردى.

ھەي!.. ياغ يەپ كەت، ياغ يەپ كەت.
شىكەر يەپ كەت ئوغۇلباللا.
قوزا گۆشىدە قىلغان،
ئىچىگىدە مەرىمسە ھېساب ئەمەس،
يالغان بولسا پۇل بەرمە.
ھەي!.. ياغ يەپ كەت، شىكەر يەپ كەت ئوغۇلباللا...

ئەۋلىيا ئاتا سامسپەزنىڭ يېنىغا بىرىپ ئۇنىڭ قولىقىنى تۇتقان قولىنى تارتىپ چۇشەردى ۋە ئۇنى توۋلاشتىن توختاتتى:

— بولدى ئاغىنە، داداڭدىن قالغان مىراسنى توۋلاۋەرمە، باشقىسى راست بولسىمۇ قوزا گۆشى يالغان، ھەممىسى ئۆچكە گۆشى، قانداق تاپتىممۇ؟

— ھ... ھ... — دېدى سامسپەز دۇدۇقلىنىپ، — ئەمدى ئۇيا غىنى ئاچمايمىز - دە، ئەۋلىيا ئاتا، قانداق، قىزىقىدىن ئىككىنى...

— ياق، ئوننى بەر، — دېدى ئەۋلىيا ئاتا،قاپاقتىن بىر تەڭگە چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى.

— ياقەي، بۇ... كېرەك ئەمەس، — دېدى سامسپەز پۇلنى قايتۇرۇپ.

ئەۋلىيا ئاتا پۇلنى ئۇنىڭ چىكىسىگە، ئاق دوپپىسىنىڭ قىرغىقىغا قىستۇرۇپ قويدى، كېيىن ئۆزى بېرىپ تونۇر ئۇستىدىكى سامسالاردىن ئوننى ئېلىپ قاپاققا سالدى - دە، توپتوغرا مېڭىپ سېپىل دەرۋازىسىنىڭ بىر چېتىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىكى www.uyghurkitap.com

قاتار ئولتۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان دىۋانىلەرنىڭ ئالدىغا باردى. دىۋانىلەر ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىشتى. ئۇ، سامسىلاردىن بىر قانچىنى قاپاقتىن ئېلىپ دىۋانىلەرگە ئۈلەشتۈردى. سەككىز دىۋانىغا بىردىن بەردى. بىردىنى ئۆزى يېدى، دىۋانىلەر سامسىنى يېمەي قويۇنلىرىغا سېلىشتى.

ئەۋلىيا ئاتا لوككۇلداپ مېڭىپ، گوككۇلداپ ناخشا ئېيتىپ، دەرۋازىدىن چىقىپ تۆۋەنلىدى. يارباغ مەسچىتىنىڭ ئالدىغا بارغاندا ئۇنىڭ كونا ئەپكەش دوستى ئىككى سوغا سۇ ئارتقان ئېشىكىنى ھەيدەپ. تۆمەن دەرياسى تەرەپتىن چىقىپ كەلدى.

— ھوي ھېيتىم! — دېدى ئەپكەش ئەۋلىيا ئاتىغا قاراپ، كېيىن بىر قولى بىلەن ئېشىكىنىڭ بوينىدىن تۇتتى، — نەگە ماڭدىڭ؟

— سەن تېخىچە مېنىڭ ئېتىمنى ئۇنتۇماپسەن، — دېدى ئەۋلىيا ئاتا كۈلۈپ، — نەدىكى «ھېيتىم؟» ھېيتلار ئاللىقاچان ئۇ دۇنياغا كەتتى.

— قەدىناسلىق ئۇنتۇلۇپ كەتمەيدۇ -دە، ئاداش، — دېدى ئەپكەش. ئىككى دوست بىردەم ئەھۋاللاشتى. ئەۋلىيا ئاتا قاپاقتىن بىر سامسىنى ئېلىپ دوستىغا بەردى -دە، تۆمەن دەرياسى بويىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى...

ئۇ، تۆمەن دەرياسى بويىغا بېرىپ ئولتۇردى. پۇت-قولىنى يۇيۇپ بىردەم ھاردۇق ئالدى. كېيىن دەريا بويلاپ تۆۋەن يۈرۈپ كەتتى... ئۇ، تۇشۇك دەرۋازىسىنىڭ كۆزنىرىدە بىردەم ئايلاندى، كېيىن مازارغا قاراپ مېڭىپ كەتتى...

3

ياز كۈنلىرىنىڭ يېقىملىق كېچىسى، پارقىراپ چىققان يۇلتۇزلار ئاسماندا چىمىرلاپ كۆز بىلەن ئويۇنىشىدۇ. ئەنە، كۈن چىقىشتىن ئون بەش كۈنلۈك ئاي دۇپپىدۇگىلەك كۈمۈش پەتنۇستەك ئاستا كۆتۈرۈلدى. يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ھەيۋەتلىك گۈمبىزىنىڭ يېشىل كاھىشى پارقىرىدى. جاھان يورۇپ كۈلگەندەك قىلدى... تەبىئەت گۈزەل، كىشىگە زوق بېرىدىغان كېچە... ئەمما نەدىكى زوق دەيسىز؟ ماتىتەينىڭ يامۇلىدا يېشىل چىراغ نۇرىدا، باي - غوجاملارنىڭ «دۆلەت باغ» «نەزەر باغ» لىرىدا، خىلۋەت سارايلىرىدا قاقاقلاپ كۈلۈپ «زوق» ئېلىۋاتقانلار بولغىيدى، لېكىن، ئۇ ئېغىز - بۇرۇنلىرىدىن قان يۇراپ تۇرغان قانخورلارنىڭ ئېچىلماي سۇلغان سانسىز بىچارە جانلار ھېسابىغا قىلىۋاتقان ئىشى - ئىشرەتلىرى... لېكىن، نامراتلار زارلىماقتا، قەشقەر نالە قىلماقتا. ئىڭرىماقتا... قەيەردىدۇر، يىراقلاردا دەھشەتلىك گۈلدۈرمامىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانماقتا...

ئەۋلىيا ئاتا ئويچان ھالدا كېلىپ «ئۆيى» تېمىغا يۆلىنىپ ئايغا قاراپ ئولتۇردى. تومەن دەرياسىنىڭ ياقىلىرىدىكى سۇۋادان تېرەكلەر ئارىسىدىن ئەمدى كۆتۈرۈلگەن تولۇنئاي گوياكى ئەۋلىيا ئاتىغا قاراپ كۈلەتتى. ئۇنىڭ پېشانىسىنى سىلايتتى. ئەۋلىيا ئاتا بىر ۋاقىتلاردا گۈزەل قىز بىلەن كېچىلىرى ئايغا قاراپ ئۇزاققىچە شې-

ۋىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانلىرىنى ئەسلەپ چوڭقۇر خىيال-
غا چۆكۈپ كەتتى... ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتمۈشنىڭ
سۈرەتلىرى تىزىلىپ ئۆتمەكتە.

ھېيتىم ئون يېشىدىلا دادىسىدىن يېتىم قالدى. دا-
دىسى ھامماللىق قىلاتتى. بىر كۈنى ئېغىر يۈك بىلەن
يىقىلىپ بېلى سۇنۇپ ئۆلۈپ كەتتى. ئانىسى چاق ئېگىرىپ مىڭ
بالالىقتا تىرىكچىلىك قىلدى. ھېيتىمنى چوڭ قىلدى. بىر
نەچچە يىل ئۇنى كونا مەكتەپتە ئوقۇتتى. ھېيتىم كىچى-
كىدىلا دادىسىدىن قالغان ئارغامچىنى ئېلىپ ھامماللىققا
كىرىشتى. چىشىنى چىشلەپ 4 — 5 يىل ئەمگەك قىلدى.

بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى بازاردىن ئۆيگە ياناي
دەپ تۇرغاندا، بىر ئادەم ئۇنى باشلاپ «قوناق سارى-
يى»غا ئېلىپ باردى. ئۇيەردىن بىر تالاي يۈكنى يۈ-
دۈپ ھېلىقى ئادەمنىڭ كەينىدىن ماڭدى. بىر ۋاقىتتىن
كېيىن بىر كاتتا ھويلىغا كىردى. يەنە ئىچكەركى ھوي-
لىغا ماڭدى... پېشايۋاندىن ئۆتۈپ ئايلىنىپ باغ تەرەپكە
كىرگەندىن كېيىن يۈكنى بىر كىچىك ئامبارغا ئېلىپ كىر-
دى. ھېلىقى ئادەم: «تۇرۇپتۇر» دەپ كىرىپ كەتتى. قا-
راڭغۇ چۈشتى. ئۇ چىقمىدى. بىردەمدىن كېيىن پېشاي-
ۋاننىڭ نېرىقى چېتىدىكى بىر ئىشىك ئېچىلىپ، ئىككى
ئادەم كىگىزگە ئورالغان بىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ ئالدىراش
چىقىپ كەلدى. ئورالغان نەرسە تىپىرلايتتى، ئۇنىڭدىن
بوغۇق ئاۋاز ئاڭلىناتتى. ھېيتىم ئۆزىنى دالدىغا ئالدى.
ئاڭغۇچە ئۇلار ئورالغان نەرسىنى ئالدىراش ئېلىپ بېرىپ تال-
بارىگىنىڭ نېرىسىدىكى قۇدۇققا تاشلاشتى - دە، چاپانلىرىنى

قېقىپ كىرىپ كېتىشتى...

«ئەجەب ئىش؟! شۇنچە سىرلىق. ئالدىراش، كىگىز-لىك ئىچىدە ئادەم بولمىسۇن يەنە!؟» ھېيتىم مۇشۇنداق ئويلاپ تۇرۇشىغا ھېلىقى باشلاپ كەلگەن ئادەم چىقىپ ئۇنىڭغا بىر نەچچە پۇل بېرىپ كېتىشكە بۇيرۇدى. ئۇ تاشقىرىقى ھويلىغا چىققاندىن كېيىن، بىر چەتتىكى ئاتخا-نىغا ئاستا كىرىپ بىر پەس مۆكۈنۈپ ئولتۇردى. ئاندىن كېيىن ئىچكىرىدىن سوغا ئارتقان ئېشەكنى ھەيدەپ بالا ئەپكەش دوستى چىقتى. ھېيتىم ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئېيت-تى. قاراڭغۇ چۈشۈپ ھويلا - ئارام تىنجىغاندىن كېيىن ئۇلار ئاۋايلاپ باغقا كىردى. ئاستا بېرىپ قۇدۇققا قۇلاق سېلىشۇدى، بىرسىنىڭ بوغۇلۇپ يىغلاۋات-قان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەپكەش ئارغامچىغا ئېسىلىپ چۈ-شۈپ، بىر قىزنىڭ كىگىزدىن تۆشۈك ئېچىپ يۇقىرىغا قا-راپ يىغلاپ، بېلىگىچە سۇدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئەپكەش: «قورقما» دەپ چۆچۈپ كەتكەن قىزنى تىنجىت-تى ۋە، ئارغامچىنى لىڭشىتىپ ھېيتىمگە بىشارەت بەردى. ھېي-تىم ئۇنى ئاستا يۇقىرىغا تارتتى...

ئەۋلىيا ئاتا غەيرىتىگە ماختانغاندەك كۈلۈمسىرەپ قويدى، كېيىن يەنە خىيالغا كەتتى.

... مانا ئەۋلىيا ئاتىنىڭ ئۆيى — قومدەرۋازا تېشىدىكى بىر كونا يالغۇز ئۆي، كىچىككىنە ھويلا، بىر تۈپ ئۈجمە. ئۇنىڭ يېنىدا 2 — 3 كىشى پاتقۇ-دەك بىر سۇپا. ھېيتىمنىڭ ئانىسى سۇپىدا ئولتۇرۇپ قو-دۇقتىن چىققان قىزنىڭ چىكىشىپ كەتكەن سىكىلەكلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىكىپ، ياغاچ تارغاقنى ئاۋايلاپ تاراۋاتتىدى، ئۇ بىر ياق-
تىن تاراپ، بىر ياقتىن گەپ سورايدۇ:

— ئېتىڭ نېمە قىزىم؟

— گۈزەل.

— ئەجەب ياخشى ئات ئىكەن. ئېتىڭغا لايىق ئۇز قىز بوپسەن. ئۇلار سېنى نېمىشقا قۇدۇققا تاشلاشتى؟

— يەر ئاستىدىكى ئۆيدە سولاقلىق بىر ئادەمگە ئوغرىلىقچە نان بەرگىنىم ئۈچۈن.

— ئۇ كىم ئىكەن؟

— بىلمەيمەن، ئۇنى يوشۇرۇپ تۇتۇشىدۇ. قاتتىق قىينايدۇ.

— ھە، ھە، بۇنىڭدا چوقۇم بىر گەپ بار،— دېدى ئانا، بىر ئاز ئويلىنىپ — ئاتا - ئاناڭدىن قانداقچە ئايرىلىپ قالدىڭ؟

— ئاتا - ئانام يوق،— دېدى قىز ۋە گېلىغا بىر نەرسە تىقىلىپ قالغاندەك گەپ قىلماي تۇرۇپ قالدى ... — ئۇلارمۇ مۇشۇ بايىنىڭ ئۆيىدە جاپا چېكىپ ئۆلۈپ كەتتى، — ئۇ يېڭى بىلەن كۆز يېشىنى ئېيتتى.

— كۆڭلۈڭنى بۇزما قىزىم، مانا مەن ئاناڭ، مانا ماۋۇ ھېيتىم سېنىڭ ئاكاڭ،— ئانا ئوجمىگە يۆلىنىپ قىزغا تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرغان ھېيتىمنى كۆرسەتتى، ھېيتىم «شۇنداق» دېگەندەك كۈلۈپ قوزغىلىپ قويدى.

— يېشىڭ قانچىدە؟ — دەپ سورىدى ئانا، قىزنىڭ چېچىنى تاراپ بولۇپ.

— بىلمەيمەن، ئوجمە پىشىقىدا تۇغۇلۇپتىكەنمەن،

ئانامنىڭ ئېيتىشىچە، ئانام ماڭا تۇغۇت ئورنىدا ياتقاندا دادام باينىڭ بېغىدىن بىر دوپپا ئۈجمە تېرىپ ئېلىپ كېلىپ بېرىپتىكەن. مۇشۇ گۇناھى ئۈچۈن باينىڭ غالچىسى قاتتىق ئۇرۇپ دادام ئۈچ كۈن ياتقانمىش.

— ۋاي بىچارىلەيەي... داداڭمۇ يېشىڭنى ئېيتمىغانمۇ؟

— دادام، بالام، تۇغۇلغىنىڭىزغا يېرىم قەنە بولۇپ قالدى، دېگەنىدى.

— بۇ سۆزنى قاچان ئېيتقان؟

— ئۈچ يىل بولدىغۇ دەيمەن.

— ھە، ھە... ئۈچ يىل ئىلگىرى يېرىم قەنە دېگەن بولسا، بىر قەنەنى ئوتتۇز يىل ھېسابلىساق، يېرىمى ئون بەش، ئۇنىڭغا يەنە ئۈچ يىلنى قوشساق ئون سەككىز... گۈزەل قىز، ئون سەككىزگە كىرىپسەن، يېشىڭ يېتىپ قاپتۇ قىزىم.

گۈزەل نېمىشقىدۇ يۈزى بىر ئاز قىزىرىپ، ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى.

ھېيتىم قەددى - قامىتى كېلىشكەن بۇ قىزغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئانا چاچلىرىنى تاراپ، يۈز - كۆزىنى ئېيتىشتۇرغاندىن كېيىن گۈزەل تېخىمۇ گۈزەل بولۇپ كەتتى. ھېيتىم گۈزەلنىڭ ئىككى كۆزىگە تىكىلدى. قويۇق، ئۇزۇن قارا قاشلار ئاستىدا غەمكىن، لېكىن ئۆتكۈر بىر جۈپ قوي كۆز ھېيتىمگە «لاپ» قىلىپ بىر تىكىلدى - دە، كېيىن يەرگە قادالدى. ھېيتىم ئۇنىڭغا كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى تىترىگەندەك بولۇپ كەتتى. ئۇ قىزنىڭ يەنە قارىشىنى تەلمۈرۈپ كۈتەتتى، قىز قارىمىدى،

www.uyghurkitap.com

لېكىن ئۇ ھېيتەمنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغىنىنى پەملىدى بولغاي، ئاستا كالپۇكىنى يۇمشاققىنە چىشلەپ قويدى ۋە جىلۋە قىلىپ چىچىنى ئارقىسىغا تاشلىدى...

ھېيتەم بىر نېمىدېمەكچى بولۇپ تۇراتتى، ئىشىك ئېچىلىپ ھودۇققان ئەپكەش كىرىپ كەلدى.

— ۋاي ھېيتەم، ئىش چاتاق، — دېدى ئۇ پېشانە تەرىنى بەلبېغى بىلەن ئېتىپ، — بايلار قۇدۇقتا ھېچنېمە يوق، دەپ ھەممە ياقنى ئاختۇرغىلى تۇردى. يامۇلغىمۇ خەۋەر قىلىپتۇ. ئۇلار: «شۇ كۈنى ئاخشام ھويلىغا كىرگەن ھاممال كىم ئىدى؟» دەپ سۈرۈشتە قىلىۋاتقۇدەك.

ھەممىسى چۆچۈدى. قىز ئانىنىڭ بېقىنىغا سوقۇنۇپ ئۇنى قۇچاقلاپ ئالدى. ھېيتەم ئورنىدىن قوپۇپ بېرىپ ئىشىكنى ياپتى.

— قانداق قىلىش كېرەك؟ — دېدى ئۇ ئەنسىرەپ.

ئۇيان - بۇيان ئويلاشقاندىن كېيىن ئانا چارە تاپتى. ھېيتەم بىلەن گۈزەلنى پاختەكلىدىكى ھاماچىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئەھۋال بىلىشقۇچە چەتتىرەك تۇرۇشنى ئېيتتى. ھېيتەم بىلەن گۈزەل ئۆيدىن چىقىپ، كوچىلاردىن ماراپ ئۆتۈپ يۇسۇپ قادىرخان مازىرىنىڭ ئىچىدىكى بىر گۈمبەزگە مۆكۈپ كەچ قىلىشتى. قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن پاختەكلىگە چىقىپ كەتتى.

ئەۋلىيا ئاتىنىڭ قوشۇمىسى ئېچىلدى. ئۇ ئورنىدىن قوزغىلىپ قويدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا سىرداش يېزىسى پەيدا بولدى.

ھېيتەم بىلەن گۈزەل ھاماچىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ

تۇردى. گۈزەل ھامماچىسىغا چاق ئېگىرىپ ياردەم قىلى-
دۇ. ھېيتىم شولاقتىن تۇز ئەپكىلىپ ساتىدۇ. بەزىدە ئەت-
دىشە پەيدا بولغاندا ھېيتىم بىلەن گۈزەل كۈندۈزى پاخ-
تەكلىنىڭ يۇقىرىسىدىكى قومۇشلۇققا بېرىپ مۆكۈپ ياتى-
دۇ. كېچىسى قايتىپ كېلىدۇ. ھېيتىم ئارىلاپ كېچىسى بې-
رىپ ئانىسىغا ياردەملىشىپ ھال - ئەھۋال ئۇقۇپ قايتىدۇ.

ھېيتىم گۈزەلگە خەت ئۆگەتتى. گۈزەل تىرىشىپ
ئۇزاق ئۆتمەي ساۋاتىنى چىقىرىپ ئالدى. ئاندىن ئۇلار
ھامماچىسىنىڭ ئۆيىدىكى يۇقىرىقى تەكچىدە توپا بېسىپ
ياتقان كونا كىتابلارنى ئوقۇيدىغان بولدى. تەكچىدە ھام-
ماچىسىنىڭ ئېرىدىن قالغان دىنىي كىتابلاردىن باشقا يە-
نە تارىخ، ئەدەبىيات توغرىسىدىكى كونىچە قوليازمىلار
باركەن. «ناۋايى»، «زەلىلىي»، «مەشرەپ»، «يۇسۇپ -
زىلەيخا» پارچىلىرىمۇ باركەن، بۇلارنى ئوقۇۋېرىپ ئۇ-
لارغا ياد بولۇپ كەتتى. بۇ كىتابلار مۇشۇ بىر جۈپ ياش-
قا خېلى - خېلى نەرسىلەرنى ئېيتىپ بەردى. ئۇنىدىن
باشقا ئۇلار خەلقنىڭ ناخشا - قوشاق بېيىتلىرىنى، ھې-
كايە - چۆچەكلىرىنى قىزىقىپ ئاڭلايدىغان، ئۇنىڭدىن
بەھرى ئالىدىغان ۋە گۈزەل بىر ئوبدان ناخشا ئېيتى-
دىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ھېيتىمدىن توختىماي ھەر خىل
سوئاللارنى سورايتتى، ھېيتىم ئۆزى بىلگىنىچە جاۋاب
بېرەتتى. سوئاللارنى بىللە يېشەتتى. لېكىن «دۇنيادا نې-
مە ئۈچۈن مۇشۇنداق تەڭسىزلىك بولىدىغاندۇ؟» دېگەن
سوئالغا جاۋاب تاپالماي باشلىرى قاتاتتى.

ھېيتىم بىلەن گۈزەل يات - يېزىنىڭ يۇقىرى-

سىدىكى قومۇشلۇققا بېرىپ ھەم كۆزدىن يىراق بولۇپ ھەم ئوينىشىپ قايتاتتى. مانا شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرى ئۇلار قومۇشلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتكەن ئۆستەڭ ياقىسىدىكى يېشىل چىملىقتا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىپ، تەڭلا خىيالغا چۆكۈپ قالدى. ھېيتەم بىر چىۋىقنى سۇغا سېلىپ سۈزۈك سۇ بىلەن ئوينىشىپ خىيال قىلاتتى. گۈزەل بىر تال ئوتنى چىشلەپ ئۆستەڭ بويىدىكى مەجنۇن تالنىڭ سۇغا ساڭگىلاپ تۇرغان «چوكانتال»لىرىغا قاراپ خىيال قىلاتتى. ئەنە بىر جۈپ سېرىق قۇچقاچ كېلىپ سۆگەتكە قوندى. گۈزەل ھېيتەمنىڭ قولىدىكى چىۋىقنى بېسىپ ئۇنىڭغا قۇشقاچنى شەرەت قىلدى. ئىككى قۇشقاچ ئاۋۋال ۋىچىرلىشىپ چىرايلىق سايراشتى. كېيىن قاناتلىرىنى كېرىپ بىر - بىرىنىڭ تۇمشۇقىنى چوقىدى. ئۇندىن كېيىن بىر نېمىنى تۇيغاندەك چۆچۈپ باشلىرىنى كۆتۈردى - دە، «پۇر» قىلىپ ئۇچۇپ كەتتى. گۈزەل ھامان خىيال قىلىپ قۇشقاچلار ئۇچۇپ كەتكەن تەرەپكە قاراپ تۇردى. كېيىن بېيىت ئېيتتى:

گۈزەل: ئىككى قۇشقاچ ئۇچتى جۈپ، ماكانىغا قايتارمىكىن،
ئايلىنىپ پەرۋاز قىلىپ مۇرادىغا يېتەرمىكىن؟

ھېيتەم: ھېيتەم بىلەن گۈزەلگە ئاچتى باھار قوينىنى،
بۇ گۈزەل چىمەندە يايراپ ھۆسنىگە تولامدىكىن؟

گۈزەل: كىم بىلەركى بۇ پەلەكنىڭ چارقى قانداق ئايلىنار،
تەلمۈرۈپ قوش چوغ يۈرەك ئارمانىغا يېتەمدىكىن؟

ھېيتەم: قوش يۈرەكلەر رىشتىسى چىڭ، كىم ئۈزەلەيدۇ ئۇنى،
دوتەيى، باي غوجىسى قورقماي يېقىن كېلەمدىكىن؟



www.uyghurkitap.com

گۈزەل: يېنىمدا بولغاچقا شېئىر، بۆرە ماڭا پەسەنت ئەمەس،
كەر بالانەك دەشتىدە شېئىر، ئارقىمغا يانامدىكەن؟
ھېيتىم: يەڭمەت يادىماس سۆزىڭدىن، شېئىر يانمايدۇ ئىمزىڭدىن،
گۈزەلىم بولغاي ئەمىن، شېئىر ـ شېرىمگىن قىلمامدىكىن؟!

گۈزەل ھېيتىمنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزىگە «لاپ» قىلىپ قارىدى ـ دە، ئۆزىنى ھېيتىمنىڭ قۇچىقىغا يېنىك تاشلىدى. ھېيتىم ئۇنى باغرىغا بېسىپ پېشانىسىدىن سۆيدى. ئىككىلەن يېشىل چىملىققا دومىلىدى... ئۇلار چۆپلۈكتە ئوڭدا يېتىپ يەنە ئويغا كەتتى...

— گۈزەل.

— ھە...

— نېمە ئويلاۋاتىسەن يەنە؟

— ھە، ئۆزۈملا.

— توينى قاچان قىلىمىز؟

— توي بولغان كۈنى.

— قاچان بولاركەن؟

— بولغان چاغدا...

ئۇلار كۆپكۆك ئاسمانغا قاراپ ئۇزاقىچە ئوڭدا يېتىشتى... ئەۋلىيا ئاتا گۈمبەزگە يۆلەنگىنىچە خىيال قىلماقتا. شېرىن خىيال ئۇنى كۈلدۈردى. يېنىدا ياتقان گۈزەلنىڭ بېشىنى سىلىغۇسى كەلدى... لېكىن قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈش ئۇنىڭ خۇشاللىقىنى بۇزۇۋەتتى، ئەنە، بىر جۈپ سەرگەردان ياش كونا بوغجۇملىرىنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ شەھەرگە قاراپ كېتىپ بارماقتا. دەر-

يا بويىغا كېلىپ ئۇلار قارانغۇ چۈشۈشنى كۈتۈپ ئولتۇردى. قۇياش ئۇلارنى ئەكىلىتىپ تاغ ئارقىسىغا مۆكمەكتە... ئۇلار كېچىسى ئىشىكنى ئۇرغاندا ئانا ئىشىكنى ئېچىپ چۆچۈپ كەتتى. كېيىن گۈزەلنى قۇچاقلاپ كۆز يېشى قىلدى. ئۇلار خېلى مۇڭدىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ھېيتىم تالاغا چىققانىدى، يول ياقىسىدىكى تېرەكنىڭ ئارقىسىغا بىر قارا لەرسە يوشۇرۇنغاندەك قىلدى، ئۇندىن كېيىن ئۆينىڭ ئارقىسىدا بىر شەپە ئاڭلاندى. ھېيتىمنىڭ تېنى جۇغۇلداپ دەرھال ئۆيىگە يۈگۈردى... ئۇ ئەمدى ئەھۋالنى ئۆيدىكىلەرگە ئېيتىپ تۇراتتى، ئىشىك ئەنسىز ئۇرۇلدى... ئاڭغۇچە ئىشىكنى ئىتتىرىپلا قىلىچ، كالتەك تۇتقان 4 — 5 ئادەم سۇرلۇك كىرىپ كەلدى - دە، بىرسىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ھېيتىمگە يېپىشتى. ھېيتىم قارشىلىق كۆرسەتتى. بىر — ئىككىسىنى ئۇرۇپمۇ يىقىتتى، بولمىدى. ئاخىرى، ئۇلار ھېيتىمنى باغلاپ ئالدى. ئۇنى ئېلىپ ماڭغاندىن كېيىن، يەنە 3 — 4 كىشى كىرىپ، زارلاپ قاخشاپ تۇرغان گۈزەلنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ ماڭدى... ئانا داتلاپ يىغلاپ قاخشاپ قالدى...

... ھېيتىم يامۇل گۇندىخانىسىغا. گۈزەل باينىڭ دوزىخىغا تاشلاندى...

4

ھېيتىم گۇندىخانىنى دائىم قايغۇ بىلەن ئەسكە ئا-

لاتتى. ھازىرمۇ ئۇنىڭ قايغۇلۇق خىيالىدىن ئۇ قاراڭ-
غۇ زىندان ئۆتۈشكە باشلىدى: ئەنە گۇندىخانا — قىرىق،
ئەللىك كىشى قىستىلىپ ياتقان بىر پاسكىنا ئۆي، كۈن-
دۈزى كىشەنلەرنىڭ شاراقشىشلىرى، كېچىلىرى ئاغرىق «گۇ
ناھكار» لارنىڭ ۋاي- ۋايلاشلىرى كىشىگە ئارام بەر-
مەيدۇ. ئەتىگەنلىكى بىر ئاز ئاداپ بەرگەندىن كېيىن
«گۇناھكار» لارنى كويزا - كىشەن بىلەن يامۇل ئالدى-
دىكى ئېگىز تام ئالدىغا تىزىپ قويىدۇ. تاماقنى ئۆزلى-
رى تىلەپ يېيىشلىرى كېرەك. كايىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدىن
تاماق ئېلىپ كېلىپمۇ بېرىدۇ...

ھېيتەم گۇندىخانىدا قىرىق ياشلاردىكى بىر ئۇ-
قۇمۇشلۇق ئادەمنى ئۇچراتتى. ئۇ، ھېيتەمگە قىزىقتى،
ئىككىسى جەق سۆزلىشىدىغان بولدى. ئۇ ئادەم ھېيتەم-
گە دۇنيادىن، قەشقەردىن. شىنجاڭدىن نۇرغۇن ئىشلارنى
سۆزلەپ بېرەتتى. ھېيتەم كۆزى ئېچىلغاندەك بولۇپ قال
دى. ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ كاللىسىدا كۆپلىگەن سوئاللار
تۇغۇلىدىغان بولۇپ قالدى.

بىر كۈنى ھېيتەم يامۇل ئالدىدا «تىلەمچى» لىك قىلى-
ۋاتقاندا ئەپكەش دوستى كېلىپ ھېيتەمگە ئىككى گىردە
بەردى - دە، گۈزەلنىڭ ئەھۋالىنىڭ خارابلىقىنى، باي-
نىڭ ئازابلاۋاتقانلىقىنى، ئانىسىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى،
ھاممىسى ئارىلاپ خەۋەر ئېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى،
ھېيتەم كۈندۈزى قاتتىق ئويلىدى، كېچىسى دومىلاپ ئۇخ-
لىمىدى. ئاخىرى ئۇ قېچىشقا قارار قىلدى. ياندۇرقى كې-
چىسى ھەممە ئۇخلىغاندا باشقىلاردىن ئۆگىنىپ ئالغان چا-

رە بىلەن بىر ئامال قىلىپ كىشەننى بوشاتتى، تۈن يې-
رىمىدىن ئۆتكەندە ساقچىنىڭ ئېرىنغا ماڭغىنىدىن پاي-
دىلىنىپ ئاستا ئىشىكتىن چىقتى - دە، بىر بۇلۇڭدا مۆ-
كۈپ بىر پەس ئولتۇردى. كېيىن ئىككى ھويلا تاملى-
رىدىن ئاتلاپ، كۈن پېتىش ياقتىكى جانان كوچىسىغا
ئۆتتى. بۇ خالتا كوچا بولۇپ، كوچىنىڭ ئۆستەڭبويى-
رەستىسىگە قارىغان دەرۋازىسى قۇلۇپلانغان، بىر جەسەك-
چى «تاك - تاك» قىلىپ كوچىدا مېڭىپ يۈرەتتى. چې-
قىشقا بولمايدۇ. ئۇ، بىر قۇرۇق ئېرىق كۆۋرۈكىنىڭ تې-
گىدە كېچىنى ئۆتكۈزدى. ئەتىسى دەرۋازا ئېچىلغاندىن
كېيىن جانان كوچىسىدىن چىقىپ ئايلىنىپ سېپىلنىڭ جە-
نۇبىدىكى مازارغا بېرىپ، بىر پۇچۇق گۈمبەزگە كىرىپ
ئۇخلىدى، كۈندۈزنى شۇ يەردە ئۆتكۈزدى...

يېرىم كېچە ... بىر چوڭ ھويلىنىڭ ياسىداق سا-
رىيىدا غۇۋا لامپا يورۇقىدا، قاتمۇ قات تاۋار يوت-
قاندا بىر يوغان قورساق ئادەم ئىشتانچاق پېتى يېتىپتۇ.
ئۇنىڭ يېنىدا سېمىز خوتۇنى ئىچ كۆڭلەك بىلەن تەتۈر
قاراپ خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. گۈزەل مۈگدەپ
باينىڭ پۇتىنى تۇتۇۋاتاتتى. مۇشۇ پەيتتە ھېيتەم بىر ئې-
گىز ئەنجان تامغا يامىشىپ چىقىپ كىرىپ باراتتى... ئۇ،
باغ تەرەپتىكى پېشايۋانغا قاراپ تۇرغان چوڭ دېرىزىنى
غەزەپ بىلەن تارتىپ ئاچقاندا، ئۆيدىكىلەر چۆچۈپ كەت-
تى، گۈزەل دېرىزىدە بۈركۈتتەك ئېتىلماقتا تەييار تۇر-
غان ھېيتەمنى تونىدى - دە، ئىختىيارسىز ئىككى قولى
بىلەن بېشىنى تۇتۇپ «ۋاي ھېيتەم» دەپ توۋلىۋەتتى.

باينىڭ خوتۇنى: «ۋايجان، ئادەم بارمۇ!...» — دەپ ۋار-
قىرىغانچە ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. باي سەكرەپ قوپۇپ
چەتكە قاچماق بولۇۋىدى، لېكىن، ھېيتەمنىڭ كۈچلۈك
قوللىرى ئىككى دولىدىن تۇتۇپ تامغا قىستاپ قىمىرلات-
مىدى. باي ئارقىسىدىكى تەكچىدە تۇرغان كەكىنى ئېلىپ
ھېيتەمنىڭ بېشىغا كۆتۈرگەنىدى. ھېيتەم باينىڭ قول-
غا ئۇرۇپ كەكىنى ئىرغىتىۋەتتى. ئۇ قارىماي تۇرۇپ قو-
لىنى ئارقىسىغا سوندى، گۈزەل دەرھال يەردىكى كە-
كىنى ھېيتەمگە سۇنۇپ بەردى. ھېيتەم كەكىنىڭ چۆل-
دىسى بىلەن تىترەپ تۇرغان باينىڭ بېشىغا شۇنداق
قاتتىق ئۇردىكى، باينىڭ بېشى يېرىلىپ، مېڭىسى چاچراپ
چىقتى ۋە يەرگە يىقىلدى. ھېيتەم ئىككى قولى
بىلەن كۆزلىرىنى ئېتىپ بۇلۇڭدا تۇرغان گۈزەلنىڭ
قولىدىن تۇتۇپ ھويلىغا ئېتىلدى...

ھېيتەم ھويلا تېمىنىڭ ئۈستىدە ئىڭىشىپ گۈزەلنىڭ
قولىدىن تارتىۋاتاتتى، تاشقارقى ھويلىدىن كىرگەن كال-
تەكلىك ئىككى ئادەم يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە گۈزەلگە ئې-
سىلدى ۋە ئۇنى تامنىڭ ئوتتۇرا بېلىدىن تارتىپ چۈ-
شۈردى. ھېيتەم دەرھال سەكرەپ چۈشۈپ كالتەكچىلەر
بىلەن ئېلىشىپ ئۇلارنى ئۇرۇپ دومىلىتىۋەتتى؛ ئۇ، يە-
نە يامىشىپ تامغا چىقتى. گۈزەلنى قولىدىن تارتتى...
بىر كالتەكچى دەلدۈگىنىپ قوپۇپ تام ئۈستىگە چىقاي
دەپ قالغان گۈزەلنىڭ پۇتىغا كالتەك بىلەن بىرنى ئۇ-
رۇۋىدى، گۈزەل «ۋايجان!» دېدى — دە، يەرگە يى-
قىلدى. ھېيتەم: «گۈزەل — گۈزەل، نېمە بولدى؟ قول-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گىزنى ئەكېلەلەك!» — دېدى تام ئۈستىدە. گۈزەل ھېلىقى كالتە كىچىكنىڭ تامغا يامىشىۋاتقانلىقىنى، باينىڭ خوتۇنىنىڭ يەنە بىر نەچچە ئادەم باشلاپ كىرگىنىنى كۆرۈپ ۋارقىرىدى: «ۋاي ھېيتىم مېنىڭ پۇتۇم سۇنۇپ كەتتى، قېچىڭ. چاپسان بولۇڭ». ھېيتىم تامدىن چۈشمەك بولۇۋېدى، گۈزەل: «ھەرگىز چۈشمەڭ. بولمايدۇ، مەندىن غەم يېمەڭ، چاپسان قېچىڭ. ۋاي چاپسان دەيمەن!» — دېدى يالۋۇرۇپ...

ئەۋلىيا ئاتىنىڭ كۆز ئالدىدا ئەمدى باشقا مەنزىرە پەيدا بولدى:

ئىككى چېتى دەرەخلىك ئۇزۇن يولدا دولىسىغا چاپىنىنى ئارتىپ، كونا كۆن ئۆتۈكىنى بېلىگە قىستۇرۇپ ئالغان ھېيتىم يالىڭاياق پېتى يايپاندىن قەشقەرگە قاراپ كېتىپ بارىدۇ ... كەچ كۈز. ئەتراپتىكى يېزىلاردا قوناق يىغىۋاتقان دېھقانلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى. يىراقلاردا ئاياللارنىڭ ناخشىلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ...

ئۇنىڭ قەشقەردىن قېچىپ كەتكىنىگە توپتوغرا سەككىز يىل بولدى. ئاۋۋال كۇندۇزى مازارلاردا قېچىپ مۆكۈپ، كېچىسى مېڭىپ مەكىتكە باردى. ئۇندىن كېيىن، بىر ياقتىن مەدىكار ئىشلەپ، بىر ياقتىن مېڭىپ يەكەن، پوسكامدىن ئۆتۈپ قاغىلىققا باردى، ئۇ يەرلەردە — يېزىلاردا ئىشلەپ بىرەر يىل تۇرغاندىن كېيىن يەنە ئىلگىرىلەپ ئىلىغا بېرىپ، نەچچە ئاي تۇرۇپ، ئاخىرى كېرىيىگە كېلىپ ئۇ يەردە ئالتە يىلدىن ئوشۇق-

راق تۇردى. «ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت» ئىكەن. نەگە بارسا جاپالىق ئەمگەك قىلىپ ئاران قورسىقىنى تويغۇزۇپ يۈردى. ئىش قىلىپ يالىڭاچ قالمىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە «قەشقەردە ھۆكۈمەت باشلىقلىرى ئالمىشىپتۇ، يېڭى باشلىق خەلققە نۇرغۇن ياخشىلىق ۋەدە قىپتىمىش...» دېگەن گەپلەر تارالدى. ھېيتەم كېچە-كۈندۈز ئۇيىدىن كەتمىگەن ئانىسى بىلەن گۈزەلنى تېخىمۇ ئەسلەيدىغان بولۇپ كەتتى. ئاخىرى بىرنەچچە ئاغىنىلىرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن قىشنى ئۆتكۈزۈپ ئۆرۈك چېچەك ئاچقاندا تەۋەككۈل قىلىپ قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. يول يىراق، سەپەر قىيىن. مەدىكارلىق، سەرگەردانلىق، يولۇچىلىق... ئالتە ئاي دېگەندە قەشقەر تەۋەسىگە يېقىن كەلدى. يېڭىساردا بىر ئاي ئىشلەپ يولغا چىقتى.

ھېيتەم تازغۇندا بىر پەس ئارام ئېلىپ ئازراق قورسىقىنى تويغۇزۇۋالغاندىن كېيىن يولغا چىققانىدى. ئۇ يولنىڭ قۇمسال توپىسىنى دەسسەپ قەدىمىنى سانىغاندەك سالماقلىق بىلەن مېڭىپ كېتىپ باراتتى...

بىر ھازادىن كېيىن غىچىرلىغان ھارۋىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىسىغا قاراپ كۆردىكى، ياش ئايال ھارۋىنى ھەيدەپتۇ، ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئەر كىشى ناخشا ئېيتىپ كېلىۋېتىپتۇ ...

... ئەمدى ئەۋلىيا ئاتمىنىڭ كۆز ئالدىدا ھېيتەم قوشۇلۇپ ئۈچ كىشى ئولتۇرغان ھارۋا كۆرۈندى. بىرنەچچە تاغار ئاشلىق باسقان ھارۋىنى سالپاڭ قۇلاق

بوز ئات كۆچەپرەك تارتىپ كېتىپ بارىدۇ. ھارۋىكەشلەر ھېيتىمنى ھارۋىغا چىقىرىۋالغانىدى.

— سەن ئاتقا ئېغىرچىلىق سېلىپ قويدۇممۇ، نېمە؟ — دېدى ھېيتىم ئاتقا قاراپ.

— يوقسۇ، — دېدى ئەر كىشى، — بۇ زومىگەرنىڭ ئېتى، بىزدىن ياخشىراق يەيدۇ، ھېچ گەپ يوق.

— ھە، سىلەر باينىڭ ئۆيىدە ئىشلەيدىكەنسىلە-دە، — دېدى ھېيتىم.

— ھەئە، ماۋۇ كىشى مېنىڭ چوكىنىم بولىدۇ، قارىڭا، ئۆزى نوچى، ھارۋا ھەيدىشىدىن بىلىنىپ تۇرمامدۇ!

— ۋاي خۇدايىمەي، — دېدى چوكان بۇرۇلۇپ كۈلۈپ قاراپ، — مېنى داڭلىغىلى تۇردىغۇ تېخى. بۇ بىزنىڭ يىگىتچۇ مۇشۇنداق چاقچاقچى.

— شۇنداق ئاداش، — دېدى يىگىت، — كىچىكىمىزدىن قولىدەك ئىشلىدۇق. ئاران بالالىقتا ئۇلۇش يىلى ئىككىمىز توي قىلدۇق. بىز قەرزگە يەنە قانچە يىل ئىشلەيمىزكىن - تاڭ!؟

ھېيتىم «شۇنداق» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى. كېيىن ئۇنىڭ كۆزى تاغارغا يۆلەكلىك راۋاپقا چۈشتى.

— ھە، راست، بايا ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتاتتىڭلار، يەنە ئازراق ئېيتمايمىزمۇ؟ — دېدى.

يىگىت راۋاپنى ئېلىپ تەڭشىدى. ئاندىن كېيىن گېلىنى قىرىپ ناخشا باشلىدى:

چولپاننى يىراق دەيدۇ،
زۆھرەنى گۈزەل دەيدۇ...

— شۇنداقمىدى؟ ھېچ قاملاشمايدىغۇ — دېدى ئۇ چوكىنغا.

چوكان ئاغزىنى تۇتۇپ كۈلدى:

— قاملاشتۇرالمىغاندىن كېيىن نېمە قىلىدىكەن ئاۋارە بولۇپ، — دېدى ئۇ ئېرىگە قاراپ. — مەكەسلە، ماۋۇ ھارۋىنى ھەيدىسىلە!

ئۇلار ئورۇن ئالماشتۇردى. چوكان تاغارنىڭ ئۈستىگە ياخشى جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، راۋاپنى چىڭراق تەڭشىدى، بېشىدىكى كونا يېڭىسار تۇماقنى كەينىگىرەك ئىتتىرىپ قويۇپ چېلىشقا تەمشەلدى.

— بايا ماۋۇ كىشى ئېيتقان «گۈزەل قىز» دېگەن قوشاق، — دېدى چوكان ھېيتىمگە.

«گۈزەل قىز» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغاندا ھېيتىمنىڭ تېنى جۇغىمدە قىلىپ تىترەپ كەتتى...

چوكان ئاۋۋال راۋاپنى قوشاق ئاھاڭىغا بىر پەردە چاراڭلىتىپ چالغاندىن كېيىن سايراپ كەتتى:

چولپاننى يورۇق دەيدۇ،
زۆھرە قىزغا يېتەمدۇ؟
ئىپارخاننى ئۇز دەيدۇ،
گۈزەل قىزغا يېتەمدۇ؟

ئۇزۇن سايىنىڭ يولى كەڭ،
شېغىللىق يوق ئاپئاق تاش.
ھېيتىم بىلەن گۈزەل قىز،
بوپتىكەن قوشماق ئاداش.

www.uyghurkitap.com

كەپ ئاشكارا بولدى. ھېيتەم بارغانچە گۈزەل بىلەن ئۆزىنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈشكە باشلىدى ... راۋاپ جاراڭلايدۇ، چوكان سايرايدۇ.

ئاسماندىكى كۆك تورنا،
يىتىم قاپتۇ جۈپتىدىن.
گۈزەل ئايرىلىپ قاپتۇ،
ھېيتەم دېگەن دوستىدىن.

بېلىدىن ئېشىپ چۈشكەن،
گۈزەل قىزنىڭ چاچلىرى.
تۆكۈلىدۇ تارامىلاپ،
قارا كۆزدىن ياشلىرى.

ھەي بىچارە گۈزەل قىز،
بوتىلاقتەك بوزلايدۇ.
زالىم زامان دەستىدىن،
يىغلاپ قاقشاپ زارلايدۇ.

ئەجەب بىر زامان بولدى،
يوقسۇللارغا خۇشلۇق يوق.
خان - غوجاملار ئوينايدۇ.
قىلىچى قان، كۆزى توق.

ماتەمتەي يىغلىغاندا،
ھالايىق خۇشال بولدى.

مادوتەي بولۇپ باشلىق،
ئارمان - ئۇنىڭ يوق بولدى.

ھېيتىم چوڭقۇر تەسىرگە چۆكۈپ ياش تولغان كۆزلىرىنى يۇمماي قاراپ ئولتۇردى. چوكاننىڭ قوشىقى بارغانچە كۈچەيمەكتە. ئۇنىڭ قىپقىزىل دۈگىلەك يۈزى تېخىمۇ قىزىرىپ، تېخىمۇ گۈزەللەشمەكتە...

ئاسماندىن چاقماق چۈشۈپ،
خان تەختىنى چاقسىكەن.
پالۋان - مەردلەر چىقىپ،
يېڭى زامان قۇرسىكەن.

كەمبەغەل جاپاكەشلەر،
ئارمىنىغا يەتسىكەن.
ھېيتىم بىلەن گۈزەل قىز،
مۇرادىغا يەتسىكەن.
...

چوكان ھېيتىمگە قاراپ، ئۇنىڭ بېشىنى بۇراپ كۆز ياشلىرىنى ئېيتىمۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. راۋاپ بىلەن ناخشىسىنى ئاستىلىتىپ ئۇنىڭغا قايتىنچە كېيىنكى قۇرلارنى ئىختىيارسىز تەكرارلىدى:
ھېيتىم بىلەن گۈزەل قىز،
مۇرادىغا يەتسىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېيىن ئۇ جەينىكى بىلەن يەڭگىتىنى تۇرتۇپ، ھېيت-
تىمنى كۆرسىتىپ قويدى. ئۇمۇ ھەيران بولدى...

ھېيتىم ئاران ئۆزىنى بېسىپ، كۆز ياشلىرىنى سۈرت-
تى ۋە چوكانغا قاراپ:

— ئەجەب توختاپ قالالىغۇ، بەك ياخشى قو-
شاقكەن، — دېدى.

— نېمە بولدى، ئاداش، — دېدى يەڭگەت، —
ئەجەب كۆڭۈلۈڭلار يۇمشاق ئىكەن. سىلەمۇ بىر دەردمەن-
مۇ نېمە؟

— «دەردى بار دەردمەنلەنى،
يالغۇز دەرەخلەردىن سوراڭ.
مەن غېرىب بىچارىنى،
زىۋا - چېچەن ياردىن سوراڭ» دەپتىكەن، —

ئۇ بىر ئاز ئويلىنىپ قالدى. كېيىن سورىدى: —
«گۈزەل قىز...» ئۇنىڭ دەردى چوڭقۇر ئىكەن، بۇ قىز
بارمىكىن؟

— بارمىش، — دېدى چوكان، — قەشقەردە ناخشا
ئېيتىپ يۈرۈيدۇ، دەيدۇ. خەقلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغ-
رىيدىكەن.

ھېيتىم يەنە بىر چوڭقۇر تىنىپ ئالدى. ئازراق
خاتىرجەم بولغاندەك بولۇپ، گەپنى يۆتكىدى.

— قوشاقتا ماتىتەي، مادوتەيلەرنىڭ گېپى بار-
غۇ؟

— ۋاي، سىلە، تېخى بۇ گەپلەرنى ئاڭلىماپسىلەر-

دە، ئاداش، — دېدى يىگىت گەپ باشلاپ، — ئۇرۇمچىدىكى جاڭجۇن مادارىن دېگەننى قەشقەرگە دوتەي قىلىپ ئەۋەتىپتىكەن. ئۇ كېلىپ ماتتەيگە تاغىنى بەر، دېسە ئۇنىماپتۇ، ئاخىرى مادارىن ماتتەيىنى دوتەي يامۇلغا ئوراپ ئېلىپ ئۇرۇشۇپ ئۇنى قولغا ئاپتۇ. ئاندىن كېيىن ماتتەيىنى، ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى دوتەي يامۇلىنىڭ ئالدىدىكى دارغا بىر قانچە كۈن ئېسىپ قويۇپتۇ.

خەقلەر مۇنداق بىر ناخشا چىقاردى:

ماتتەي تۇلۇم چاشقان،
ئالۋاڭنى تولا چاچقان،
پۇقرالارغا كۈن بەرمەي،
دارغا ئېسىلىپ ياتقان.

— مادارىنچۇ، قانداقكەن؟ — دەپ سورىدى ھېيتىم.

— ۋايجان، بۇمۇ ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشتى. «مادوتەي - مادوتەي» دېسە پۇقرالارغا ياخشىلىق قىلىپ بېرىدىغاندەك قىلىدى. ئۇمۇ بىر ئالدامچى ئىكەن. يەنە بىزنىڭ يېڭىشەھەردە ماشتەي دېگىنى بارىدى، ئۇ چېرىكلەرنىڭ باشلىقى ئىكەن. مادوتەي ئۇنىڭمۇ بېشىنى ئالدى. بىراق، يەنە ئۇلارنىڭ چېرىكلىرى پۇقرالارنى دۇمبالىغىنى دۇمبالىغان...

ھارۋا يېڭىشەھەرنىڭ قېچىچى دەرۋازىسىغا بۇرالغاندا ھېيتىم ئۇلارغا يېنىشلاپ رەھمەت ئېيتىپ ھارۋىدىن چۈشتى. ئۇ، ئويچان ھالدا كونا شەھەرگە قاراپ مېڭىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

ئەمدى ئەۋلىيا ئاتىنىڭ كۆز ئالدىدا بارغانسېرى ئايانچلىق ۋەقەلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ، ھامان گۈمبەزگە يۆلىنىپ خىيال قىلاتتى. ئارغامچا بويى كۆتۈرۈلگەن ئاي ئۇنىڭغا كۆڭۈل قويغاندەك قارايتتى...

ئەنە، ھېيتىم ئۆزىنىڭ قەدىم جايىغا — كونا ئۆيىگە كەلدى، ئۆيىدىن نېمە قالسۇن؟! ئارانلا پۇچۇق تام داغدىيىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بېشى ئايلىنىپ كۆزى قاراڭغۇلاشتى. بېشىنى تۇتۇپ ئاستا ئولتۇرۇپ قالدى...

— بۇ كىمدۇ؟ — دېدى بىر ئايال، — بالام، نېمىشقا بۇ يەردە ئولتۇرغانسەن؟

— ھە، مەن... — دېدى ھېيتىم ئورنىدىن قوپۇپ، — مۇنداقلا ئولتۇردۇم.

— ئەجەب بىرسىگە ئوخشىتىمەنغۇ سېنى.

— شۇنداقتۇ ئانا، مۇشۇ ئۆينىڭ ئىگىسى...؟ — ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي تۇرۇپ قالدى.

— بالام، سەن ھېيتىم بولمىغىن يەنە؟ ماڭا قارىغىنا، راستلا ئاناڭغا ئوخشاپ كەتتىڭغۇ.

— ھەئە، مەن ھېيتىم.

— ۋاي بالامەي، بىچارە ئاناڭ بىر كۆزى ياش، بىر كۆزى قان، سېنىڭ يولۇڭغا قاراپ ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ مەھەللىدىكىلەر ئۆلمىشىپ يەرلىكىدە قويدۇق. گۈزەل قىزنىمۇ كۆرەلمىدى...

ئايال گۈزەل قىزنىڭ پاختەكلىدىكى ھاماچىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرىدىغانلىقىنى، ئارىلاپ مەشەگە كېلىپ ئاندىن مازارنى ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى، بىر پۇتى ئاجىز بولۇپ

قالغانلىقىنى ... سۆزلەپ بەردى. ھېيتىم كۆزلىرىدىكى ياشنى يېڭى ھېلەن ئېيتىپ ئايالىغا رەھمەت دەپ مازار تەرەپكە قاراپ ماڭدى...

ئەمدى ھېيتىمنىڭ كۆز ئالدىدا مۇشۇ ئولتۇرغان جاي كۆرۈندى: كەچقۇرۇن، ھاۋا بۇزۇق. قارا بۇلۇتلار ئاسماننى قاپلىغان، ھېيتىم گۇمبەزنىڭ يېنىدىكى بىر قەبرىنىڭ سۇپىسىدا تەلمۈرۈپ ئەتراپقا قارايدۇ. مانا كۈن ئولتۇرۇپ زاۋالمۇ بولۇپ قالدى...

قەبرىستانلىقتىن بىر ئايالنىڭ غەزەل ئېيتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. ھېيتىم شۇ ياققا تىكىلگەندى. قەبرىلەر ئارىسىدىن ئۆستەڭگە كونا شاتاۋا كۆڭلەك كىيگەن، ئاق كىرگەن چاچلىرى يۈزىنى يېرىم يېپىپ مەيدىسىدىن ئاشقان، يۈزلىرى سارغايغان، بېشىدا كونا دوپپا، يالاڭياق بىر ئايال ئاقساپ چىقىپ كەلدى. ئۇ بىر ئاز توختاپ بىر قولى بىلەن مەيدىسىنى تۇتۇپ ئېگىلىپ قاتتىق يۆتەلدى. يەردىكى قان ئارىلاش تۈپرۈككە قاراپ قويۇپ، يەڭ ئىچىدىكى قىزىل ياغلىقىنى ئېلىپ يۈزىنى سۈرتۈپ، غەزەل ئېيتىپ كېلىۋەردى:

قانىتىم كۆيسە كۆيەركى مەن ھامان پەرۋانىمەن،
ساقلىقىم ئەلاماڭا يارنىڭ ۋاپادار يارىمەن.

ئاخشىنىڭ سۆزى قانچە مەنىلىك بولسا، ئۇنىڭ ئاھاڭى شۇنچىلىك مۇڭلۇق، يۈرەكنى ئېزەتتى. ئۇ غەزەلنى داۋام قىلدۇرالماي يەنە قاتتىق يۆتىلىپ يەرگە ئېگىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھېيتەم ئورنىدىن قوپتى، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئالدىغا ئىككى قەدەم باستى. «ئاھ! لېمىدېگەن دەھشەتلىك، بۇ قانداقمۇ گۈزەل بولسۇن؟!...» ئۇ، يەنە تۆت قەدەم مېڭىپ، قادىلىپ قاراپ تۇرغان بۇ روھقا، ياق، بۇ جانغا چوڭقۇر زەڭ سالدى. «شۇ، شۇ... گۈزەل، مېنىڭ گۈزىلىم...» ئۇ ئىختىيارسىز ئۆزىنى قىز تەرەپكە ئاتتى، گۈزەل دەلدۈگۈنىپ كەينىگە داجىدى...

— گۈزەل، مەن، مەن ھېيتەم، گۈزەل، قورقماڭ...

گۈزەلنىڭ قولىقىدا «پاڭ» قىلىپ بىر نېمە ئېتىلغاندەك بولدى. ھېيتەمنىڭ سۈرىتى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ خۇددى چۈش كۆرگەندەك ھەيران قالدى.

— ھا، ھا، ھا، — ھېيتەم! ھېيتەم يوق، ھېيتەمنى مەندىن دېۋىلەر تارتىپ كېتىشكەن... ئۇ، ئۇچۇپ كەتتى، ئۇ ئاسماندا...— ئۇ، قاتتىق ۋارقىراپ يىغلىدى. — بۇ ھېيتەمنىڭ روھى ئەمەسمۇ - ھە؟! — ئۇ ئىككى قولىنى سوزۇپ ئالدىغا بىر قەدەم باستى - دە، داۋالغۇپ يىقىلدى، لېكىن، ھېيتەم ئۇنى قۇچاقلاپ ئالدى... ئۇ ھوشىدىن كەتكەن گۈزەلنى ئاستا قەبرە سۇپىسىغا ياتقۇزۇپ قويۇپ، يۈگۈرۈپ بېرىپ ئېرىقتىن ئوچۇملاپ سۇ ئېلىپ كېلىپ گۈزەلنىڭ يۈزىگە چاچتى... گۈزەل ئاستا كۆزىنى ئېچىپ، ئۈستىدە تۇرغان ھېيتەمنىڭ بېشىنى كۆرۈپ چۆچۈدى.

— گۈزەل، جېنىم، مەن ھېيتەم، مەن روھ ئەمەس، ھېيتەم، مەن قايتىپ كەلدىم، ماڭا قاراڭ...

گۈزەل ھېيتەمدىن كۆزىنى ئۈزمەي ئاستا قوپۇپ ھېيتەمنىڭ بوينىغا گىرە سالدى. قاتتىق يىغلىدى. ئۇنىڭ يۈز - پېشانىلىرىدىن سۆيدى. ئەمدى ئازراق ھوشىغا كەلگەندەك بولدى. قەبرىگە يۆلىنىپ ھېيتەم بىلەن يان-داش ئولتۇردى. ئۇ، ھېيتەمنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ ھامان بۇقۇلداپ يىغلايتتى.

— گۈزەل يىغلىماڭ. مانا مەن يېنىڭىزدا، سۆزلەڭ، ئەمدى ئەبەدىي بىللە بولىمىز.

گۈزەل يەنە قاتتىق يۆتەلدى، قان تۈكۈردى. دەم ئالالماي خېلىغىچە جىم تۇردى، كېيىن ھېيتەمنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن بايىقى غەزىلىنى باشلىدى:

قانىتىم كۆيسە كۆيەركى مەن ھامان پەرۋانىمەن،
ساقلىغىم ئەلا داغا، يارىنىڭ ۋاپادار يارىمەن.
ياش تۇرۇپ قالدىم قېرىپ، چىرايلىرىم دۇر زەپىرەڭ،
يۇرتۇمدا بولدۇم غېرىب، ۋەيرانىمەن، دىۋانىمەن.
بۇ پەلەك يۈز ئۆرىدى، مەن ياردىن بولدۇم جۇدا،
جۇپتىدىن يىگانە قالغان تۇرنىدەك بىگانىمەن.

گۈزەل ھالسىزلىنىپ ئارقىسىغا ئۆرۈلىدىغاندەك قىلات-تى. ھېيتەم ئۇنى بېلىدىن قۇچاقلاپ يۆلىۋالدى، ئېرىق ھاقىسىدىكى تېرەكلەر تۈۋىگە بىر مۇنچە كىشىلەر ئاستا-ئاستا يىغلىشىپ ئولتۇرۇپ غەزەلنى ئاڭلاشتى. ئۇلارغا بۇ غەزەل باشقا كۈنلەردىكىدىن مۇڭلۇق، تەسىرلىك ئاڭلىنات-تى. گۈزەل بىر قولى بىلەن ھېيتەمنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەزىلىنى داۋام قىلدۇردى:

دەشتى سەرسانلىقنى كەزدىم ھەق-ئادالەت بارمۇ دەپ،
ھەقمۇ يوق، ئادىلمۇ يوق دۇنيادىن بىزارمەن.

گۈزەل يەنە يۆتىلىپ قان تۈكۈردى. قوللىرى ماغدۇرسىزلاندى. ئۇ ئاستا ھېيتىمنىڭ قۇچىقىغا ياتتى ۋە ماغدۇرسىز قوللىرى بىلەن ھېيتىمنىڭ يۈز-كۆزلىرىنى سىلاپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ تۇرۇپ غەزىلىنى داۋام قىلدۇردى:

ھېيتىم كۆردۈم يۈزۈڭنى، بولغىن ئامان، ئەلۋىدا،
گۈزەلنىڭ ئارماندا كەتتى، شۇم زامان قۇربانىمەن.
گۈزە... لنىڭ ... ئارمان ...دا ......
ھېيتىم .... ئەل ..... ئەل... ۋد ... ۋى ...دا ...

گۈزەلنىڭ قوللىرى چۈشۈپ تەنلىرى بوشاپ كەتتى. ئاۋازى ئۈزۈلدى. ھېيتىم ھودۇقۇپ ئېگىلىشتى ۋە گۈزەلنىڭ دولىسىنى سىلكىپ تۇرۇپ دېدى:

— گۈزەل، گۈزىلىم، نېمە بولدى! كۆزۈڭنى ئاچقىن!...

لېكىن گۈزەلدىن ئاۋاز چىقمىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ھەركەتتىن توختىغانىدى، ھېيتىمنىڭ ياشلىرى گۈزەلنىڭ مەڭزىگە تاماتتى.

ئېرىق بويىدا ئولتۇرغان كىشىلەر كېلىشتى. ياشلىرىنى ئېيتىپ، جەسەتنى يەرگە ياتقۇزدى. ئۇلار ھېيتىمگە كۆڭۈل قويۇشتى... ھېيتىم گۈزەلنىڭ جەسىتىگە تەلمۈرۈپ قاراڭغۇچۈشكىچە ئولتۇردى... ئەتىسى ئۇ كىشىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن گۈزەلنى يەرلىكىدە قويدى.

كەچقۇرۇن ئۇ گۈزەلنىڭ قەبرىسىگە ئىككى تال گۈلنى قويۇپ، ئىچ - ئىچىدىن ئۆكسۈپ ئۇزاققىچە بۇقۇلداپ يىغلاپ ئولتۇردى....

ئەۋلىيا ئاتا ئىچچىنىشلىق خىيال بىلەن كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئولتۇرغاندا، قەيەردىدۇر بىر يەردىن بىر ساتارنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئۇنىڭ خەستە كۆڭلىنى جۇۋۇتىپ، ئارام بەرگەندەك قىلدى...

ئەۋلىيا ئاتا بىر ئۇھ تارتىپ ئۆزىنى رۇسلىدى، كۆز يېشىنى سۈرتتى. ئاستا ئورنىدىن قوپۇپ، ساتارنىڭ ئاۋازى چىققان تەرەپكە كەتتى.

يۇسۇپ قادىرخان مازىرىنىڭ چوڭ گۈمبىزى يېنىدىكى كىچىك بىر گۈمبەز ئىچىدە ئوتتۇرىسىدىكى گۈلخاننى چۆرىدەپ بەش — ئالتە كىشى ئولتۇرۇشۇپتۇ. ئاق ساقاللىق دىۋانە بوۋاي كۆزىنى يۇمۇپ ئىشتىياقى بىلەن ساتارنى چالماقتا. ئولتۇرغانلار مۇڭلىنىپ قولاق سالماقتا. يىرتىق چاپانلار ئىچىگە ئورالغان بۇ كىشىلەر ئارىسىدا ئەۋلىيا ئاتىمۇ بار. گۈلخان نۇرى بۇ دەردمەن ئىنسانلارنىڭ پېشانىلىرىنى يورۇتۇپ، ئارمانلىرىغا دەرمان بەرگەندەك قىلىدۇ.

دىۋانە بوۋاي كۆزىنى يۇمۇپ بېشىنى ئالدىغا ئېگىپ ساتارنى بىر پەردە چالغاندىن كېيىن بىر ئاز يۆتىلىپ ئېلىپ، قىرىلارغا خاس مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن راك مۇقامىنى باشلىۋەتتى!

ساتارىم تىلىغا كەلگەي شوم پەلەكتىن نالىلەر قىلسام،
كۆڭۈل دەردلەرگە تولدى، تۈگىمەس پەريادلەر قىلسام.
مۇقام ناۋاسى بىرلەن يارنىڭ كۆڭلى ئارام تاپقاي،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

...ماڭا يوق باشقا ئارمان، شول نىگارنى شادلەر قىلسام.
ھامان كەتمەس خىيالىمدىن دىلى خەستە ئۇ شۇل يارىم،
ئۇنى قۇتقۇلدۇرغىلى زىندان ئۇلىن بەربادلەر قىلسام.
چېقىپ كۆلدۈرماما قەھرى بىلەن دۇنيانى تىترەتسە،
رەقىبلەر تەختىنى گۇم كەلتۈرۈپ ۋەيرانىلەر قىلسام.
بىخۇتلۇق ئالىمدە بەھۇدە ئۆتتى ياز - قىش كۈنلەر،
كېزىپ سەھرايى - چۆل مەردانىلەرگە دادلەر قىلسام.
كى بەس دىۋانە كەيگەن يار ئۈچۈن جەندە - كۆلاھنى،
ياۋۇزلار ئوردىسىغا ئوت قويۇپ گۇمرانىلەر قىلسام.

- بوۋاي باشتىكى پەردە بىلەن ساتارنى سىلىق چۇشەردى، ئولتۇرغانلار تەڭ دېگۈدەك ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىشىپ ئالدى. دىۋانە بوۋاي يەنە بىر يۆتىلىۋېلىپ، ساتارنى نەغمىگە يۆتكىدى، ياشراق بىرسى بىر كىچىك داپنى ئېلىپ «تاك» قىلىپ ساتارغا تەڭكەشلەپ ئۇرۇشقا باشلىدى. دىۋانە بوۋاي «راك» تەزەسىنىڭ غەزىلىنى ئېيتتى، باشقىلار قوشۇلدى.

ساتار مەرغۇلگە يۆتكەلدى. ھەممەيلەن باشلىرىنى ئېگىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ، گوياكى مۇقامنىڭ نەغمە - ناۋالىرىغا مەست بولماقتا. مەرغۇل ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. ساتار «جان رىشتىدىن» «ئىشلىگەن تار» بىلەن دەردمەنلەرنىڭ كۆڭلىنى ئالماقتا. ئۇ گوياكى يوقسۇللارنىڭ نالە - پىغانلىرىنى ئالەمگە جار قىلماقتا، ئۇ، ھەيۋەتلىك ئىنداسى بىلەن كىشلەرنى باش كۆتۈرۈپ دىۋە - مەلئۇننىڭ قاراڭغۇ زىندانىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشكە، چاقماق قەھرى

بىلەن ياۋۇزلارنىڭ ئوردىسىغا ئوت قويۇشقا چاقىرماقتا...

ساتار مەشرەپكە يۆتكەلدى، ئولتۇرغانلار جانلاندى، بىرسى راۋابىنى ئالدى، ئەۋلىيا ئاتا ساپايىنى ئالدى، گۇمبەز ئىچى قايناپ كەتتى...

مەشرەپ قايناپ كەتتى، داپ، راۋاپ، ساپاينىڭ ئاۋازى ساتارنىڭ ئاۋازىغا قوشۇلۇپ گۇمبەزنى، گۇمبەزدىن چىقىپ جاھاننى ياڭراتقان ھەيۋەتلىك ئاۋازغا ئايلاندى. بۇ ئاۋاز يىراق شەھەر - يېزىلاردىكى ھېسابسىز پىغانلىق ناخشا ئاۋازلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، ھەيۋەتلىك ساداغا ئايلاندى. بۇ، بارغانسېرى ئۇلغايماقتا...

مۇقامنىڭ نەغمە - ناۋالىرى پەيزىدە مەست بولغان ئەۋلىيا ئاتا ئاشۇ قۇدرەتلىك ئاۋاز بىلەن بىللە پەلەككە كۆتۈرۈلدى...

مەست بولۇپ نەغمە - ناۋاسىغا مۇقام مەستانىسى،
قىلدى پەرۋاز خۇددى لاچىندەك قۇياش پەرۋانىسى،

ئايلىنىپ ئۈچتى ئېگىز تەكلىماكان ئاسمىنىدا،
ياڭرىدى كۆكتە سادا ئاڭلاندى قەشقەر نالىسى.

ئەنە ئاسمان ئۆگزىسىدە ئولتۇرار تاجىك قىزى،
چېكىسىگە گۈل قىسىپتۇ مەڭزىدە ياش تامچىسى.

تىكىلىپ سالدى نەزەر يىراق تىيانشان قويىنىغا،
سازىنى چاپتۇ ناۋاغا ئىلى دەريا ۋادىسى.

ئەلى دەريا بويىدا چەكتى يىغان مىسكىن ئانا،
رەھىمسىز تاشقۇندا كەتتى يۈرىكىنىڭ پارىسى.

زوق بىلەن چۆشتى سەنەمگە شوخ لەۋەن ئاتۇش قىزى،
پەيزى كەتتى تولغىنىپ، قوزغالدى كۆڭۈل يارىسى.

ئەۋلىيا غەم قىلمىغىن، كۆز ياشلىرى كەتمەس بىكار،
جۆت ئاتا يىسەن ئەمەس، ئاخىر كۆلەر قار لەيلىسى!

4

1932 - يىلىنىڭ باش باھارى. چېچەك - چوكانلار ئەمدى يېشىلىپ، ئاباتلار باش كۆتۈرگەن چاغ... پۈتۈن قەشقەر تەۋەسى قوزغىلىپ كەتكەن. ھەممە ياقتا قىقاس - سۈرەن، چاڭ-توزان ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن...

ئەنە، تۆت ئەتراپتىن ئۇلۇغ سەلدەك ئېقىپ كېلىۋاتقان كىشىلەر كونا شەھەر سېپىلى تاشقىرىسىدا ئادەملەر دېڭىزىغا ئايلىنىپ دولقۇنلىماقتا. قۇدرەتلىك دولقۇن قەھرى بىلەن شەھەر سېپىلگە ئۇرۇلماقتا...

... يارباغ دەرۋازىسى بىلەن تۆشۈك دەرۋازىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سېپىلنى قىيپاش كېسىپ ھازىرلا ياسالغان «يول»دا ئاتلىق، پىيادە كىشىلەر بەس - بەس بىلەن چاڭ كۆتۈرۈپ سېپىلگە ئۈرلىمەكتە. مىلتىق، پالتا، ئورغاق، ئارا، نەيزە كۆتۈرگەن، جاھاننى ياڭرىتىپ ۋارقىرىغان، سانجاق - سانجاق ئادەملەر توپى ئارىسىدا، قاغار كىيگەن، كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان، ئۇزۇن ساقال، ئۇزۇن چاچلىق ئەۋلىيا ئاتمۇ نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ، بار-

لىق ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ سېپىلگە چىقىپ كېتىپ بار-
ماقتا... سېپىل ئۈستىدە يانجاق - يانباق ئادەملەر ئا-
رىسىدا گۈندىبخانىدىكى ھېلىقى «ئۇقۇمۇشالوق» ئادەم لا-
ئاتلىق، قولىدا قىسقا بەش ئاتار سالتىق تۇتقان پېتى
كېلىپ بويىدىكى قىلىچىنى غىلىپى بىلەن چىقىرىپ ئەۋ-
لىيا ئاتىغا بېرىپ، ئات چاپتۇرۇپ كېتىپ قالدى. ئەۋ-
لىيا ئاتا قىلىچنى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىغانچە ئىلگىرىلەپ
يۈرۈپ كەتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي يارباغ دەرۋازىسى بىلەن تۆشۈك
دەرۋازىسى ئارىلىقىدىكى سېپىل قەرىلىك ئادەملەر توپى
بىلەن تولۇپ كەتتى...

تۆشۈك دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىدىكى راۋاقنىڭ پېشاي-
ۋىنىدا قىلىچىنىڭ دەستىسىنى مەھكەم تۇتۇپ، قوشۇمىسىنى
تۈرۈپ ئەۋلىيا ئاتا تۇرماقتا. ئۇ شەھەرگە قاراپ نېمە-
ندۇر ئويلاۋاتقاندا نەيزە كۆتۈرگەن ئەپكەش دوستى
ئالدىراش چىقىپ كەلدى. ئۇ ئەۋلىيا ئاتىنى كۆرۈپ
دېدى:

— ھوي ھېيتىم! نېمە قىلىپ تۇرىسەن؟ چاپسان
ماڭ، دوتەي يامۇلغا بېسىپ كىرىمىز.

— مەيەرگە كەل، — دېدى ئەۋلىيا ئاتا قىياپىتىنى
ئۆزماي ۋە قولى بىلەن دوستىنى يېنىغا شەرەتلىدى.

ئەپكەش چىقىپ ئۇنىڭ يېنىدا تۇردى.

ئەۋلىيا ئاتا چاڭ ئاستىدا غۇۋا كۆرۈنگەن شەھەرلى
ۋە سېپىلنىڭ ئىككى قانىتىغا قاراپ ئېقىۋاتقان، شەھەر
كوچىلىرىغا پاتماي ئۆزلىرىنى ئۇرۇنتۇغان ھالدا جىنىنىڭ

بىرىچە ۋارقىراپ دوتەي ياموُلىغا كىتىپ بارغان خەلق ئېقىمىنى ئەپكەش دوستىغا كۆرسەتتى. كىيىن ئىچىدىن قايناپ چىققان ھاياجان، سۈرلۈك ئاۋاز بىلەن دىدى:

— مانا قارا!

— قەشقەر ئويغاندى!

— ئەزىزانە قەشقەر !...

— پالۋان قەشقەر !...

1979 - يىل 5 - ئاي، بېيجىڭ.

# سىنالغان مۇھەببەت

## 1

تيەن يىڭنىڭ بۇ قىز بىلەن تونۇشقىنىغا خېلى بولغان بولسىمۇ، قىزنىڭ تېخىچە قولىنى تۇتقۇزماي كېلىۋاتقانلىقى ئۇنىڭغا ئەلەم قىلاتتى.

ئۇلار ئوتتۇرا مەكتەپنى بېيجىڭنىڭ ئىككى چېتىدىكى ئىككى مەكتەپتە پۈتتۈردى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قېتىمقى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ئۇلار تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قالغاندا، تيەن يىڭ قىزنىڭ گۈزەللىكىگە قاراپ قېتىپ قالغانىدى. بۇنى قىز بايقىمىغان.

كېيىن بۇلار ئالىي مەكتەپكە تەڭ كىردى. ئىمتىھان ئېلىنغان كۈنى تيەن يىڭ كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا (چۈنكى ئۇنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى) ھويلىدا كېتىۋېتىپ قىزنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇپ قىزغا تىكىلىپ تۇرغاندا، بىر قىزنىڭ «ھەي مېيخۇا» دەپ توۋلىغان پېتى ئۇ قىزغا يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى. شۇ ۋاقىتتا ئۇ قىزنىڭ ئېتى مېيخۇا ئىكەنلىكىنى بىلدى.

— شياۋمېي! — دېدى ھېلىقى قىز يېقىنلاپ

كېلىپ، — ئىستىھان نەتىجەڭنى كۆرۈپ مەنمۇ سەن ئۈچۈن خوش بولدۇم. ئەجەب ياخشىغۇ. يارايسەن!

شىياۋمېي كۈلۈمسىرىگەن ھالدا دوستى بىلەن مېڭىپ كەتتى. تيەن يەڭ قىزنىڭ گۈزەل ھۆسنى تەسىرىدە مەست بولغاندەك قاراپ قالدى.

تيەن يىڭ بۇ گۈزەل قىز بىلەن قانداق تونۇشۇش خىيالىغا چۆكۈپ يۈرگەندە، دەرس باشلىنىپ شىياۋمېي بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇپ قالدى. كېيىن كەلگەن شىياۋمېي تيەن يىڭنىڭ يېنىدىكى بوش ئورۇننى كۆرسىتىپ:

— بۇ ئورۇن بوشمۇ؟ — دەپ سورىدى.

هودۇقۇپ قالغان تيەن يىڭ:

— ھە، بۇ ئورۇنمۇ؟ شۇنداق، ئادەم يوق، مەرھەمەت... — دېدى.

قىز:

— رەھمەت، — دەپ ئولتۇرۇپ، تيەن يىڭنىڭ غەلىتە كەيپىياتىغا نەزەر سالدى. تيەن يەڭ ئوڭايسىزلىنىپ مىدىرلىغاندى، جەينىكى قىزنىڭ جەينىكىگە تېگىپ كەتتى. ئۇ قىزغا ھېجىيىپ:

— كەچۈرۈڭ! — دېدى.

قىز:

— كېرەك يوق، — دېدى-دە، تيەن يىڭغا قاراپ قويدى. قىزنىڭ يۈزىدىن گويا ئىسسىق نۇر چىقىپ تەگكەندەك تيەن يىڭنىڭ يۈزى لاپپىدە ئوت ئالدى.

تالاغا چىققاندا تيەن يىڭ قىزنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ:

— مېيخۇا قىز، ئاستىراق مېڭىڭ، بىللە ماڭساق قالداق؟... — دېدى ۋە بۇ سۆزنى ئېيتىش ئالدىدا دۈپۈلدەپ سوققان يۈرىكى تېخىمۇ تېز سوقۇپ كەتتى.

— سىز مېنىڭ ئېتىمنى نەدىن بىلىسىز؟

— ئۇ كۈنى دوستىڭىز توۋلىغاندا بىلىۋالغانىدىم.

— ھە، بۈگۈن ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشۈشىمىز ئىكەن-دە؟

— ياق، ئۈچىنچى قېتىم. بىرىنچى قېتىم ئۆزاقى يىلى تەنھەرىكەت مەيدانىدا سىزنى كۆرگەنمەن.

— ھە، ئۇنداقتا، تونۇشمىغان كونا دوستلاردىن ئىكەنمىز-دە؟

— شۇنداق، مېيخۇا قىز... يېڭى تونۇشقان كونا دوستلار...

— مېنى شياۋمېي دەپ ئاتاۋېرىڭ. سىزنىڭ ئېتىڭىز نېمە؟

— مېنىڭ ئېتىم تيەنيىڭ. ئاسماندىكى «تيەن»، شەنيىڭ (تاغ بۈركۈتى) دىكى «يىڭ».

— پاھ، نېمىدېگەن ئېسىل ئات. يەنى، ئاسماندا پەرۋاز قىلىدىغان بۈركۈت، دەڭ. تيەنيىڭ... ياخشى ئات.

— سىزمۇ شياۋتيەن دەپ ئاتاۋەرسىڭىز بولىدۇ.

— خوپ، تونۇشقان بولدۇق. خوش... — دەپ قىز ئۆڭ قولىنى كۆتۈرۈپ كۈلۈمسىرەپ قويۇپ يۈرۈپ كەتتى. يىگىت «خوش»مۇ دېمەي ئورنىدا قېتىپ تۇرۇپلا قالدى، ئۇ، قىزنىڭ قارىسى يۈتكۈچە قاراپ تۇردى.

2

1982 - يىل، كەچ كۈز. بېيجىڭ ھاۋاسىنىڭ ئەڭ ياخشى كۈنلىرى.

شەن باغچىسىنىڭ يۇقىرىقى قىسمىدىكى بىر دۆڭدە شياۋتيەن بىلەن شياۋمېي ئولتۇرۇپتۇ. چۈشكى قۇياش پۈتكۈل باغچىنى ئىللىق نۇرىغا پۈركىگەندى. ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئېگىز تاغ باغرىنى قاپلىغان قىزىل ياپراقلىق دەرەخلەر كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرەتتى. گويا ھەم ئۈزۈن، ھەم قىزىل يوپۇق يېپىنغان بۇ تاغ سۇلدىسى ئوتغا يەڭگىل لەپىلدەپ تۇراتتى.

شياۋمېي تىزىسىنىڭ ئۈستىدىكى قوللىرىغا ئېڭىكىنى قويۇپ، بۇ گۈزەل قىزىل يوپۇقلۇق تاغقا زوق بىلەن قاراپ ئولتۇراتتى. شياۋتيەن بولسا دۆڭدىن تۆۋەنگە پۇتلىرىنى ساڭگىلىتىپ قىزغا يۈزىنى قىلىپ يانتۇ ياتاتتى. ئۇلار ئارقىسىدىكى تار ئاسفالت يولدىن يۇقىرى-تۆۋەن مېڭىۋاتقان ئادەملەرنى سەزمىگەندەك قىلاتتى.

شياۋتيەن ئارىلاپ شياۋمېيگە قاراپ قوياتتى. قارىغانچە قارىغۇسى كېلەتتى. قىز ئۇنىڭغا بۈگۈن ھەر ۋاقىتتىكىدىن ئۈز كۆرۈنەتتى. قىز ئەسلىدىنلا ئۈز ئىدى. بۈگۈن ئۇ ياخشى ياسانغىنى ئۈچۈن تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى. چىرايىغا قازا ماس كەلگەن ھالرەڭ يوپكىسى بىلەن ئاق كوپتىسى، ئەتىرەڭ قىسقا پايپاق بىلەن كىيگەن جىگەررەڭ توپلىي، بويىندا پارقىراپ

تۇرغان قىزىل - ھال ياقۇت مىدالىيونى قىزنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشقانىدى.

شىياۋمېي شىياۋتيەنگە بويىنىنى يېرىم ئېگىپ يەر ئاستىدىن قاراپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ مەسلىكى كەلدى. كېيىن ئۇ گۈزەل تاغلارغا قاراپ ئويغا چۆمدى.

شىياۋمېي شىياۋتيەننى يامان كۆرمەيتتى. بىراق ئۇنىڭدا قانداقتۇر بىر نېمە يېتىشمەيدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار تونۇشقىلى ئىككى يىلدىن ئاشتى. مانا بۇ يىل ئالىي مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىنى تۈگەتتى.

يىگىتنىڭ داۋاملىق ئۆسۈپ يېتىشىۋاتقانلىقى قىزنىڭ مايىللىقىنى كۈچەيتمەكتە. ئۆزى بىلگەن باشقا يىگىتلەرگە قارىغاندا ئۇ شىياۋتيەننى پەرقلىق كۆرەتتى.

قىز ھازىر يىگىتكە قاراپ مەسلىكى كەلگەندە، قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ ئۆزىنى يىگىت تەرەپكە ئىتتىرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. «ئۇ ياخشى تاۋلانسا ئاسمان جىگىدە يېڭىلەيدىغان چەبدەس بىر بۈركۈت بولۇپ چىقىشى مۇمكىنغۇ ...» دەپ ئويلىدى. بىراق، ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ ئارقىسىدا بىرسى: «ھەي، قىز، ئالدىرىما، تامنىڭ ئۇلى چىڭ بولسا، ئۈستى چىڭ بولىدۇ، ھەقىقىي مۇھەببەت، چىن سۆيگۈ بەختلىك تۇرمۇشنىڭ ئۇلى ...» دەپ پىچىرلىغاندەك قىلدى.

تيەنيىڭمۇ كېلىشكەن يىگىت، چىراي - شەكىلدە شىياۋمېيدىن ئانچە قېلىشمايدۇ. بويى ئېگىز، زېھنى ئۆتكۈر، شوخ، تەبىئەتلىك.

تيەنيەنىڭ ئۆزىگە لايىق يارىشىملىق كېيىنىشىنى بىلەتتى. بۈگۈن بىر تار ئىشتان، كۆك - ئالا كۆڭلەك ئۈستىدىن، پىدىژاك كىيگەن، قاپقارا چاچلىرى چىرايلىق ياسالغان. شياۋمېينىڭ ياراتمىغانلىق كەيپىياتىنى سەزگەندىن كېيىن ئۇ پېشانىسىگە چۈشۈپ قالغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ قويدى. ئۇنىڭ ئويناق كۆزى، كۈلگۈنچەك چىرايى، قىزلارنى مەپتۇن قىلماي قويمايتتى. ئۇ، ياشلاردا بولىدىغان مەغرۇرلۇق بىلەن ئىچىدە ماختىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ شياۋمېي ئۇنىڭ بىلەن دوست بولدى. بىراق، بۇ قىزنىڭ تېخىچە دوستلۇق چېگرىسىدىن ھالقىپ سۆيگۈ ئىپادىسىنى بىلدۈرمەيۋاتقانلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلاتتى.

ھازىر شياۋمېي يىگىتكە بۇرۇلۇپ قارىغاندا قىزنىڭ كۆزىدە قانداقتۇر بىر خىل سۆيگۈ نۇرلىرى چاقنىغاندەك قىلدى. ئۇ قورغىلىپ قىزغا يانداشىپ ئولتۇردى.

— شياۋمېي، ئەجەب ئويچان ئولتۇرۇپ كەتتىڭىزغۇ؟

— ئاشۇ قىزىل ياپراقلارنىڭ گۈزەللىكىگە ھەۋىسىم كېلىپ قاراپ ئولتۇرىمەن. قاراڭ، نېمىدېگەن گۈزەل!...

— ھە، راستلا بەك گۈزەل ئىكەن! بىراق...

— ھە، نېمە بىراق؟

— بىراق، ئۇ ياپراقلارنىڭ ئۆمرى ئاخىرلاشقان، كۆردىڭىزمۇ، بەرگىدىن ئاجراپ لەيلەپ يەرگە چۈشۈۋاتقىنىنى.

— شۇنداق، ئۇ مۇشۇ بىر يىللىق ئۆمرىنى ئاياغلاشتۇردى. لېكىن...

— ئۆمرى ئاياغلاشقان دېگەن سۆز — تۈگىدى دېگەن سۆز ـ دە! — شىياۋمېيىنىڭ سۆزىنى بۆلدى شىياۋتيەن.

— ياق، ئۇ تۈگىمەيدۇ. ئۇ بۇلتۇرقى قىزىل ياپراقلار قالدۇرۇپ كەتكەن دەرەخ بەمەنلىرىدىن ئۆسۈپ چىققان. كېيىن ئۇ ياشلىق باھارى بىلەن ياپيېشىل ئورمان ھاسىل قىلىپ كىشىلەر ھاياتىغا تۆھپە قوشقان. ئەمدى قىزىرىپ گۈزەللىكى بىلەن كىشىلەرگە زوق ۋە ئىلھام بېغىشلىماقتا. بۇ دەرەخلەر ياپراق تۆكىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ بەمەنلىرىدىن يەنە تۈمەن مىڭلىغان ياپراقلار چىقىپ ئۇلارنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ قىزىل ياپراقلار يەرگە چۈشكەندىن كېيىن يوقالمايدۇ، ئۆزگىرىدۇ — ئوغۇتقا ئايلىنىپ ئۆز كۈچى بىلەن ئىز باسارلىرىغا مەدەت بېرىدۇ، — قىز بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدۇردى، — شۇنداق، ئۇ ئۆلمەيدۇ، ئۆزگىرىدۇ، مەدەت بېرىدۇ... ئەمما، يېشىل — ياش ۋاقتىدا تاۋلىنىپ يېتىشمىگەن ياپراق قىزىل رەڭگە كىرىش دەۋرىگە يەتمەيلا بالدۇر تۆكۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن. يا بولمىسا توق قىزىل ياپراق بولۇپ تەبىئەتكە گۈزەللىك قوشالمايدۇ، ياخشى ئوغۇتمۇ بېرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ بىر يىللىق ئۆمرى مەنىسىز بولۇپ قالىدۇ...

— دۇنيادا بارلىق شەيئى، پۈتكۈل كائىنات مۇشۇنداق دەۋر قىلىپ تۇرىدۇ...

— چۈشەندىم. پەلسەپە مۇئەللىمى بۇ توغرىدا راستلا خېلى جىق سۆزلىگەندى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شياۋتيەن بۇ سۆزنى ئاللىقانداق خىجالەت تەلەپپۇزىدا ئېيتتى. كېيىن ئىچىدە «ئاپلا، يەنە بىر چاندۇردۇم — دە! بۇ قىزغا گەپ تېپىپ بېرىش ئۈچۈن ئويلاپ سۆزلەش كېرەك...» دېدى.

3

يەنە بىر ياز كۈنى. ئۇلار باغنى ئايلىنىپ كېلىپ بىر گۈلزارلىق ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

مېيخۇا ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسىگە دىققەت بىلەن نەزەر سالىدىغان بىر قىز ئىدى. بولۇپمۇ گۈللەرگە بەك ھەۋەس قىلاتتى. ئالدى تەرەپتىكى گۈلزارلىق ئۇنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى. گۈزەل ئېچىلغان خىلمۇ خىل ئەتىر گۈللەر دېمىسىمۇ كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرەتتى.

— قاراڭ، نېمىدېگەن چىرايلىق ئېچىلغان گۈللەر — ھە! — دېدى شيامېي گۈلزارلىقنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ.

— ھە، گۈللەرمۇ... ياخشى، ياخشى، — دېدى نىشانسىز ھەرتەرەپكە قاراپ مىنگەشتۈرۈلگەن پۇتلىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئولتۇرغان شياۋتيەن، — گۈللەر ھەقىقەتەن بەك ياخشى ئېچىلىپتۇ. سىز قانداقىنى ياخشى كۆرىسىز؟

— مەنمۇ؟ مەن قىزىل ئەتىر گۈلنى ياخشى كۆرىمەن.

شياۋتيەن شۇ ھامان ئورنىدىن تۇرۇپ گۈللەر بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان گۈلچى بوۋايدىن تولۇق ئېچىلغان

بىر تال ئەتىرە گۈلنى سوراپ ئېلىپ كەلدى.

— مانا، قاراڭ! — دېدى ئۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېتىپ، — بۇ گۈلنىڭ گۈزەللىكى خۇددى سىزگە ئوخشايدىكەن. بۇ گۈل مېيخۇا بىلەن بەسلىشۋاتامدىكىن، تاڭ؟!

شياۋمېي ئۇنىڭ سۆزلىرىگە كۈلۈپ، گۈلگە زوق بىلەن قارىدى. شياۋتيەن «ۋايجان!» دېدى - دە، قولىدىكى گۈلنى يەرگە تاشلىۋەتتى.

— نېمە بولدى؟

— تىكىنى قولۇمغا سانجىلىپ كەتتى...

شياۋمېي شياۋتيەننىڭ باشمالتىقى ئۇچىدىن چەقنەپ تۇرغان كىچىككىنە قان تامچىسىنى ياغلىقى بىلەن سۈرتۈپ قويۇپ، يەردىكى گۈلنى ئېلىپ قايتىپ ئورۇندۇققا ئولتۇردى.

شياۋتيەن رەنجىپ سۆزلەپ كەتتى:

— گۈل بولامدىغان بۇ، بەكمۇ رەھىمسىز ئىكەن، تىكىنى نېمىدېگەن ئۆتكۈر...

— تىكىنى بولسىلا رەھىمسىز بولامدىكەن؟ بۇ گۈلنى ماڭا ئوخشاتقان ئىدىڭىزغۇ، ئۇنداق بولسا بۇ مېنى تاشلىۋېتىمەنگىز ئەمەسمۇ؟ مېنىڭمۇ تىكىنىم باردۇ، بەلكىم؟!

— ياقەي، ئۇنداق دېمەڭ. راستىنى ئېيتسام بۇ گۈلنى سىزگە ئوخشاتقىنىم توغرا بولماپتۇ... — ئۇ ئوڭايسىزلاندى.

— توغرا ئەمەس. تىكەنلىك گۈلنى يامان دېيىش

بولمايدۇ. تىكەنلىك بولسا، ئۇ يامان غەرەزدىكىلەردىن ئۆزىنى ئاسرايدۇ، ۋاپاسىز قوللارنىڭ تېگىشىگە يول قويمايدۇ. بۇ گۈل بەلكى سىناش ئۈچۈن بارمىقىڭىزغا تىكىنىنى سانجىپ باققاندۇ. قاراڭ، سىز ئازغىنا سانجىشقا چىدىماي ئۇنى تاشلىۋەتتىڭىز.

— ياق... ھە، مەن... بۇنىڭدىن سىز باشقىچىلا مەنا چىقىرىپ كەتتىڭىزغۇ! راستىنى ئېيتسام، سىزنى بۇ گۈلگە تەڭ قىلالمايمەن...

— خاتالىشىۋاتىسىز، شىياۋتيەن، مەن مۇشۇ گۈزەل ھەم تىكەنلىك گۈلگە ئوخشىيالىسام بولاتتىمغۇ؟! — ئۇ سۆزلەۋېتىپ قولىدىكى توق قىزىل ئەتىر گۈلنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى، — مانا قاراڭ، بۇ گۈلنىڭ گۈزەل ھۆسنى، پۇرىقى كىشىگە زوق بېرىدۇ. تىكىنى بولسا ئۇنىڭ خەنجىرى.

— مەن بۇ گۈلنىغۇ يامان كۆرمەيمەن، ئەمما تىكىنى قولۇمغا قاتتىق سانجىلىپ كەتكەنلىكتىن تاشلاپ ساپتىمەن...

— سىز ھەممە گۈلنى ئەمەس، تىكەنسىز، ياۋاش، سانجىلمايدىغان، ھىد چېچىپلا تۇرىدىغان گۈلنى ياخشى كۆرىسىز. بۇنى ئىنكار قىلالامسىز...؟

شىياۋتيەن ئۈن - تىنسىز قولىدىكى بىر گۈل ياپرىقىنى ئويماپ ئولتۇردى. «يەنە چاندۇردۇم - دە! بۇ قىزغا تەڭ كېلىش تەس ئوخشايدۇ... ياق، كەمچىلىك مەندە، مەن ئۇنىڭغا ياراشقا تىرىشىمەن...» دەپ ئويلىدى ئىچىدە.

— ئەجەب ئولتۇرۇپ كەتتىڭىزغۇ! يۈرۈڭ كېتەيلى، كېرەك يوق. گۈل تىكەنلىرى چىقىراق سانجىلسا، بەلكى سەگەك بولۇپ قالارسىز...

شىياۋتيەن خىجالەتچىلىك بىلەن ئورنىدىن قوپۇپ ماڭدى. شىياۋمېي ئۇنى قولتۇقلاپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. شىياۋتيەنمۇ كۈلۈپ-چىرايى ئېچىلدى. بىراق چىرايىدىكى خىجالەتچىلىكى يوقىلىپ كەتمىدى. «بۇ قىز گۈلگە يۆلەپ مېنى يەنە بىر سانجىۋالدى - دە! مەن ئەمدى سانجىتمايمەن» دەپ ئويلىدى.

— يەنە نېمە ئويلاۋاتىسىز؟ — سورىدى شىياۋمېي.

— ھە... ھېچنېمە... مېيخۇانىڭ تىكىنى يوق - ھە؟

— بىراق، مېيخۇا باشقا گۈللەردە يوق بەرداشلىق كۈچىگە ئىگە:

«تاغ ئارا مۇزلار قېتىپ قار چوققىنى باسقاندىمۇ،
گۈلگەي ئاندا تۆكۈپ گۈل خۇش پۇراق...»

— ھە، مۇنداق دەڭ، دېمەك، مېيخۇا ھەم گۈزەل، ھەم قەھرىتانغا چىداملىق ئىكەن - دە؟! نېمىدېگەن ياخشى گۈل - ھە! ھەم گۈزەل، ھەم باتۇر...

— گۈزەل ۋە باتۇرلۇق يالغۇز مېيخۇاغا خاس ئەمەس. — ئۇلار باغچىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىشىۋېتىپ بىر - بىرىگە قاراپ يېقىملىق كۈلۈمسىرىدى.

شىشەن تېغىنىڭ كەينىگە مۆككىلى تۇرغان قۇياش نۇرى ئۇلارنىڭ مەڭزىدە جىلۋە قىلماقتا ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 4

بۈگۈن شياۋمېي شياۋتيەن بىلەن دەرس تەييارلاش ئۈچۈن جىنشەن باغچىسىغا باردى. ھېيجىمەك باھارنىڭ سوغۇق شامىلى شياۋمېينىڭ چاچلىرىنى تاراپ ئۆتمەكتە. شياۋتيەن پەلتۇسىنىڭ ياقىسىنى بويىنىغا كۆتۈرۈۋالغان. يەنە بىر قانچە باللار بۇ يەردە دەرس تەييارلاۋېتىپتۇ. بۇ يىل ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈش يىلى بولغاچقا ئۇلار ئاخىرقى ئىمتىھانغا ئالدىراش تەييارلانماقتا ئىدى.

بۇ ئىككىيلەن دەرەخلەر ئارىسىدىكى تاشلارغا ئولتۇرۇپ دەرس تەييارلاشقا باشلىدى. پۈتكۈل دىققىتى بىلەن كىتابقا بېرىلدى.

بىر ۋاقىتتا بىر كىچىك بالىنىڭ قاتتىق يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. شياۋمېي چۆچۈپ قارىۋىدى، 2 — 3 ياشلاردىكى بىر قىز بالا قىرقىراپ يىغلىغان پېتى تار ئاسفالىت يولدا كېلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئىشتىنى تىزىدىن يىرتىلىپ قانغا مىلەنگەن. شياۋمېي يېرىپ قىزنى توختىتىپ سورىدى:

— نېمە بولدى، قىزچاق؟

— يىقىلىپ چۈشتۈم، ئاشۇ تاشقا ... — قىز يىغلاش ئارىلاش سۆزلەيتتى، كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

— بۇ يەرگە كىم بىلەن كەلگەن؟

— ئانام بىلەن.
— ئاناڭنىڭ ئىتى نېمە؟
— ئانامنىڭ ئىتى ئانام.
شياۋمېي قىزنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئاۋۋال ئاق ياغلىقى بىلەن ئۇنىڭ قانىغان پۇتىنى تاڭدى، ئاندىن يۈز - كۆزلىرىدىكى ياشلارنى سۈرتۈپ كۆتۈرۈپ ماڭدى. بالا شياۋمېينىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ ئىسەدەپ يىغلايتتى.
شياۋتيەن كېلىپ بالىغا سەپسالدى ۋە:
— شياۋمېي، ئۇنى ئانىسى تېپىپ ئالمامدۇ، باشقىلارغا نېمە ئانچە قىلىسىز، قارىڭا، ياغلىقىڭىز قانغا بويىلىپ كېتىپتۇ... — دېدى.
شياۋمېي ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويۇپ لام - جىم دېمەي مېڭىۋەردى. شياۋتيەنمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى، بىراق ئۇنىڭ كەيپىياتى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى.
باغچىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى بىر بىناغا كەلگەندە شياۋمېي شياۋتيەنگە:
— سىز مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭ. مەن ھازىر چىقىمەن، — دېدى - دە، بالىنى كۆتۈرگەنچە بىناغا كىرىپ كەتتى.
شياۋتيەن ئىشىك ئالدىدىكى بىر تاش بەندىگە ئولتۇرۇپ، ستولىغا ئورنىتىلغان كارنايدىن چىقىۋاتقان بىر يېتىرى ئاۋازلىق ئايال ناخشىچىنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاۋاتاتتى، بىردىن ناخشا توختاپ كارنايدىن سۆز ئاڭلاندى:
— دىققەت! باغدىن مېي مېي ئىسىملىك بىر قىز-

چاقنى تېپىۋالدۇق، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى دەرھال را-دىئو ئۇزېلىغا كېلىپ بالىسىنى ئېلىپ كەتسۇن!..

بۇ سۆز ئۈچ قېتىم تەكرارلاندى. بىر پەستىن كېيىن بىر ياش ئايال پەرىشان ھالدا ئالدىراش ئىچكىرى كى-رىپ كەتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي شىياۋمېي چىقتى. ئۇ شىياۋتيەن بى-لەن بىللە مېڭىپ بىنادىن يىراقلاشتى. شۇ ئەسنادا ئىچ-كىرىدىن بالا كۆتۈرۈپ چىققان ھېلىقى ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھوي قىزچاق، توختاپ تۇرۇڭ!..

شىياۋمېي:

— خوش، — دەپ ئايالغا قاراپ قولىنى پۇلاڭ-لىتىپ قويۇپ يۈرۈپ كەتتى. ئايال «رەھمەت» ئۈستىگە «رەھمەت» ياغدۇردى، بالا: «خوش، ئاچا!» دەپ قالدى.

ئۇلار ئاۋۋالقى جايىغا بېرىپ ئۈن ـ تىنسىز جىم ئولتۇردى، ئاخىرى شىياۋتيەن جىمجىتلىقنى بۇزدى:

— كەچۈرۈڭ شىياۋمېي، مەن يەنە ئويلىماي سۆز-لەپ ساپتىمەن..

— ئادەمنىڭ ئەدىبىسى ئۇنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. قازاندا نېمە بولسا چۆمۈچكە شۇ چىقى-دۇ، — ئۇ بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى دا-ۋام قىلدى، — شىياۋتيەن، بىز ئەمدى ئىلگىرىكى نادان باللار ئەمەسمىز، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىنى ئالغان يېڭى دەۋر ياشلىرى بىز. تۇرمۇشتىكى، جەمئىيەتتىكى، دۇنيا-دىكى ئىشلارنى، قىسقىسى، ئەتراپىمىزدىكى بارلىق شەيئ-

لەرنى ئاڭلىق كۆزىتىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇ-
شىمىزدىكى بىر كىشىلىك ۋەزىپىمىزنى ئۈستىمىزگە ئېلىش
ۋاقتى كەلدى. ئۆمۈرنىڭ توغرا يولىنى تاللىۋېلىش كې-
رەك. بىز ئۆزىمىزنى كىشىلەردىن ئۈستۈن قويۇشقا ھەق-
لىق ئەمەسمىز. مەن دۇنيادا ئۆزىنى سۆيمەيدىغان كىشى
بار دېسە ئىشەنمەيمەن. ئەگەر ئۆزىنى سۆيمىسە، ئۆ-
زىنى بىلىپ تۇرۇپ، ھەر كۈنى ئەينەكتە ئۆزىنى بىر
نەچچە قېتىم كۆرۈپ تۇرۇپ، يەنە نېمىشقا سۈرەتكە
چۈشىدۇ؟ تېخى سۈرىتىنى چوڭايتىپ رامكىغا ئېلىپ قو-
يىدىغۇ؟! بىراق، ئۆزىنى باشقىلاردىن يۇقىرى قويۇش،
ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ باشقىلارنىڭ مەنپەتىگە ئېتى-
بار قىلماسلىق خاتا. سەن بىر شەخسىي، شۇنىڭ بىلەن
سەن كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. بىر
شەخسنىڭ بارلىقى باشقىلارنىڭ ئەمگىكى بىلەن مەۋجۇت
بولۇپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ كىچىكلىكتىن چوڭ بولۇپ
بۈگۈنكى ياشقا كېلىشىمىز، بىزنىڭ يېگەن - ئىچكىنىمىز،
ئۈچىمىزدىكى كىيىملىرىمىز، مەكتەپتە ئالغان ئۇرغۇن دەر-
لىرىمىز — قىسقىسى، ئىلگىرىدىكى بالا شىياۋمېي، شىياۋ-
تيەنلەردىن بۈگۈنكىدەك ئادەم بولۇپ ئۆسۈپ چىقىشى-
مىز — بۇلارنىڭ ھەممىسى باشقىلارنىڭ ئەمگىكى نەتىجى-
سىدە بولغان. شۇڭا: «مەن» يەككە يېگانە «مەن» ئە-
مەس، ئىجتىمائىي «مەن». بىزنى جەمئىيەت بېقىۋاتقان-
كەن، ئەلۋەتتە كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ بىر ۋىنتىسى سۈ-
پىتىدە شۇ جەمئىيەت ئۈچۈن، باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت
قىلىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ ئىنقىلابىي پېشقەدەملىرىمىز بار-

لىقىنى خەلق ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن بېغىشلاپ، جان پىدا ئەيلەپ كۆرەش قىلغان، ئۇلار بىز تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان ئالىيجاناب خىسلەتلىك ئادەملەر. ئادەم — چىن ئادەم بولۇش كېرەك. ئادەمدە ئۇلۇغ غايە، ئىنقىلابىي ئىرادە، كۆرەشچان روھ ۋە ھەقىقىي ئادەمگەرچىلىك بولۇشى كېرەك. مانا بۇ چىن ئادەمنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى...

شياۋتيەن شياۋمېينىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى، ئۇ ئارىلاپ پېشانە تەرلىرىنى ياغلىقى بىلەن سۈرتۈپ قوياتتى...

× × ×

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن شياۋمېي «شياۋتيەن يارىدار بولۇپ دوختۇرغا كېتىپتۇ» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ، دوختۇرخانىغا يۈگۈردى. ئۇ كىرىپ، شياۋتيەننىڭ بىر كارىۋاتتا كۆزىنى ئاچماي ياتقانلىقىنى كۆردى، ئۇنىڭ ئوڭ قولى تېڭىلغان بولۇپ، يېنىدا بىر دوختۇر ھەم چاچلىرى چۇۋۇلغان بىر قىز قاراپ تۇراتتى. ئۇ شياۋتيەنگە قان بېرىۋاتاتتى.

دوختۇر شياۋمېينىڭ جىددىي قىياپىتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا تەسەللىي بەردى:

— قورقماڭ، ھېچ گەپ يوق. يارىسى ئېغىر ئەمەس، بىراق قان جىقراق ئېقىپ كېتىپتۇ...

قان بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن شياۋتيەن كۆزىنى

ئاچتى. شياۋمېي ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلىغاندى، ئۇ كۆز-
لىرىگە لىققىدە ياش ئالدى. قان بەرگەن قىز ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى:

شياۋتيەن بىر ئارقا كوچىدا كېتىپ بارغاندا ھېلىقى قىزنىڭ: «ۋاي ئادەم بارمۇ، مېنى قۇتۇلدۇرۇڭلار!» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بىر لۈكچەك بۇ قىزغا ھۇجۇم قىلىۋاتقان، قىز ۋارقىرىغىنىچە ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىۋاتقانىكەن. شياۋتيەن دەرھال بېرىپ لۈكچەك بىلەن قاتتىق ئېلىشىپتۇ. ئاخىرى لۈكچەك ئۇنىڭ بىلىكىگە پىچاق ئۇرۇپ يىقىتىپتۇ. لۈكچەك شياۋتيەننى بېسىپ يەنە پىچاق سالغىلى تۇرغاندا، بۇ قىز چەتتىكى بىر پىششىق خىشنى ئېلىپ لۈكچەكنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ بېشىغا ئۇرغانىكەن، ئۇ ئايلىنىپ كېتىپ يەرگە يىقىلىپتۇ. ئاندىن ئىككىسى شياۋتيەننىڭ بەل تاسمىسى بىلەن لۈكچەكنى باغلىۋاپتۇ. كېيىن ئادەملەر كۆپىيىپتۇ. ساقچى كېلىپ لۈكچەكنى ئېلىپ كېتىپتۇ. قۇتۇلدۇرۇش ماشىنىسى كېلىپ شياۋتيەننى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەپتۇ، قىزمۇ بىللە كەپتۇ...

شياۋمېي ئەھۋالنى ئاڭلاپ شياۋتيەننىڭ پېشانىسىنى سىلاپ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

شياۋمېي ھەر كۈنى دوختۇرخانىغا كېلىپ شياۋتيەننى يوقلاپ تۇردى. بىر قېتىم قانمۇ بەردى. ھېلىقى قىزمۇ كۈن ئارىلاپ ئالما، ئاپېلسىن كۆتۈرۈپ كېلىپ تۇراتتى. شياۋتيەن ھالىغا كېلىپ ياستۇققا يۆلەنگەندە، شياۋ-

مېي ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ بىللە دەرس تەييارلىدى.

بىر كۈنى كەچلىكى ئىككىسى دەرس تەييارلاپ بو-لۇپ ئۆتكەن - كەچكەنى سۆزلىشىپ ئۇزاق ئولتۇردى. سۆز ئارىسىدا تۇيدۇرماي بىر - بىرىگە يەر ئاستىدىن قا-رىشىپ ئالاتتى. ئۇلارنى بىر - بىرىگە باغلاپ بولغان يۈرەك رىشتىلىرى ئۇلارنى ئايرىلغىلى قويمايتتى.

ئاخىرى شياۋمېي سائەتكە قاراپ ئورنىدىن قوپۇپ: «ياخشى چۈش كۆرۈڭ» دەپ قولىنى ئۇزاتقانىدى، ئىك-كى قول بىر - بىرىگە تېگىشى بىلەنلا ئۇلارنىڭ تېنى توك سوققاندەك جۇغۇلداپ كەتتى. ئىككى جۈپ قارا كۆز خۇددى يىپسىز باغلىنىپ قالغاندەك بىر - بىرىگە ئۇزاق بېقىشتى. كۆزلەردىن چاقنىغان سۆيگۈ نۇرلىرى ئۆزئارا سىڭىشىپ ئىككى ياش يۈرەكنى تەپرىتىپ كېلەيتتى. شياۋتيەن شياۋمېينىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ، كۆزلى-رىنى بۇ چوڭقۇر مەنالىق كۆزلەردىن ئۈزۈپ مۇھەببەت بىلەن دېدى:

— مېيخۇانىڭ تىكىنى يوق، ئۇ ھەم گۈزەل، ھەم مەزمۇت، قەھرىتانىدىمۇ سولمايدۇ. شۇنداقمۇ؟

— بۈركۈت ئاسماننىڭ ئەركىسى. ئەگەر ئۇ بو-ران - چاپقۇنلارغا بەرداشلىق بېرىپ تاۋلانسا، ئاسمان چېكىدە يەگەنەي قويمايدۇ...

— ئىلگىرىكى چاغلىماي ئۇچۇپ چۈشۈشنى بىلمەي-دىغان بۈركۈت ئەمدى يوق...

— توغرا، بۇنى خۇشاللىق بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپ-تىمەن.

— رەھمەت، شىياۋمېي... — شىياۋتيەن قىزلى ئۆزىگە تارتتى.

— ياخشى دەم ئېلىڭ. ھازىرقى ئىمتىھاندىن ياخشى ئۆتۈش...

ئۇ شىياۋتيەننىڭ ئۈستىگە ئېگىلىپ ئۇنىڭ لەۋلىرىگە ئاغرىپ كەتمىسۇن دەپ ئايىغاندەك ئاستاغىنە سۆيۈپ قويدى ۋە قولىنى شىياۋتيەننىڭ قولىدىن بوشىتىپ ئېگىز كۆتۈردى - دە، «خوش» دەپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئىشىكنى يېپىۋېتىپ ئارقىسىغا قايرىلىپ، خۇددى قېتىپ قالغاندەك قاراپ تۇرغان شىياۋتيەنگە قاراپ ئىسسىققىنە كۈلۈمسىرەپ ئىشىكنى ئاستا يېپىپ قويدى.

شىياۋتيەن كېچىچە دېگۈدەك كىرپىك قاقماي چىقتى. ئۇ سۆيگۈ خىياللىرىنىڭ دېڭىزىدا توختىماي ئۈزەتتى. ئاھ، نېمىدېگەن جەزىبىلىك كۆز، نېمىدېگەن يېقىملىق، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان تەبەسسۇم!

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئۇ دېرىزىدىن كىرگەن قۇياش نۇرى بىلەن تەڭ ئويغاندى. ئاخشام قايسى ۋاقىتتا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالالمىدى. ئوڭدىسىغا يېتىپ يەنە خىياللار قوينىغا كىرىپ كەتتى...

1985 - يىل، 2 - ئاي، يەنتەي.

# مەنىلىك سۆھبەت

— شۇنداق قىلىپ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈردۈم دېگەن؟

— پۈتتۈرمەيچۇ، تېخى ئالىي مەكتەپكىمۇ ئىمتىھان بەردىم دەڭا.

— پاھ! تۈنۈگۈنكى مۇشتۇمدەك قىز، بۈگۈن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ كېتىدىكەن ـ دە!؟

— ئەمدى مېنى مۇشتۇمدەك دېسىڭىز ئاچچىقىم كېلىدۇ چوڭ دادا، مەن 17 ياشقا كىردىم.

— ھە، ماقۇل، دېمەي، ئىمتىھاندىن ئۆتەلەيدىغان ـ دەك تۇرامسەن؟

— باشقا سوئاللارغا ياخشى جاۋاب بەردىم. بىراق، «بىزنىڭ جەنۇبىي قۇتۇبقا بارغان ئەترىتىمىزنىڭ نامى ـ نى نېمىدەپ ئاتايدۇ؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرەل ـ مىدىم. 80 دىن ئارتۇق نومۇر ئېلىشىمغا ئىشىنىمەن.

— تارىختىنچۇ؟

— ياخشى.

— ئۇيغۇر تارىخىنى ئوقۇدۇڭلارمۇ؟

— تەپسىلىي ئوقۇمىدۇق. تارىخ مۇئەللىمى ئانچە ـ

مۇنچە سۆزلەپ بەردى.

— قانداق تەسىرات ئالدىڭ؟

— بىز ئۇيغۇرلار تارىخىمىز ئۇزۇن، مەدەنىي مىراسلىرىمىز كۆپ، ئىنسانىيەتكە چوڭ تۆھپە قوشقان ئۇلۇغ مىللەت ئىكەنمىز. مەھمۇت قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك مەشھۇر ئالىملىرىمىز بوپتىكەن. بۇنىڭغا پەخىرلەندىم. بىراق...

— بىراق، نىمە؟

— بىراق، ئەمدى نەگە بارىمىز؟! خەقلەر ئاسماننىڭ قەرىدىگە چىقىپ سەييارىلەر بىلەن بەسلىشىۋاتسا، بىز تارىخىمىز بىلەنلا ماختىنىپ، كاۋاپ سىتىپ كىتىۋېرىمىزمۇ؟!

باياتىن پىشايۋاندا يىراقتىكى تاغ چوققىلىرىغا قارىغاچ، قىزىمىنىڭ جاۋابلىرىنى قىزىقىپ ئاڭلاپ ئولتۇرغان بولساممۇ، ئۇنىڭ توساتتىن بۇنداق كارامەت سوئال قويۇشىنى ئويلىمىغانىدىم. ئىختىيارسىز قىزىمغا قارىدىم. قىزىم ئۇماق قارا كۆزلىرىنى ئوينىتىپ كۈلۈمسىرەپ مەندىن جاۋاب كۈتۈپ تۇراتتى. خېلىدىن بېرى مەن ئويلاپ يۈرگەن بۇ مەسىلە توغرىسىدا قىزىمنىڭ بۇنداق ئۆتكۈر ۋە چوڭقۇر مەنالىق سوئال قويغانلىقى ماڭا بەك تەسىر قىلدى.

— توغرا سوئال قويدۇڭ، قىزىم، بەك مەنىلىك سوئال بولدى. سەن مۇشۇ سوئال ئۈستىدە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش داۋامىدا ئىزلەنگەن، ئويلانغىن، ئىزلىنىش، ئويلىنىش جەريانىدا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب تاپقىن.

جاۋاب تاپقاندىن كېيىن ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھارماي كۈرەش قىلىش، ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىگەن. شۇنداق قىلساڭ توغرا يول تېپىپ ئۇلۇغ غايىنى كۆزلەپ ئالغا بېسىۋېرىسەن!...

— چوقۇم شۇنداق قىلىمەن. خاتىرجەم بولۇڭ چوڭ دادا. — دېدى قىزىم كۈلۈمسىرىگەن پېتى قەتئىي يوسۇندا.

— ياشا قىزىم، بارىكاللا. بىز بەك مۇھىم سۆھبەت ئۆتكۈزدۇق. قېنى يۈر، باغنى بىر ئايلىنىپ كېلەيلى. — مەن ئورنىمدىن قوزغالماقچى بولۇپ تۇرغاندا قىزىم دەرھال يېنىمغا كېلىپ مېنى يۆلەپ تۇرغۇزدى ۋە قولتۇقۇمدىن ئېلىپ ماڭدى. مەن گۈللەر ئارىسىدا كېتىپ بېرىپ قىزىمغا زوقلىنىپ يەنە بىر قېتىم قارىدىم ۋە مۇنداق دېدىم —

ياخشى ئويلاپسەن قىزىم. سېنىڭ بۇ ئوي - پىكىرلىرىڭ يېڭى دەۋرىمىزدىكى يېڭى ئەۋلادلارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. چوڭلارمۇ، ئەمەلدارلارمۇ، ئالىملارمۇ بۇ مەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇرۇشى ۋە ئۇنىڭغا توغرا جاۋاب بېرىشى كېرەك. ھەر بىر ئادەم ياشلىقىدا توغرا يول تېپىشى كېرەك. ئۆمۈرنىڭ توغرا يولىنى تاپالمىغان ئادەم موللاق ئېتىپ چۈشۈپ پۇشايماندا قالىدۇ. ئاقىۋەتتە ئۇ ئىنسانىيەتكە پايدىسىز ئادەم، بەلكى ئارتۇق يۈك بولۇپ قالىدۇ. ئۇنداق ھاياتنىڭ مەنىسى يوق...

1985 - يىل، 10 - ئاي.

## «ئاۋۋال ئۆز بارمىقىڭنى چىشلە، ئاغرىمىسا باشقىنىڭكىنى»

سىزگە بىر ھېكايە، ياق بىر بولغان ئىشنى سۆزلەپ بېرەي. سىزمۇ بەلكى بۇنداق ئىشلارنى ئۇچراتقان بولغىيتىڭىز...

مەلۇم بىر ئىدارىنىڭ گۇەنلىيەنى «پاڭزا» (كىشىلەر ئۇنىڭ كېلەڭسىز، سېمىز قىياپىتىگە قاراپ شۇنداق لەقەم قويغان) ۋېلسىپىت بىلەن ئالدىراپ دەرۋازىدىن كىردى ۋە ۋېلسىپىتنى جالاقىدە يەرگە ياتقۇزۇپ قويۇپ ئىچكىرى ماڭدى. ئۇ دىمىقىدا جىڭجۇنىڭ بىر ئاھاڭىغا ناخشا ئېيتىپ خۇشال كېتىپ باراتتى. بىراق، ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئۇشتۇمتۇت خاپىلىققا ئايلىنىپ كەتتى. ئۇ، ھويلىنىڭ بىر چېتىدە ئەخلەت دۆۋىسىدە ياتقان ئۆزىنىڭ «گۈزەل» ۋېلسىپىتىنى كۆرگەنىدى. ئۇ، ئەرۋايى ئۇچۇپ، يۈگۈرگىنىچە ۋېلسىپىتنىڭ يېنىغا باردى - دە، خىرقىراق قوپال ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ كەتتى: «بۇ قانداق خۇندەننىڭ ئىشى؟! زادى ھەممىسى مېنى كۆرەلمەيدۇ، ۋېلسىپىتىمنى رەسۋا قىلغۇچە، جېنىمنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىخانىسى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئالسا بولامدۇ؟».

ئۇ، ئامبارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۇزۇن غاڭزىدىن تاماكا شوراپ، كىچىك ئورۇندۇقتا كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغان ئامبارچىغا گۈلىيىپ قاراپ قويدى - دە، ۋېلىسىپىتنى ئەخلەت ئۇستىدىن ئېلىپ تىكلىدى ۋە يانچۇقىدىن ياغلىقىنى چىقىرىپ ئۇنى سۈرتۈشكە باشلىدى. بەختىگە يارىشا ۋېلىسىپىتى ھېچنېمە بولماپتۇ. چوڭ چىرىغى، پۈپۈكلۈك ئېگەرى... جايىدا. پارقىراپ تۇرغان ۋېلىسىپىتىگە قاراپ ئۇنىڭ كۆڭلى ئېچىلغاندەك بولدى. بىراق ئۇ، نېرىقى بىنا ئىشخانىسىدا ئىشلەۋاتقان سۆيۈملۈكىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ ئۇياققا قاراپ قوياتتى.

«پاكىزا» ۋېلىسىپىتىنى ئىدارە ئىشىغا زادىلا ئىشلەتمەيتتى، ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى ئىشلىرىغىمۇ ئىدارىنىڭ ماشىنا، ۋېلىسىپىتلىرىنى ئىشلىتەتتى. ئۇ، بۇ ئەتىۋار مۈلۈكىنى ئىككى ۋاخ مەخسۇس ئىشلىتەتتى؛ بىرى سۆيۈملۈكى بىلەن تاماشاغا چىققاندا؛ بىرى رەقىبىنىڭ ئۆيى ئالدىدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلگەندە.

ئۇ، سۆيۈملۈكى شياۋخۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنى «زامانىۋى پاسون» دا ياسىدى. ئالا كۆڭلەك، لاباكۇ، ئېگىز پاشنا بەتىنكە — ھەممىسىنى ئوخشىتىپ كەيدى. چاچنىمۇ بويىندىن ئاشۇرۇپ قويۇۋەتتى. ئەمدى كەم قالغىنى بىر ۋېلىسىپىت ئىدى. بىر كۈنى شياۋخۇ باغ سەيلىسىدە نازلىنىپ: «قاراڭ ئاۋۇ كىشىنىڭ ۋېلىسىپىتى نېمىدېگەن چىرايلىق» دېگەندىن كېيىن، چوقۇم ياخشى بىر ۋېلىسىپىت ئېلىش قارارىغا كەلدى. ئاخىرى، شاڭخەي-

دىكى بىر دوستىنىڭ ياردىمى بىلەن زاۋۇتتىن چىقىش باھاسى بىلەن بىر «پېڭخۇاڭ» ماركىلىق ۋېلىسىپىت سېتىپ ئالدى.

ئۇ بىرىنچى قېتىم ۋېلىسىپىتنى مىنىپ باغقا بارغاندا شياۋخۇ كۈلۈپ قارشى ئالدى ۋە: «ۋاي - ۋۇي، ئەجەب ياخشى ۋېلىسىپىت ئاپسىز» دېدى. ئۇنىڭ بېشى ئاسمانغا تاقاشتى. شۇندىن كېيىن شياۋخۇ بىلەن تاماشىغا چىققاندا ۋېلىسىپىتسىز چىقمايدىغان بولدى.

«پاكىزا» شياۋخۇنى ئاۋۋالقى ياردىن تارتىپ ئالدى. ئۇ، ھەممە يۇمشاق - قاتتىق چارىلەرنى قىلىپ قىزنى ئىندەككە كەلتۈردى. شياۋخۇنىڭ ئاۋۋالقى يارى ئىشچى كىيىمى بىلەن بىر كونا ۋېلىسىپىتكە مىنىپ گايىدا ئۇچراپ قالاتتى، شياۋخۇ بىلەن ئىككىسى يەر ئاستىدىن بىر - بىرىگە قارىشىپ قالغانلىقىنى «پاكىزا» بايقاپ، قاتتىق كۈنلەپ، ئۇنىڭ قولىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپ قالىدىغانلىقىدىن ئەندىشە قىلاتتى. ئاۋۇ ئىشچىنى كۆرگەندە غەزىپى كېلەتتى. ئۇنى ئۆزىنىڭ خەتەرلىك رەقىبى ھېسابلايتتى. ئۇ، ھەر قېتىم رەقىبىنىڭ ئالدىدىن گۈزەل ۋېلىسىپىتى بىلەن ئۆتكەندە ئۇنى بىر قېتىم يەڭگەندەك ھېس قىلاتتى.

«پاكىزا» ۋېلىسىپىتنى ئۆيىنىڭ دالىنىغا ئېلىپ كىرىپ پارقىرىتىپ تازىلاپ، قۇلۇپ سېلىپ ئاسرايتتى. ھۆكۈمەت ۋېلىسىپىتنى بولسا، خالىغانچە مىنىپ، بۇزۇپ تاشلايتتى. ئاز دېگەندە ئىدارىنىڭ 3—4 ۋېلىسىپىتنى كاردىن چىقارغانىدى. ئامبارچى بوۋاي پىكىر بەرسە «مەن ئۆز ئىشىمغا ئىشلەتكىنىم يوق» دەپ قوپال جاۋاب بېرەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېقىندا ئۇ بىر جايدىن ئەرزان باھادا (ئىستېمال ئارقا ئىشىكتىن بولسا كېرەك) ھاراق، تاماكا سېتىپ ئېلىش ئۈچۈن ئىدارىنىڭ موتسىكلىتىنى مىنىپ كېتىپ ئوتتۇرا يولدا بۇزۇپ، تاشلاپ كېتكەن. ئامبارچى بوۋاي ماشىنا بىلەن ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئاچچىقى كېلىپ: «بۇ نېمە قىلغىنىڭىز گۆەنلىيەن؟» دېسە، «پاكىزا» پەرۋاسىز: «بىردىر موتسىكلىت دۆلەتكە قانچىلىك ئىش ئىكەن؟!» دەپ تەنە بىلەن جاۋاب بەردى.

ئۇزاقتىن بېرى «پاكىزا»نىڭ بۇ ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىكىنى كۆزىتىپ، غەزەپلىنىپ يۈرگەن بوۋاي بۈگۈن ئۇنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن ۋېلسىپىتىنى ئېلىپ چىقىپ ھويلىغا — ئەخلەت ئۈستىگە ياتقۇزۇپ قويغانىدى.

«پاكىزا» ۋارقىراپ - جارقىراپ ۋېلسىپىتىنى سۈرتۈۋاتقاندا بوۋاي كېلىپ:

— نېمە بولدىڭىز، گۆەنايەن؟ — دېدى.

— نېمە بولاتتىم، كۆرمىدىڭمۇ، بۇ ئىدارىدا مېنى كۆرەلمەيدىغان ئادەملەرنىڭ ئىشى بۇ، بۇ ماڭا ھاقارەت...— دەپ سۆزلەپ كەتتى.

بوۋاي غاڭزىسىنى بىر شوراپ ئېلىپ غەزەپ بىلەن:

— شۇنداقمۇ؟! دۆلەت مۈلۈكىنى خالىغانچە بۇزسا مەيلىكەنۇ، ئۆزىڭىزنىڭ مۈلۈكى توپا بولۇپ قالسا ھاقارەت بولامدىكەن؟ يىگىت، ئاۋۋال ئۆز بارمىقىڭىزنى چىشلەپ، ئاغرىمىسا باشقىلارنىڭكىنى چىشلەڭ! — دەپ پەرۋاسىز ھالدا ئارقىغا بۇرۇلۇپ، مېڭىپ كەتتى.

«پاكىزا» بىر قولىدا ۋېلسىپىتنى تۇتۇپ، بىر قولىدا ياغلىق بىلەن پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتكەنچە بوۋايغا قاراپ قالدى.

# نەسرلەر

## تۇنجى پويىز ئاۋازى

ئۇنى ئەتىگەنلىكى قانداقتۇر بىر يېقىملىق ئاۋاز ئويغىتىۋەتتى. لېكىن ئۇ، ئۇيقۇسىنى ئاچالماي ئورنىدا ياتقىنىچە ئويلىدى «بۇ قانداق ئاۋاز؟! ئىلگىرى مۇنداق ئاۋاز ئۈرۈمچىدە ئاڭلىنىپ باقمىغان ئىدىغۇ! ئەجەب ياخشى ئاۋازغۇ — بۇ!»

يەنە شۇ ئاۋاز:

«ۋۇ - ۋۇ ... ۋۇ ... ۋۇ ... !!!»

«ئاھ پويىز!» دېدى ئۇ، كېيىن ئۆزىنىڭ كارىۋاتتىن قانداق ئىرغىپ تۇرغانلىقىنى سەزمەي قالدى.

بۇ، ئۈرۈمچىدە تۇنجى پويىز ئاۋازى ئىدى.

ئۇ، دەرھال كىيىندى ۋە بىرىنچىلا كۈن پېتىش تەرەپكە قاراغلىق دېرىزىنى ئاچتى. دېرىزىدىن گۈپپىدە ئۇرغۇپ كىرگەن سالقىن ۋە ساپ ھاۋا ئۇنىڭدىكى چالا ئۇيقۇلۇقنى ۋە بەدىنىدىكى ئېغىرلىقنى ئاللىقاياقلارغا

قوغلىۋەتتى. تېخىمۇ ئوچۇق ۋە كۈچلۈك ياڭرىغان ھېلىقى ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى. ئۇ، ئاۋاز ئاڭلانغان تەرەپكە چەكسىز ھاياجان ۋە ئىشتىياق بىلەن نەزەر سالدى.

ئۇ، ياۋماۋشەننىڭ باغرىدا جەنۇبقا قاراپ سوزۇلغان ئۇزۇن تۇتۇننى كۆردى. تۇتۇن جەنۇب تەرەپكە شۇڭغۇپ ئۆرلىمەكتە ئىدى. ئەمدى كۈڭۈلگە ئارام بېرىدىغان باشقا بىر خىل ئاۋاز ئاران ئاڭلاندى:

«پۇۋۇت - پۇۋۇت - پۇۋۇت - پۇۋۇت......»

«پويىز! — دېدى ئۇ، ئاجايىپ خۇشاللىققا چۆمگەن ھالدا، — پويىز كەلدى».

1963 - يىل، 1 - ئاي. ئۈرۈمچىنىڭ كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان گۈزەل قىش كۈنلىرىدىن بىرى. ئۈچ كۈندىن بېرى يېغىۋاتقان قار توختاپ، ھاۋا ئېچىلغان، ھەممە ياقنى ئاپئاق پاختىدەك قار قاپلىغان، كۆن ئۇپۇقتىن قەددىنى كۆتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تېخى كۆرۈنمەيدۇ. ئۇنىڭ شولىسى پەقەت ياۋماۋشەننىڭ قارلىق چوققىلىرىدا پارقىرايدۇ.

ئۇ، ھامان دېرىزە ئالدىدا يىراقلارغا تېكىلىپ ئاجايىپ شېرىن خىيال ۋە چوڭقۇر تۇيغۇلار ئىچىدە ئويلايدۇ. تۈنجى پويىز ئاۋازى ھامان ئۇنىڭ قۇلىقىدىن كەتمەيدۇ، يۈرىكىنى بارغانسېرى دولقۇنلىتىدۇ. ئۇنىڭ خىيالى شۇ ئاۋاز بىلەن بىللە يىراقلارغا كېتىدۇ:

«ئاھ! قانداق كۈچلۈك، قانداق كۈڭۈللۈك ئاۋاز - ھە! ئەنە ئۇ، ئاسماندا ياڭرىماقتا ۋە بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. تىيانشاندىن ئەگىس ئەتكەن ئۇنىڭ ساداسى پەلەككە كۆتۈرۈلمەكتە. ئۇ، ئالتاي تاغلىرىغا بېرىپ

ئۆرۈلۈپ ئارقىغا قايتماقتا ۋە تېخىمۇ كۈچىيىپ، تېخىمۇ كۆتۈرۈلمەكتە؛ ئەنە شۇ ئاۋاز ئىلى ۋادىسىنىڭ ئاسمىنىدىن ئۆتۈپ، مۇزاتنى ئاتلاپ، تيانشاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكى ئۈستىدە پەرۋاز قىلماقتا؛ ئەنە ئۇنىڭ ساداسى پامىردىن ئاڭلىنىۋاتىدۇ، قارا قورۇم تاغلىرىدىن سادانىڭ ساداسى ياڭرايدۇ. بۇ ئاۋاز بارغانلا جايدا ئاسمانغا «پويەز كەلدى» دېگەن خەتلەر يېزىلغاندەك قىلىدۇ. كىشىلەر شەھەر كوچىلىرىدا ۋە يېزا مەھەللىلىرىدە يۇقىرىغا قاراپ چاۋاك چېلىشىدۇ، سەكرىشىدۇ، دوپپىلىرىنى ئاسمانغا ئېتىشىدۇ، بىر - بىرىنى قۇچاقلىشىدۇ، سۆيۈشىدۇ... ئەنە ئۇ، ئاۋاز تەكلىماكاننىڭ ئۈستىدە ئۈزۈپ يۈرىدۇ.

...... راستىلا، قۇدرەتلىك ئاۋاز ئىكەن بۇ...

ئەنە ئۇ، تاغلار بويلاپ ياڭرىغاندا، تاغلارنىڭ مىليون يىللاپ قېتىپ ياتقان تومۇرلىرى ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك، يەر ئاستىدا گازلار بېسىمىدا چىقىشقا يول تاپالماي ياتقان سۈيۇقلۇقلار يەر ئۈستىگە ئېتىلىپ چىقىشقا تەييارلىنىۋاتقاندەك قىلىدۇ...... چۆل - باياۋانلار ئۆزلىرىنىڭ زامان - زاماندىن بۇيان بېخىللىق قىلىپ بىكار ياتقانلىقىغا پۇشايمان قىلىۋاتقاندەك، ئەمدى كۆكسىنى يېرىپ، ئىنسانلارنى ئۆز بايلىقىدىن بەھرىمەن قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقاندەك قىلىدۇ. بۇ كارامەت ئاۋاز پۈتكۈل تەبىئەتنى كۈلدۈرۈۋەتتى ھەم تىلغا كەلتۈرۈۋەتتى. بۇ، نېمە دېگەن قۇدرەتلىك كۈچ!

...... ھە، شۇنداق بولمايچۇ! ئۇ، بەختلىك زامانىمىزنىڭ غالىب ئاۋازى، پەلەككە يەتكەن غەيرەت ۋە جاپالىق ئەمگەكنىڭ مېۋىسى؛ ئۇ،

كەلگۈسىدە، تاغنى - تالقان، چۆلنى - بوستان قىلىدىغان ئۇلۇغ كۈچنىڭ ئەلچىسى. بەلكى ئۇ، كۈچنىڭ ئاساسى قان تومۇرى. ئۇ، كەلگۈسىدىكى پارلاق ئىستىقبالنىڭ ۋە پاراۋان يېڭى ھاياتنىڭ خۇش خەۋەرچىسى...»

ئۇ، ھامان دېرىزە ئالدىدا. لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلى خىيال دېڭىزىدا. ئاسمان - پەلەكتە. يىراق - يىراقلاردا ئۈزمەكتە.

تەبىئەت مەنزىرىسى بارغانچە گۈزەللەشمەكتە. كۈن بوغدا ئارقىسىدىن كۈلۈپ كۆتۈرۈلدى. ئۇ، ئۈرۈمچىنى، ئۈرۈمچى خەلقىنى، ئاۋات شەھەرنى ھايات بەخش نۇرىغا كۆمدى. ھەممە ياقتا، ئاپئاق قار ئۈستىدە كۈن نۇرى پارقىرايدۇ. كۆڭۈل بارغانچە خۇشاللىققا تولماقتا. يۈرەك دولقۇنلىماقتا. تۇيغۇلار ئەۋج ئالماقتا. ئۇنىڭ ئوي - پىكرى ئۆتمۈشنى ئەسكە سالماقتا:

«بۇ يۇرت ئىچكى ئۆلكىلەردىن بەك يىراق. لېكىن يول يىراقلىقى قەدىمدىن خەلقنىڭ يۈرەك رىشتىلىرىنى ئۈزۈۋېتەلىگىنى يوق. ئىچكى دۈشمەنلەرنىڭ پىچاقلىرىمۇ، ياتلارنىڭ قىلىچلىرىمۇ بۇ رىشتىنى چېپىپ تاشلىيالمىغان. چۈنكى بۇ رىشتە ئېزىز ۋەتەندىكى خەنزۇ خەلقى بىلەن ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا مىللەت خەلقلىرى ئارىسىدىكى مۇھەببەتنى چىڭىتقۇچى ۋە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئۇلۇغ بىرلىكنى مەھكەم باغلىغۇچى ئىرادە بىلەن سۇغۇرۇلغان. ئۇ، ئۈزۈلمىگەن ۋە چوقۇم ئۈزۈلمەيدۇ......

... «يىپەك يولى» دەپ ئاتالغان تارىختىكى مەشھۇر يول چاڭئەندىن باشلىنىپ، دۇنخۇاڭدىن ئۆتىدۇ، چەرچەن - چارقىلىق ئارقىلىق خوتەنگىچە سوزۇلغان

بۇ ئۇزۇن يول يالغۇز ئىچكىرى بىلەن شىنجاڭنىلا باغ-
لاپ قالماستىن، قارا قۇرۇم، پامىر تاغلىرىدىن ئۆتۈپ،
مەملىكەتنى يىقىن شەرق ۋە ھەتتا غەرب ئەللىرى
بىلەنمۇ باغلىغان. بېيجىڭدىن ئىچكى مۇڭغۇلىيە كونىسى
ئارقىلىق قۇمۇل - تۇرپان، ياكى قۇمۇل - گۇچەڭدىن
ئۆتۈپ، ئۈرۈمچى، كېيىن ئىلى بىلەن باغلانغان ئۇزۇن
يولمۇ تارىختا مەشھۇر.

... لېكىن، بۇ ئۇزۇن يوللاردا قانچىلىك
يولۇچىلار ھاياتلىرىدىن ئايرىلغانلىكىن. قانچىلىغان ئات،
خېچىر، تۆگىلەر ئۆلگەنلىكىن؟! ... ئون مىڭ يوللۇق
ئۇزاق يوللار، سۇسىز چۆل - باياۋانلار، تاغۇ - تاش-
لار... بۇنداق يوللارنى بېسىپ، ئۈچ ئاي، بەش ئاي،
يېرىم يىل سەپەر قىلىش... يەنە كېلىپ، تۆگە، ئات،
ھارۋا بىلەن، ياكى پىيادە مېڭىش... بىرمۇنچە يول-
لاردا ئوزۇقلارنىلا ئەمەس، سۇنىمۇ ئېلىپ يۈرۈش......

... شۇنداق، يول يىراق، سەپەر مۇشەققەت...
لېكىن «يول يىراقلىقى» بولغان بىلەن «كۆڭۈل يىراق-
لىقى» بولمىغان.

... خەلق دوستلۇقىنىڭ ئاتاقلىق ئەلچىسى
جاڭچيەننىڭ ئىرادىسىنى يول يىراقلىقى سۇندۇرالمىغان-
غۇ! مۇندىن 2100 يىل ئىلگىرى ئىچكىرىدىن بۇ رايونغا
ئىككى قېتىم سەپەر قىلغان، ئۆمرىنىڭ كۆپ ۋاقتىنى
خەلق دوستلۇقى ۋە بىرلىكىنى مۇستەھكەملەشكە سەرپ
قىلغان، خەنسۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىچكىرىنىڭ مەدەنىيىتى-
نى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرىنى بۇياققا يەتكۈزگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

ۋە بۇ جايلاردىكى خەلقنىڭ ياخشى خىسلەتلىرىنى ئېچە كىرىدىگە يەتكۈزگەن بۇ ئادەمنى تەكرار سەپەرنىڭ مۇشەققەتلىرى تونۇۋالالىغىنى يوققۇ!؟

... خەنسۇلالىسى دەۋرىدە خەلق دوستلۇقى ئۆز ئارا قۇدا - باجىلىق ۋە تۇغقانلىق نەمۇنىلىرىنى ياراتقان جىيۇ مەلىكە ۋە باشقا چاكىنەن مەلىكىلىرى بۇ تەرەپلەرگە كېلىن بولۇپ كېلىشلىرىدە يول جاپاسىنى ئاز تارتقان دەمسىز؟ ئۇ سۇڭ خانلىقى ئەڭ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان مەزگىلىدە كېلىپ، ئۇسۇڭ قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، چەتنىڭ ھۇجۇملىرىنى تارمار قىلغان. دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى يولغا قويۇپ، ئۇ سۇڭ كىشىلىرى بىلەن بىر جان - بىر تەن بولۇپ، كۆرەش ئىچىدە كۆللىنىش يولىنى ئاچقان بۇ مەلىكىنى يول يىراقلىقى ھاردۇرالمىغان.

... چىڭ خاندانلىقى تەرىپىدىن ئىلىغا پالانغان، ئەپيۇن ئۇرۇشىدا چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرەشكۈچىلەرنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان داڭلىق ۋەتەنپەرۋەر لىن زېشۈي بۇ سەپىرىدە تۆت ئايدىن ئارتۇق يول ماڭغان. تۆت ئاي يول مېڭىش... نېمە دېگەن ئۇزاق سەپەر! ئۇنىڭ پالانغىنى يامان بولدى ھەم ياخشى بولدى. ئۇ، بۇ يەردە ئۆزىنىڭ يەنە بىر خىل خەلقپەرۋەرلىك كۈرىشىنى داۋام قىلدۇردى. ئۇ، خەلق بىلەن بىرلىكتە ئۆستەڭ چېپىش، سۇ چىقىرىش، يەر ئېچىش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولدى. پالانغان بۇ «گۇناھكار» شىنجاڭ خەلقىغە ئوبدان تۆھپىلەرنى

قالدۇرۇپ كەتتى...

... قەدىم زامانلاردا بۇ تەرەپلەردىن ئىچكىرىگە قىلىنغان سەپەرلەرمۇ ئاز بولمىغان. سودا ئالاقىلىرى، مەدەنىيەت ئۆگىنىش ھەم ئۆگىتىش ئۈچۈن بولغان سەپەرلەر... ئىچكىرىگە مۇزىكىچىلار، ئىمارەتچىلىك مۇتەخەسسىسلىرى، قول ھۈنەرى ئۇستىلىرى بېرىپ، ئىچكىرىنىڭ مەدەنىيەت ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قاتناشقان، ئىلگىرىدىن تارتىپ ئىچكىرى بىلەن ئىقتىسادىي، سىياسىي، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، مەدەنىيەت ۋە باشقا جەھەتلەردىن ئۆزئارا ئۆگىنىش ھەم ھەمكارلىق ۋە ياردەم — بۇ، بىزنىڭ تارىخىي ئەنئەنىلىرىمىز.

... ئۆتمۈشتە ئاشۇنداق سىياسەتچىلەرنى، دوستلۇق – بەرلىك ئەلچىلىرىنى، ئالىملارنى، تارىخچىلارنى مۇشەققەتلىك، ئۇزاق سەپەرلەرگە مەجبۇر قىلغان نەرسە نېمە بولغىيدى؟ ئۇلار ئەجەب زور غەيرەت ۋە جۈرئەت بىلەن كۆرەش قىلغانكە – نا؟

... ھە، بۇنىڭ ئەجەبلىنىدىغان يېرى يوق. بۇ يەردە كىشىلەرنى جەلپ قىلىۋاتقان، ھەرىكەتلەندۈرۈۋاتقان، غەيرەت ۋە ئىلھام بېرىۋاتقان بىر ئۇلۇغ كۈچ باركى، ئۇ، خەلقنىڭ دوستلۇق ئىتتىپاقى، كىشىلەرنىڭ بىرلىك ئارزۇلىرى، ئورتاق نىيەتلىرى...

... ئۇ ۋاقىتتىكى كىشىلەر ھازىرقىدەك بىر ئايلىق يولنى بىر كۈندە باسىدىغان پويىزنى نەدىن بىلسۇن؟ ئۇلار قەدىم – قەدىمدىن ھايۋان سۆڭەكلىرى قاغجىراپ ياتقان بۇ باياۋانلاردىن پويىزنىڭ ۋارقىراپ

چاپىدىغانلىقىنى يادىغىمۇ كەلتۈرمىگەن بولغىيدى... ئەمما، ئۆتمۈشتىكى كىشىلەر يەرنىڭ ئاناۋىنى تارتىدىغان، قانداقتۇر چاپسان ماڭىدىغان ياكى ئۇچىدىغان نەرسىنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇنداق ئارزۇلارنى ئىپادە قىلىدىغان چۆچەك — رىۋايەتلەر كۆپقۇ! كىشىلەرنىڭ ئاشۇ ئارزۇ-لىرى ئەمدى ئەمەلگە ئاشتى. ئۇ، پەقەت بىزنىڭ دەۋرىمىزدە — پارتىيىمىز دەۋرىدىلا ئەمەلگە ئاشتى... بۇ، نېمىدېگەن ئۇلۇغ ئىش، بۇ، نېمىدېگەن خۇشاللىق...»

ئۇ ئۆيىنىڭ ئىچىنى بىر ئايلاندى — دە، كېلىپ كۈن چىقىش تەرەپتىكى دېرىزە ئالدىدا توختىدى. ئۇنىڭ قارشىدا بوغدا تېغى پەلەك بىلەن بەسلەشكەندەك قەددىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ ھەيۋەتلىك تاغ گويا كى ئۇنىڭغا جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن: «دوستۇم، سې-نىڭ ئويلىغانلىرىڭنىڭ ھەممىسى راست، مەن ئۆتمۈشكە گۇۋاھ. ھازىرقى ئۇلۇغ ئىشلارغىمۇ مەن گۇۋاھ. كەلگۈسى-دە بولسا، ئۇنىڭدىنمۇ ئۇلۇغ، ئاجايىپ ئىشلار بولغۇسى، ئۇ ۋاقىتلاردا سەن بەلكى بولمايسەن، مەن بولسام سې-نىڭ باللىرىڭ، نەۋرىلىرىڭ، چەۋرىلىرىڭنىڭ ئۇ كۈن-لەرنى تەنتەنە قىلغانلىقىنى كۆرىمەن. ئۇنىڭغىمۇ مەن گۇۋاھ بولىمەن...»، دەيتتى. ئۇ، بوغدا تېغىنىڭ جاراڭلىق خىتابلىرى بىلەن يەنە ئويغا چۆمدى. ئۆيىنى ئايلىنىپ يەنە ئاۋۋالقى كۈن پېتىش تەرەپكە قارىغان دېرىزە ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كەلگۈسىنىڭ ئۇلۇغ ۋە گۈزەل مەنزىرىلىرى گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. ئۇ، ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، يەنە شۇ پويىز

ئاۋازى بىلەن بىللە بۇ مەنزىرىنى تاماشا قىلىشقا باشلىدى:
«يۇقىرىراق كۆتۈرۈلۈپ قاراپ بېقىش كېرەك.
كۈن پېتىشقا ئۇچۇش كېرەك... ھە، سول ياقتا
تىيانشان، كۈن پېتىشتىكى تاغ قولتۇقىدا چوڭ كۆل.
بۇ سايرام كۆلى بولمىسۇن يەنە؟ تۆۋەنرەكتە قانداق-
تۇر بىر تاغنىڭ تۇمشۇقى ئالدىدا يەنە بىر كۆل
تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ياقىسىدىن تۆمۈريول ئايلىنىپ ئۆتكىنىگە
قارىغاندا، بۇ، ئىبنور كۆلىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ بىر
تەرىپىدە كۈن چىقىشقا قاراپ سوزۇلغان تاغ
تىزمىلىرى... ھە، توغرا، بۇ كەڭ، گۈزەل بوستانلىق —
جۇڭغارىيە تۈزلەڭلىكى، مۇنبەت دىيار.
... ئەنە، قارىماي، ئۇنىڭ قۇدۇق مۇنارلىرى
ئورمانلىققا ئوخشاش كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ھېسابسىز ئېگىز
مۇنارلاردىن تۈتۈنلەر كۆتۈرۈلمەكتە...
... ئەنە، ئاۋۇ تۈزلەڭلىك بىر زامانلاردا كەڭ
چۆل - جەزىرە ئىدىغۇ؟! پەسرەك ئۇچۇپ كۆرۈش
كېرەك... ئۇ چۆللەردىن ئەسەر يوق، ھەممە ياق
باغۇ - بوستان، خۇددى كارامەت چوڭ شاھمات تاختى-
سىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا قوندۇرۇپ قويغاندەك چىرايلىق
ئىمارەتلەر، كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان ھەر خىل، ھەر
رەڭدىكى زىرائەتلەر كۈن نۇرىدا پارقىرايدۇ. «مانا
كۆرۈۋال» دېگەندەك، مەغرۇر ئىغاڭلايدۇ. زىرائەتلەرنىڭ
ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرگەن قوش قاناتلىق ئايروپىلانلار
قۇيرۇقلىرىدىن ئاق تۈتۈن چىچىپ ئەگىپ يۈرىدۇ.
ئىمارەتلەر، باغلار، ئورمانلارنى ئارىلاپ پويىزلار ھەر

تەرەپكە چاپىدۇ. سېمونتلانغان ئۆستەڭلەردىكى سۇلار چاپسان ئاقىدۇ ۋە ئېرىقلارغا بۆلۈنۈپ ئاخىرى دەرەخزارلىق ۋە زىرائەتلەر ئارىسىدا غايىب بولىدۇ...

... ئەنە، تىيانشاننىڭ كەڭ - يېشىل ئېتىكى، ئۇ يەردە ھېسابسىز چارۋا ماللار يايلىماقتا. سېمىز يىلقىلارنىڭ ئويناقشىغىنىنى قاراڭ، ئاۋۇ توپلانغان كىشىلەر نېمىلەر قىلىۋاتىدىكىن؟ ھە، ھە، ھەر ياقتا ئات چېپىشماقتا، بەيگە، ئوغلاق بولسا كېرەك... قىز قوۋار ئويۇنىدۇر بەلكى......

... ئاۋۇ زاۋۇتلارغا قاراڭ... ماۋۇ نېمىدېگەن چىرايلىق شەھەر! دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان ئاساسىي كوچىلار، ھەممە ياقتا كىشىلەر تەبىئەت بىلەن ھەپىلەشمەكتە...

جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇن بىر دەريا سوزۇلۇپ ياتىدۇ. بۇ، قەيەركىن؟ ھە، توغرا، شىخەنزە، تامامەن يېڭى شەھەر، ئاھ، قانداق گۈزەل شەھەر بۇ!

... ھەممە تەرەپ ئوخشاشلا گۈزەل. نېمىدېگەن ئاجايىپ ئىشلار بۇ! قانداق قوللار، قانداق باتۇر يۈرەكلەر مەيدانغا كەلتۈردى بۇ يېڭى دۇنيانى؟ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرىنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرى ئەمەسمۇ؟ ھە، شۇنداق. ئۇ، باتۇر بىلەكلەرنىڭ ئەمگەك مېۋىسى، قەيسەر جەڭچىلەرنىڭ پېشانە تەرلىرىدىن ئۈنۈپ چىققان گۈللەر، ئەنئەنىۋەن روھنىڭ ۋە ئەنئەنىسىنىڭ مەھسۇلاتى.

... دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىلگىرى ئۇ

يەر ـ بۇ يەردە يۇرت بولىدىغان، ھازىر ھەممە ياق يۇرت، يېڭى ئىمارەتلەر، چەكسىز ئېتىزلار، دەرەخزارلىق، باغۇ ـ بوستان. پايانسىز دالىلاردا تراكتورلارنىڭ، كومبايىنلارنىڭ ئاۋازى تۈرلۈك ئەمگەكتىكى ئەر ـ ئايال ھەر مىللەت دېھقانلىرىنىڭ ناخشا ئاۋازى بىلەن قوشۇلۇپ كىشىگە ئەجەب زوق بېرىدۇ. بۇ غالىبلار ئاۋازلىرى ئىچىدە تۇنجى پويىز ئاۋازىمۇ روشەن ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

... ئەنە، «1 ـ ئاۋغۇست» پولات زاۋۇتىنىڭ مۇنارلىرىمۇ كۆرۈنۈپ قالدى. ئەجەبمۇ چوڭ زاۋۇت بولۇپ كېتىپتۇ... بىر تەرەپتە ئەينەك ئۈستىگە تىزىلغان قۇشلاردەك تۇرغانلار نېمىدۇ؟ خۇددى ئاق قۇشلار ھاۋادا پەرۋاز قىلىپ يۈرۈشىدۇ. قانداقتۇر كارامەت بىر يوغان قۇش ئەگىپ تۆۋەنلەۋاتىدۇ. ھە ـ ھە، بۇ، ئايروپىلانلار...

... ئەنە ئۈرۈمچى شەھىرى. لېكىن، ئەجەب ئىلگىرىكى ئۈرۈمچىگە ئوخشىمايدىغۇ؟ ئىلگىرى بۇ شەھەر تاغ ئارىلىرىدا بولىدىغان، ھازىر بولسا، كەڭ چىمەنزارلىق قانات يېيىپ كېتىپتۇ. بىر ـ بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ئىمارەتلەر، زاۋۇت ـ فابرىكىلار... پارقىراپ تۇرغان كوچىلاردا تۈرلۈك ماشىنىلار چېپىشماقتا. ئەنە، ناھايىتى زور ۋە گۈزەل بىر باغ، ئادەملەر مىغىلدايدۇ، ئەر ـ ئايال، چوڭ ـ كىچىك توپلانغان. بىر سەيلە بولسا كېرەك. مۇزىكا ئاۋازى ياڭرىماقتا، كىشىلەر ناخشا ئېيتىشىدۇ. ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ، نېمىدېگەن خۇشال ـ خورام كىشىلەر بۇ!...»

ئۇ، شەھەر ئۈستىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى ۋە بوغدا
چوققىسى بىلەن بىللە خەلق تەنتەنىسىنى تاماشا قىلماق-
چى بولغاندەك، ئۇنىڭ باغرىغا كۆتۈرۈلدى. بوغدا پۈت-
لىرىنى كېرىپ، مەيدىسىنى چەقسىرىپ، ئىككى قولىنى
بېلىگە تىرەپ، مەغرۇر كۆلۈمسىرەپ تۇراتتى، گوياكى
ئۇ: «مەن مەغرۇر، مەن كۈلىمەن! شەرق قىزىرىپ
قىزىل قۇياش جىنگاڭشەندە نۇر چاچقاندا، مەن ئۇنى
كۆرۈپ تۇردۇم. ئۇ نۇر بۇ يۇرتقا ئازادلىق ئېلىپ
كەلگەنلىكىنىمۇ، بۇ قاقاس ئۆلكىنى يورۇتقانلىقىنىمۇ
كۆرۈپ تۇردۇم. قىزىل تۇغ كۆتۈرگەن دەۋرىمىز باتۇر
لىرىنىڭ ھازىرقى بۇ يېڭى دۇنيانى قانداق قەيسەرلىك
ۋە باتۇرلۇق بىلەن قۇرغانلىقىنى كۆردۈم. بۇنىڭ ھەم-
مىسىگە مەن گۇۋاھ. مەن جىنگاڭشەن بىلەن تەيخاڭشەن-
دىن قەھرىمانلىق ئەنئەنىلىرىنى ئۆگەندىم، جان تالاش-
قان ياۋايى قۇشلارنى كۆكسۈم بىلەن ئۇرۇپ، پارە-
پارە قىلىشنىمۇ ئۇلاردىن ئۆگەندىم. بىزنىڭ تومۇرىمىز
ئەسلىدە بىر ئىدى، ھازىر تېخىمۇ چىڭىدى. زامان بىز-
نىڭ، ئىستىقبال بىزنىڭ، مەن مەغرۇر، مەن كۈلىمەن،
ئەبەدىي كۈلىمەن، ئەبەدىي كۈلىمەن» دەپ كۈلەتتى،
ئۇ شۇنداق قاقاقلاپ كۈلەتتىكى، كۈلكە ئاۋازى مىليون-
لىغان كىشىلەرنىڭ كۈلكە ئاۋازلىرىغا ۋە ئەمگەك قاينىمى-
دىكى ستانوك، تراكتور ئاۋازى بىلەن ناخشا ئاۋازلىرىغا
قوشۇلۇپ، ھاۋانى دولقۇنلىتىپ، يىراقلاردا جاراڭ-
لايتتى. بۇ ئاۋازلار ئارىسىدا تۇنجى پويىز ئاۋازى
ئالاھىدە ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئەۋج ئالدى. يېڭى دۇنيانى
تاماشا قىلىش ھەۋىسى قانمىغان بولسا كېرەك، تېخىمۇ
يۇقىرى پەرۋاز قىلىپ، تاغلار ئېشىپ، تيانشاننىڭ ئۇ
تەرىپىگە ئۆتتى.

«ئەنە تەكلىماكان، ئۇ خېلى قىسىلىپ قاپتۇ، تارىم
دەرياسىنى بويلاپ سوزۇلۇپ ياتقان يېڭى - يېڭى
يۇرتلار، تيانشان، پامىر، قارا قۇرۇم ئېتەكلىرىدە قىز-
غىن ئەمگەك، قايناق ھايات... ۋاي - ۋۇي! نېمىدې-
گەن جىق كۆللەر بۇ، ئىلگىرى بۇ ياقلاردا ئۇنداق
كۆللەر يوقتىغۇ؟... ھە، بۇ، سۇ ئامبارلىرى. سۇ
ئامبارلىرىدىن ئېلېكتر سىملىرى يىراقلارغا تارتىلىپتۇ.
ئاقسۇدىن خوتەنگىچە تەكلىماكاننى كېسىپ، دەريا بويلاپ
سوزۇلغان تاشيولدا ماشىنىلار چېپىشماقتا. ئەسلىدىكى
گۈزەل قەشقەر تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىپتۇ، يېڭىشەھەر
بىلەن كوناشەھەر قوشۇلۇپ كېتىپتۇ...

... تەكلىماكاننى ئايلاندۇرۇپ سېلىنغان تۆمۈر-
يول ھالقىسى بويىچە ھەممە ياقتا پويىزلار يۈگۈرۈپ
يۈرىدۇ. ھېسابسىز پويىز ئاۋازلىرى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە
تۇنجى پويىز ئاۋازى ئالاھىدە ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ
ئاۋاز باشقا ئاۋازلارغا: «سىلەر جىق، ئۈنۈڭلارمۇ چوڭ
چىقىدىكەن، ئەمما، مەن بولمىسام سىلەر بولمايتتىڭلار،
ئەمدى سىلەر قانچە ۋارقىرىساڭلار، مەن شۇنچە خۇش
بولىمەن» دەۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ.

ئۇ، ھامان دېرىزە ئالدىدا، ئۇنىڭ خۇشاللىقى
ئىچىگە پاتمايدۇ، يەنە ئويلايدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

«تۇنجى پويىز ئاۋازىنى ئاڭلاپ خۇشال بولمىغان جانمۇ بارمىكىن؟ ئەلۋەتتە، ھەممە خۇشال. بۇ كىشىلەرنىڭ يىراقتىن كۈتكەن ئارزۇسى - دە!

... ئەنە بىر يورۇش پويىز كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە، لىققىدە تولغان كىشىلەر دۇنيانى تىترىتىپ ناخشا ئېيتىشىۋاتىدۇ... بۇ كىشىلەر قانداقتۇر بىر بايرامغا كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. پويىز ناھايىتى چاپسان چاپماقتا. پويىزنىڭ ئىچىمۇ بايرام.

پويىز ھامان غارقىراپ ئىلگىرىلىمەكتە. ئۇمۇ پويىزنىڭ ئۈستىدە تەڭلىشىپ ئۇچماقتا. پويىز ئىچىدىكى جاراڭلىق ناخشا ئاۋازلىرى ئەۋج ئالماقتا. بىراق سۆزىنى ياخشى ئاڭلىغىلى بولمايدۇ، پەسرەك ئۇچۇپ، ياخشى ئاڭلاش كېرەك... ئەنە، ئاڭلىنىشقا باشلىدى، ھە، ھە، تولۇق ئاڭلاندى:

پويىز كەلدى، يۇرتىمىزغا بەخت كەلدى،
پارتىيىنىڭ شەپقىتىنى ئېلىپ كەلدى.
زامانلاردىن كۈتۈپ كەلگەن تىلىكىمىز
ئىشقا ئاشتى دىلغا شادلىق سېلىپ كەلدى.
پويىز كەلدى، بەخت كەلدى، ئامەت كەلدى،
كۈلمەيدىغان ئۇبدان پۇرسەت - سائەت كەلدى.
ئۇلۇغ بىرلىك رىشتىسىنى چىڭىتىپ ئۇ،
دوستلۇق كۈيى چېلىپ كەلدى، بەرىكەت كەلدى.
پويىز كەلدى، بۈگۈن بىزگە قوش توي كەلدى.
كۈيلەپ ئۇنى سەيلە قىلىپ يايرايدىغان.
دۈشمەنلەرنىڭ يۈرىكىنى خۇن - خۇن قىلىپ،
داغدام يولنى بويلاپ ئالغا چامدايدىغان.

... پويىز ئۇچقاندەك چاپماقتا. ناخشا ئاۋازى پويىز ئاۋازى بىلەن قوشۇلۇپ هاۋادا ياڭرىماقتا. بۇ شوخ ۋە جەڭگىۋار ئاۋازلار ئىچىدە تۇنجى پويىز ئاۋازى ئالاھىدە ئاڭلىنىپ تۇرماقتا.

ئۇ، شۇنچە خۇشالكى، گوياكى كۆكسى - باغرى كېڭىيىپ كېتىپ بارغاندەك قىلىدۇ، ئۆزى بولسا هامان پويىز بىلەن تەڭ ئۇچماقتا.

پويىز ئۈرۈمچى ئىستانسىسىغا يېتىپ كەلدى ۋە قانداقتۇر ئۇلۇغ غالىبىيەتنى تەنتەنە قىلىۋاتقان خەلق دېڭىزىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى...»

ئارقىسىدىكى ئىشىكتىن ئاڭلانغان بالا ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى بۇزدى:

— دادا، چاي سوۋۇپ قالدى... — دېدى ئۇنىڭ ئون ئىككى ياشتىكى ئامراق قىزى.

— بېرى كېلە قىزىم، — دېدى ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلماي تۇرۇپ. ئۇ، قىزىنى دەس كۆتۈرۈپ دېرىزە ئالدىغا تۇرغۇزدى.

— قارا، قىزىم، — دېدى ئۇ، — كۆردۈڭمۇ، ئاۋۇ نېمە؟

تاغ ئېتەكىدە ئىمارەتلەرنىڭ كەينىدە خۇددى ناسۇس بىلەن ئۇرۇپ چىقارغاندەك ئىنچىكە، ئۇزۇن تۇتۇن، ئۇزۇلۇپ - ئۇزۇلۇپ هاۋانى يېرىپ ئاسمانغا ئېتىلاتتى. «پۇۋت - پۇۋت - پۇۋت» قىلغان ئاۋاز ئاران ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— كۆردۈم، دادا، كۆردۈم! — دېدى قىزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىزىقىش بىلەن.— نىمە ئۇ؟

— پويىز، قىزىم، شىنجاڭغا پويىز كەلدى.

قىزچاق خۇشاللىقىدا: «پويىز!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. خۇددى ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىغاندەك، پويىز ئاۋازى قايتا ئاڭلاندى:

«ۋۇ... ۋۇ... ۋۇ...»

1963 - يىل، 1 - ئاي، ئۈرۈمچى

## ئانا خىتابى

(ئافرىقا ئىلغار شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن)

شەھەر كوچىسىغا قارىتىپ سېلىنغان بىر كەپە ئالدىدا بىر ئاق چاچلىق موماي ئولتۇراتتى (جاپا - مۇشەققەتتە ھەم كۆرەشتە ھەممە بىلەن بىر بولۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، شەھەر يوقسۇللىرى ۋە ئىلغار زىيالىيلار ئۇنى ھۆرمەتلەپ «ئانا» دەپ ئاتايتتى). دېڭىزدىن چاچراپ چىققان قىزىل تاڭ شولىسى شەرقىي ئافرىقا قىرغىقىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بۇ گۈزەل شەھەرنى قىزغۇچ نۇر بىلەن قاپلىدى، بىر نەچچە كۈندىن بېرى توختىماي غەزەپ بىلەن سوققان دېڭىز دولقۇنى بۈگۈن تۈن يېرىمىدا پەسىيىپ قالغانىدى. لېكىن ئۇ يەنىلا لەرزان تەۋرىنىپ تاشلىق ۋە قۇملۇق قىرغاقنى سىلىماقتا. ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازى قىرغاقتىكى بانان يوپۇرماقلىرىنىڭ شىلدىرلىشى بىلەن قوشۇلۇپ گوياكى ئۆزلىرىنىڭ مۇڭلۇق سەرگۈزەشتىلىرىنى، شېرىن ئارزۇلىرىنى ئىپادىلەيتتى. تاڭ پەيزىگە مەست بولغان زەپەر يوپۇرماقلىرى دولقۇننى، بانان ئورمانلىقىنى تەبرىكلەپ

www.uyghurkitap.com

چاۋاك چالاتتى. سېرىنگول چېچەكلىرىنىڭ خۇشبۇي
پۇراقلىرىنى سالقىن دېڭىز شامىلى پۈتۈن شەھەرگە چا-
چاتتى. يول بويىدىكى سېرىنگول يوپۇرماقلىرى ئارىلىرى-
دىن شۇڭغۇپ ئۆتكەن قىزىل شولا ئانىنىڭ چىرايىدا
ئەكس ئەتمەكتە. ئۇنىڭ ئىپەكتەك ئاق چاچلىرىنى، قا-
رامتۇل پېشانىسىنى پارقىراتماقتا. ئۇنىڭ يوغان ئۆتكۈر
كۆزلىرى قىزغۇچ ھاۋانى تېشىپ ئۆتۈپ، يىراقلارغا قا-
دالغىنىچە جىمجىت تۇرماقتا. لېكىن، بۇ كۆزلەر جىم
ئەمەس. ئەگەر سەن ئانىنىڭ جاپالىق سەرگۈزەشتىلىرى
ۋە يۈرەك سىرلىرىنى بىلگىنىڭدە ھەم ئەلەم، ھەم ئى-
شەنچ بىلەن تولغان بۇ بىر جۈپ كۆزدىن يالغۇز بۇ
شەھەرنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن ئافرىقىنىڭ كۈرەش داستانى-
نى ئوقۇغان بولاتتىڭ ۋە شانلىق ئىستىقبالىنى كۆرگەن
بولاتتىڭ.

ئانا بۈگۈن تۈن بويى ئۇخلىمىدى. ئۇ، ياتقان-
دىمۇ كۆزى ئۇيقۇغا بارماي خىياللار دېڭىزىدا ئۈزۈپ
چىقتى... بولتۇر ئۇنىڭ قەھرىمان خەلقى مۇستەملىكى-
چىلىك بايرىقىنى يۇلۇپ تاشلاپ، مۇستەقىللىق، ئەركىن-
لىك بايرىقىنى قادىغاندا، ئانا ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم
كۈلۈمسىرىدى، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلى يەنە غەش ئىدى.
چۈنكى بۇ بايراق يەنە تەييارتاپلارنىڭ، چەت ئەل كۈ-
ماشتىلىرىنىڭ قولىدا ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭ قەھرىمان
خەلقى يەنە قوزغىلىپ، ئۇ مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى
ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېڭى ھاكىمىيەت قۇردى، «ئازادلىق
ئۈچۈن!» دەپ جاكا قىلدى. ئەمدى ئانا راست كۈلدى.

ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى تۈگۈن تېخى تولۇق يېشىلىپ كەتمىگەنىدى. كۆز ئەتراپىدا قانداقتۇر ئەندىشە تۇمانلىرى ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئانا خىياللار بىلەن كېچە-نى ئۆتكۈزدى. ئاخىرى كەپىسى ئالدىغا چىقىپ تاڭ ئېتىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ ئولتۇردى.

كۈن كۆتۈرۈلۈپ، پۈتۈن شەھەرنىڭ يېڭى ھاياتىنى تەبرىكلەپ، ئۇنى ئۆز نۇرىغا چۆمدۈردى. شەھەردە كۈرەشچان، قايناق ھايات باشلىنىپ كەتتى... ھەممە ياقنى قاپلىغان مىللىي مۇزىكا سادالىرى شوئار ۋە ناخشا ئاۋازلىرىغا قوشۇلۇپ ئاجايىپ كۈچ بىلەن ياڭ-رىماقتا... ئۇنىڭ ئەكس سادىسى بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ، يىراق جايلاردا، پۈتۈن ئافرىقىدا جاراڭلىماقتا. ئۇ، مايىنلىغان ئازاب چەككەن كىشىلەرگە سىگنال بەرمەكتە، ئىلھام ۋە مەدەت بەرمەكتە... بۇ ئاۋازلار خورلانغان «قۇللار» نىڭ غەزەپ ئاۋازلىرى، ئەلەم تارتقان جان-لارنىڭ ئارمانلىرى، قۇللۇقنى خالىمىغان قارا تەنلىك-لەرنىڭ ئازادلىق سادالىرى ئىدى...

ئانا ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا — كوچىلاردا كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان كۈرەش دول-قۇنى ئېقىشقا باشلىدى. قوراللىق قىسىملار، ئەر - ئايال خەلق ئەسكەرلىرى، ياشلارنىڭ تەشۋىقات ئەترەتلىرى، ئەڭ ياخشى مىللىي كىيىملىرىنى كىيىشكەن ئادەملەر توپى كەينى - كەينىدىن ئۆتمەكتە. شوئار، ناخشا، مۇزىكا سادىسى جاھاننى قاپلىماقتا... ئانا بارغانسېرى ھاياجانلانماقتا. ئۇنىڭ قەلبىدە خۇشاللىق تۇيغۇلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

دولقۇنلانماقتا. ئۇ، جەڭگىۋار ئىرادە، قايناق مۇھەببەت ۋە يالقۇنلۇق شېئىرىيەت بىلەن خەلق تويىغا، پۈتۈن ئىلىمگە ۋە بارلىق ئافرىقىغا خىتاب قىلماقتا:

ئافرىقا!
ئەي مەزلۇم قۇللار دۇنياسى!
ئەمدى بەس، قەددىڭنى دەس كۆتۈر، قوزغال!
يوقالسۇن قۇلدارلار زۇلۇمى — ۋاباسى،
تەقدىرىڭ تىزگىنىن ئۆز قولۇڭغا ئال!
ئۇر،
چاق!
پاچاقلانسۇن قۇللۇق كىشىنى،
مىليونلار ئەركىنى بوغقان ئاسارەت!
ئۇر،
سۇندۇر!
قاۋانلار زەھەر چىشىنى،
ئۇچۇقسۇن قان ئىچەر رودۇپاي ئاپەت!
بارغانسېرى ئۇلغىيىۋاتقان خەلق كۆرەشچىلىرى گاننىڭ ئىلھامىنى ئەۋج ئالدۇردى. ئۇ، ئۆز خىتابىنى داۋام قىلدۇردى:

ئوغۇل ۋە قىزلىرىم، ئاتاڭغا رەھمەت،
باتۇر بول، توختىماي ئالغا باس يەنە.
چىڭ تۇتقىن مىلتىق ھەم ئورغاق — بولقىنى،
غايەڭنى قىلدۇراي دېسەڭ تەلتەنە!
سەگەك بول!
ھۆرلەر قەست قىلار بىزگە،

«كەمپۈت» ماركىلىق زەھەر ئوق بېرىپ.
سۆرەيدۇ ئۇ يېڭى قۇللۇق ھاڭغا.
قانخور ئاق ئوردا يۈكسىن سېلىپ.
سەگەك بول!
تۈلكىلەر پېيىگدە سېنىڭ.
يولۇڭنى توسايدۇ تىكەنلەر تېرىپ.
مەقسىتى ئازدۇرۇش چەقىرىپ يولدىن.
شەرمەندە پەتىۋادىن رىۋايەت تېرىپ.
بوش كەلمە.
ئالغا باس!
جەڭ كۈرەش يولى —
بىر دىنىبىر نىجادلىق يولىدۇر ھامان.
زەربە بەر، غۇلىسۇن جاھالەت ئۇلى،
ئارماندا قالمايسەن شۇندا ھېچقاچان!

ئانىنىڭ ئۆيدە ئۇخلاۋاتقان يېتىم نەۋرىلىرى ئويغىنىپ كەتتى. توققۇز ۋە ئون ياشلاردىكى بۇدۇر چاچلىق، قارىمۇتۇق ئىككى بالا (بىرى قىز، بىرى ئوغۇل) چىقىپ مومىسىنىڭ ئىككى قولتۇقىغا كىردى. ئۇلارمۇ قىزىقىش بىلەن كوچىدىكى نامايىشقا تىكىلىشتى. بالىلار ئانىغا ئۆتمۈشنى ئەسلەتتى. ئانا نەۋرىلىرىنىڭ باشلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ داۋام قىلدى:

ئۇنتۇماڭلار زۇلمەتنى ھەرگىز،
ئۇنتۇماڭلار ئۆتمۈشنىڭ شۇم دەھشىتىنى!
ئۇنتۇماڭلار گۇناھسىز جەسەت ئۈستىدە
جاللاتلارنىڭ قۇرغان بەزمە - مەئىشىتىنى!

ئەسلەڭلار،
قانچىلىغان
ئىڭرىغان جانلار،
قانچىلىغان گۇناھسىز ئەزىز ئىنسانلار
ھالاك بولدى، قۇربان بولدى بۇ ئەلدە.
قانچىلىغان
ئىسسىق قانلار،
قانچىلىغان ئۈمىدلەر، شېرىن ئارمانلار
ئاقتى، كەتتى، ۋەيران بولدى بۇ ئەلدە!...
ئۇنتۇماڭلار،
ۋاپادار جۈپتىدىن جۇدا تۇرنىدەك،
نالە قىلغان.
دەردلىك
باغرىنى
يەرگە ئۇرغان
تۈمەنلىگەن بىچارە تۇل خوتۇنلارنى؛
ئۇنتۇماڭلار،
ئانىسىدىن ئايرىلغان بوتىلاقلاردەك،
بوزلىغان،
زارلىغان،
سەرسان بولغان
يۈز مىڭلىغان پاناھسىز خار يېتىملارنى!...
كۆرەش ئالغا!
ئالغا، كۆرەش، ئەي شۇڭقارلىرىم،
ئاتاڭنىڭ قانلىق ۋەسىيتى ھەق جاۋاب تاپسۇن!
گۇناھسىز ئاققان ئۇ ئىسسىق قانلاردىن

گۈل ئۈنسۇن، قىپقىزىل چېچەكلەر ئاتسۇن!
مۇستەقىللىق ـ ئەركىنلىك بايرىقىنى
قەدىرلىگىن، ئىككىز كۆتۈر، داغ تەگمىسۇن!
مەيلى، گويا توپان كېلىپ ھەيۋە قىلسىمۇ،
باش ئەگمىسۇن، پەرۋاز قىلسۇن، يەلپۈلدىسۇن!

ئانا كوچىدا بارغانچە ئۇلغىيىۋاتقان خەلق دول-
قۇنىغا قاراپ، پىغانىدىن چىققاندەك كۆكسىنى تولدۇرۇپ
چىر نەپەس ئالدى ۋە تەكرارلىدى:
ئافرىقا!
ئەي، مەزلۇم قۇللار دۇنياسى!
بولدى بەس، قەددىڭنى دەس كۆتۈر، قوزغال!
يوقالسۇن قۇلدارلار زۇلۇمى ـ ۋاباسى
تەقدىرىڭ تىزگىنىن ئۆز قولۇڭغا ئال!...

1964 ـ يىل، 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، بېيجىڭ.

## ئۆرلە ئىلى، يەنىمۇ ئۆرلە!

(ئىلى ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقى
مۇناسىۋىتى بىلەن)

ـ

ئىلى!
قۇتلۇقلايمەن سېنى،
قۇتلۇقلايمەن سېنىڭ قۇتلۇق تويۇڭنى،
پارتىيە تۇغى بىلەن نۇرلانغان شانلىق يولۇڭنى.
ئالقىشلايمەن سېنى،
ئالقىشلايمەن قولغا كەلگەن باھاسىز نەتىجە ئۇتۇق-
لارنى!
ئالقىشلايمەن يايلاق - داللارنى ياڭراتقان، تاغ-
ئورمانلارنى جاراڭلاتقان ناخشا، نۇتۇقلارنى.
سالام، ساڭا!
باتۇرلارچە كۆكرەك كېرىپ، غەيرەت بىلەن غۇلاچ
تاشلاپ دولقۇنلار يېرىپ، ئۇلۇغ غايىنى نىشانلاپ ئالغا
قاراپ بارغۇچى چەكچىلەرگە بىھېساپتىن سالام!
كۈنبىلۈندەك بىر تەن بولۇپ، مۈرىنى مۈرىگە تى-

رەپ، مەزمۇت قەدەملەر بىلەن جەڭگىۋار يۈرۈش قىلـ
ۋاتقان قازاق، خەنزۇ، ئۇيغۇر، موڭغۇل، شىبە، داـ
غۇر، ... ئىشچى ـ دېھقان ـ مالچىلارغا بېغىشلىغىن سا-
لام!

2

ئېلى!

سەن ئەزەلدىن كۆرەشچان ئىدىڭ. ھېلىھەم سەنـ
دە قىزىلماقتا قايناق كۈرەش، سەندە يېزىلماقتا دەۋرـ
مىزنىڭ، دەۋر قەھرىمانلىرىنىڭ كۈرەش داستانى.

سەن ئەزەلدىن گۈزەل ئىدىڭ. ئەمما گۈزەللىكىڭ
ئۆز ئىگىلىرىڭنىڭ ئىلكىدە ئەمەس، ياتلارنىڭ، تەييار تاپـ
لارنىڭ ئاياغ ئاستىدا ئىدى.

ئەمدى ئۆزۈڭنىڭ ھەقىقىي، ئازاد ئىگەڭنىڭ ئىلكىـ
دە ئۆسمەكتىسەن بەختىيار بولۇپ؛ كۆركەم يايلىقىڭ
بىلەن، پۈتمەس خەزىنە بايلىقىڭ بىلەن ھۆسنىڭگە تو-
لۇپ؛ سەن ئېلىمىزنىڭ داڭلىق بىر گۈلىستانى.

3

باغرىڭنى قۇچاقلاپ ياتقان، كەڭ دالا ـ ئېتىزلىـ
رىڭغا ئېتىكىنى يايغان تەڭرىتاغ — كونئېنلۈن، پامىر
بىلەن ئەزەلدىن مۇڭداش. ئۇ، ئۆز بەھرىنىڭ ئەمگەك
قەھرىمانلىرىغا يەتكۈزۈلۈشىنى كۈزلەپ، داۋا ئىزلەپ، دەردىنى

سۆزلەپ، خۇاشەن، تەيىخاڭشەن بىلەن بولۇپ كە-
دى سىرداش.

جىڭگاڭشەندە ئەكىس ئەتكەندە شەرق نۇرى، يەن-
ئەن مۇنارىسىدا كۆرۈنگەندە قىزىل تۇغ، تيەنشەنمىندە
ئاڭلانغاندا ئازادلىق چاكىسى، خانتەڭرى، بوغدا، مۇز-
تاغ ئاتا — ئېمپىشەن، جومولاڭما بىلەن تەڭكەش بو-
لۇپ خۇشاللىق سادالىرىنى ياڭراتتى جاھانغا!

دېدى ئۇ: «تارىخ چاقى ئىلگىرىلەپ، يېڭى دەۋ-
رىنى باشلىدى، جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرى تاغنى تالقان
قىلىپ، ئالغا قەدەم تاشلىدى. ئەمدى ئورۇن يوق تەييار-
تاپ مەرەزلەرگە ئېلىمىزدە، زەپەر قۇياشى نۇر تۆكتى
بۇ ماكانغا.»

4

ئىلى دەرياسىنىڭ تولغىنىپ غەمكىن ئېقىشى، ئۇنىڭ
ماتەم - ھەسرەت كۈيلىرى كەتتى ئەبەدكە؛ ئۇ، سېنىڭ
گۈزەل باغرىڭنى بويلاپ. ياڭراق ناخشا ئېيتىپ، خۇ-
شاللىقتا چۆممەكتە.

دادۇخېي، جىنشاجياڭ شاۋتۇڭغا جۈر بولۇپ كەل-
گەن بۇ ئەزىم دەريا - چاڭجياڭ، خۇاڭخې بىلەن بولۇپ
بىر نەپەستە، تارىم، ئېرتىش بىلەن چۈشۈپ بەس -
بەسكە، ئۇسسۇزلارنى تەشنالىقتا قاندۇرۇپ، ئېقىمغا قار-
شىلارنى ئۇرۇپ ياندۇرۇپ، ئۆركەشلەپ، ئۇرغۇپ ئاق-
ماقتا.



www.uyghurkitap.com

سەن غالىپسەن، سەندە ۋەتەن ئىشقى قىلدى تەن-
تەنە؛ بوران - چاپقۇنلاردا سىناقتىن ئۆتتى سېنىڭ
ئۇلۇغ ۋەتەنگە بولغان مۇقەددەس مۇھەببىتىڭ.

سەن سادىقسەن، سەندە جارى بولدى يوقسۇللار
يولى، بۈيۈك ئەنئەنە. بەرداشلىق بەردى، چىنىقتى سې-
نىڭ ئۇلۇغ پارتىيىگە بولغان چەكسىز سادىقلىقىڭ.

ئەمما ھەرگىز ئۇنتۇمىغىنكى، قاغا - قۇزغۇنلار تۈك-
لىرىنى ھۈرپەيتىپ، ھەتتا بۇلبۇل تۇسىگە كىرىپ، ئاي-
لىنىپ يۈرىدۇ شۇملۇق تىلەپ، پۇرسەت كۈتۈپ، شامال-
غا قاراپ.

بۆرە، تۈلكىلەر چىشلىرىنى ھېڭگايتىپ، تام ئارقىسى-
دا يۈرىدۇ ماراپ.

5

ئەي ئەلى!

دەۋرىمىزنىڭ دۇلدۇللىرىغا مىنىپ چاپ ئالغا! ئۇچ ساماغا!
شۇڭقارلىرىڭ پەرۋاز قىلسۇن! غالىپ تۇغنى تېخىمۇ ئېگىز
كۆتۈر، كۆكتە لەپىلدىسۇن، پەلەككە يەتسۇن!

ئارسلان بىلەن ئويناشماق بولغان گېزەندىلەرنىڭ
ئۆگىسى گۇم بولسۇن! بەختىڭگە قەست قىلغان، سېنى
توپىڭدىن ئايرىپ يەم قىلماق بولغان ياۋۇزلارنىڭ جې-
نى چىقسۇن، يۈرىكىگە ئوت كەتسۇن!

1964 - يىل، 8 - ئاي، بېيجىڭ.

# قىزىل لاچىن

سىز لاچىننى كۆرگەن بولغىيدىڭىز، ئۇنداق بولسا ئۇنى تونۇيسىز، ئەلۋەتتە. ئەمما، ئۇنى بىلىپ كەتكەن بولۇشىڭىز ناتايىن.

ھە، بۇنىڭ پەرقى بارمۇ دەمسىز؟

پەرقى بار، كۆرۈش بىلەن تونۇشنىڭ پەرقى ئاز بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككىسى بىلەن بىلىشنىڭ پەرقى چوڭ.

لاچىن — مۇنداقلا قارىغاندا، ئادەتتىكى قۇشلاردىن چىرايلىقراق، چوڭلۇقى كەپتەردىن ئۇزۇنراق، رەڭگى سارغۇچ كەلگەن بىر قۇش. لېكىن غەيرەتتە، چەبدەسلىكتە، كۆزىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدە ھېچقانداق قۇش بۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدۇ.

سا لاچىندىن چوڭ، ھەيۋەتلىك كۆرۈنسىمۇ، ئۇنىڭ چۈجىدىن باشقىغا كۈچى يەتمەيدۇ.

بۈركۈتنىڭ كۈچى قولىدا بولسا، لاچىننىڭ كۈچى پوكىنىدا. ئاسمان جېڭىدە ئۇنىڭدىن ئۆتىدىغىنى يوق. كىشىلەر لاچىننى «مەيدىسى بىلەن تۈگمەن تېشىنى ئۇرۇپ ئىككى پارچە قىلىۋېتەلەيدۇ» دەپ تەرىپلىشىدۇ.

راستىنلا، شۇنداق دېگۈچلىكى بار.

مەن سىزگە موڭغۇلكۈرە ئاسمىنىنىڭ قەھرىمانى قىزىل لاچىننىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرەي.

«ھەي، توختاپ تۇرۇڭا، لاچىنمۇ قىزىل بولامدىكەن، سىز ھېلىلا سارغۇچ دېۋىدىڭىزغۇ؟»

«ھە، لاچىننىڭ رەڭگى كۆلرەڭ بىلەن سېرىق ئارىسىدا، سېرىققا مايىل، سارغۇچ دېگىنىم شۇ.»

«ئۇنداق بولسا، يەنە قىزىل دەۋاتىسىزغۇ!؟»

«ھەئە، قىزىل. تاڭ ئېتىشى بىلەنلا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، قىزىل قۇياش نۇرىدا پەرۋاز قىلىش — بىزنىڭ لاچىننىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك ئادىتى. ئۇ گاھىدا قىزىل بۇلۇتلارنى بۆسۈپ ئۆتكەندە، چوغ ئوتقا ئوخشاپ قىپقىزىل كۆرۈنىدۇ. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى «قىزىل لاچىن» دەپ، باشقا لاچىنلاردىن ئايرىپ ماختىشىدۇ. بۇ ئىسىم ئۇنىڭ جىسمىغا تازا باب چۈشكەن.»

بوران چاپقۇنلاردا تاۋلىنىپ قورامىغا يەتكەن بۇ باتۇر قۇش ئۇزاق ئېگىز ئۇچۇپ، يالغۇز موڭغۇلكۆرەڭلا ئەمەس، پۈتۈن ئېلىنىڭ ئاسمىنىنى يات قۇزغۇنلاردىن ساقلاپ كەلمەكتە.

ئەمدى سىز بىزنىڭ قىزىل لاچىننىڭ جەڭگىۋار ماھارىتىگە نەزەر سېلىڭ.

## قۇزغۇننىڭ ئەدىپىنى بېرىش

قىزىل لاچىن بۈگۈنمۇ ئادىتى بويىچە تاڭ بىلەن

ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، شوخ پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى. ئۇ تىيانشان باغرىنى بويلاپ بېرىپ، مۇزاتنىڭ ئۈستىدىن ئوڭغا بۇرۇلدى، كېيىن شىددەت بىلەن ئاسمان قەھرىگە ئۇرغۇپ، خانتەڭرى چوققىسىنى بىر ئايلىنىپ، شىمال تەرەپكە قاراپ تۆۋەن ئەگىدى. ئۇ، تېكەس دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن ئەتراپنى كۆزەتكەندى. يىراق پەسلىكتە بىر نەچچە قارا - قورا نېمىنى كۆردى. يەنە تۆۋەنلەپ كۆز تىككەندى. قارا بۇلۇت ئارىسىدىن تاغ ئاتلاپ ئۆتكەن، كۆزلىرى ئالاقزادە بولۇپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقان 5— 6 قوزغۇننى كۆردى.

مانا تازا باب كەلدى، بۇ قوزغۇنلار قىزىل لاچىندىن قېچىپ قۇتۇلالىسۇنچۇ قېنى!

لاچىن بار كۈچى بىلەن ئاۋۋال سوزۇق، كېيىن ئۈزۈك - ئۈزۈك ئاۋازدا سايرىدى (ئۇ، يا غەزەپكە كەلگەندە، ياكى بەك خۇشال بولغاندا ئەنە شۇنداق سايرايتتى)، كېيىن تۆۋەنگە شۇڭغۇدى - دە، قوزغۇنلار توپىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى. يۈرەكلىرى ئاغزىغا تىقىلغان قوزغۇنلار خۇددى چۆرگىلىتىپ ئاتتىپ قويغان تورنىڭ ئىچىدە پىرقىرىغاندەك پىرقىراپ ئايلىنىۋەردى. لاچىن قوزغۇنلار ئۈستىدە مەغرۇرلۇق بىلەن بىر ئاز ئايلاندى - دە، كېيىن قوزغۇنلار توپىنى بۆسۈپ تۆۋەنگە شۇڭغۇدى، بىر ئازدىن كېيىن غەيرەت بىلەن يۇقىرى ئۇرغۇپ، ئۇدۇل كەلگەن بىر قوزغۇننى مەيدىسى بىلەن ئۇرۇۋېتىپ يەنە ئۆرلىدى. ئاندىن پەسلەپ، چېچىلىپ كەتكەن

قوزغۇنلارنىڭ ئەتراپىدا بىر ئايلىنىپ، ئۇلارنى «چەم-بىرەك» ئىچىگە توپلاپ، تۆۋەنگە شۇڭغۇدى. ئاندىن يۇقىرى ئۇرغۇپ قوزغۇندىن يەنە بىرىنى ئۇرۇپ چۈ-شۇرۇپ، كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇ بويىنىنى بۇراپ، شىمال ياقتىكى تاغ باغرىدا ئىككى قوزغۇننىڭ ماراپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. سىياقىدىن بۇ قوزغۇنلار ئاۋۇ دوستلىرىنى كۇتۇۋېلىشقا كېلىۋاتقان ئوخشايدۇ. لاچىن ئۇقتەك ئېتىلىپ چۈشۇپ، بۇ ئىككىسىنى قوغلاپ سۇرۇپ، دوستلىرىنىڭ توپىغا تىقتى. ئاندىن «چەمبىرەك» نى يەنە چىڭىتتى، تۆۋەنگە شۇڭغۇدى. يۇقىرى ئۇرغۇدى، يەنە بىرىنى چۈشۇردى...

شۇنداق قىلىپ، جەڭگىۋار پەرۋاز ئويۇنى بىلەن بىر پەسنىڭ ئىچىدە قوزغۇنلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇرۇپ چۈشۇرۇپ بولدى...

قىزىل لاچىن يەردە تىرە - پىرەڭ بولۇپ ياتقان قوزغۇنلار ئۈستىدە بىر ئايلىنىپ، مەغرۇر كۆتۈرۈلدى، ئە-گىپ بېرىپ، تىميانشان باغرىدىكى ئۆزى ياخشى كۆر-دىغان قېيىننىڭ شېخىغا قوندى.

ئۇ، كۆزلىرىنى ھەر ياققا يۇگۇرتۇپ، ئاسماندا ئەركىن ئويناپ يۇرگەن دوستلىرىنى، يەردە، تاغنىڭ يېشىل باغرىدا يايراپ يۇرگەن مال پادىلىرىنى، بىر دۆڭنىڭ ئۈستىدە بىرى نەي چېلىپ، بىرى ناخشا ئېيى-تىپ تۇرغان ئىككى مالچىنى كۆردى ... ئۇ، قاناتلى-رىنى قېقىپ، ھەممىگە خۇش خەۋەر يەتكۇزۇۋاتقاندەك، قاتتىق ئاۋاز بىلەن تاغنى ياڭرىتىپ يەنە بىر سايرىدى...

## تۈلكىنى ئۇچۇقتۇرۇش

بۈگۈن قىزىل لاچىن تېكەس دەرياسىنى بويلاپ تۆۋەن قاراپ ئۇچۇشقا باشلىدى. ئۇ ئوڭ-سول، يۇقىرى تۆۋەن ئۇچۇپ، موڭغۇلكۈرە شەھىرى ئۈستىنى بىر ئايلىنىپ، تېكەس ياقىغا قاراپ يول ئالدى. كېيىن بىرنەچچە ئايلىنىپ، شۇنچىلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلدىكى، كۆزگە كۆرۈنمەي قالدى. تاغلار بۇلۇتلار ئارىسىدا خىلى تۆۋەندە كۆرۈنەتتى. ئۇ ئەگىپ شىمالغا بۇرۇلدى، ئالا تاۋنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا باردى.

ئېخ! بۇ نېمىدېگەن گۈزەل جاي. ئەنە، ئىلى دەرياسى يېشىل تاسمىدەك ئۇزۇنىسىغا سوزۇلۇپ ياتىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى يېقىدا چوڭ-كىچىك، يېشىل-سېرىق سانسىز گىلەملەر...

لاچىن بۇ گۈزەل جاينى زوق بىلەن كۆزدىن كەچۈرۈپ، چاپچال تۈزلەڭلىكىگە قاراپ تۆۋەنلەۋەردى. خونىخاي مازار غولىدىن چىقىپ، ئۆمىلەپ تۆۋەنلەۋاتقان ئۇزۇن سېرىق بىر نېمىگە كۆزى چۈشتى. ئۇ، گۇمانلىنىپ يەنە پەسلەپ قارىغانىدى، ئەمدى بىر تۈلكىنىڭ چۆچۈپ ئىككى يېنىغا قاراپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆردى. تۈلكىنىڭ قىياپىتىدىن ئۇنىڭ يات-ياقىدىن كەلگەن ھەييار مەخلۇق ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى.

قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ ئاسمان باتۇرىنىڭ يەردىكى

مەخلۇقنى ئۇرۇشتا تەجرىبىسى يوق ئىدى. ھە ... توغ-
را، بۆركۆت تاغنى ئېچىش كېرەك. شۇ پالۋان بۇ
ھارامزادىنىڭ چاچىسىنى تازا بېرىدۇ.

لاچىن كۆتۈرۈلدى، ئايلىنىپ بۆركۆتنى ئىزلىدى ...
ئاخىرى ئىزلەپ تاپتى، بۆركۆت بىر ئېگىزلىكتىكى تاش
ئۈستىدە ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ھەر ياققا تىكىپ ئولتۇرغان-
كەن. لاچىن بۆركۆتكە ئۆز تىل - ئىشارەتلىرى بىلەن
مەقسىتىنى ئۇقتۇردى. بۆركۆت غەزەپكە كەلدى، بىر
سىلكىنىپ قانات قاقتى - دە، لاچىننىڭ ئارقىسىدىن ئۇچۇپ
كەتتى.

ئەنە، تۈلكە غولدىن چىقىپ تاغ يوتىسىدا كېتىپ
بېرىپتۇ. بۆركۆت بىر ئايلىنىپ ئۆزىنى راسلىۋىدى، تۈل-
كە ئاسمانغا بىر قاراپلا، ئوڭ ياقتىكى ئوتلاقنىڭ ئىچىگە
كىرىۋالدى. بۆركۆتنىڭمۇ، لاچىننىڭمۇ ئاچچىقى كەلدى.
لاچىن ئامال تاپتى. ئۇ، ئاۋۋال تىككىسىگە يۇقىرى ئۆر-
غۇدى، قاتتىق سايراپ ئوقتەك تېزلىكتە ھاۋانى يېرىپ
تۆۋەنگە شۇڭغۇدى، كۆچەپ قىقاس سالغىنىچە ھاۋادول-
قۇنى بىلەن ئوتلاقنىڭ ئۈستىنى قاتتىق يەلپۈپ ئۆتۈپ،
ئورغاق شەكلىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى ...

تىترەپ ھالى قالمىغان تۈلكە ئوتلاقتىن چىقىپ
تاغقا قاراپ يۈگۈردى...

مانا ئەمدى ياخشى بولدى. بۆركۆت ئۇنى كۆرۈش
بىلەنلا، غەزەپ بىلەن تۆۋەنگە شۇڭغۇدى. ئۇزاق ئۆت-
مەي تۈلكىنىڭ سۆڭگىچىگە قوندى. بۆركۆتنىڭ ياپى-
شىنى مىجىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئاران كېتىپ بار-

غان تۈلكە خىرىس قىلىپ بوينىنى ئارقىسىغا بۇرىدى .. بۇرىدى - يۇ، تۇمشۇقى بۈركۈتنىڭ كۈچلۈك چاڭگىلىغا قانداق كىرىپ قالغانلىقىنى بىلمەيلا قالدى.

بۈركۈت تۈلكىنىڭ سۆڭگىچىنى ھەم تۇمشۇقىنى قاماپ تۇرغان ئىككى پۇتىغا كۈچىنى توپلىدى. تۈلكىنىڭ بېلىنى قارسىلدىتىپ قايرىپ ئىككى پۈكلىدى ... تۈلكە خىرقىراپ جان بەرمىگۈچە بۈركۈت ئۆتۈشۈپ كەتكەن ئۆتكۈر قارماقلىرىنى بوشاشتۇرمىدى...

بۈركۈت كۆزلىرىنى ئالايتىپ، تىلىنى توغرا چىشلەپ تىن تارتماي ياتقان تۈلكىگە بىر قاراپ قويدى-دە، ئېرىراقتىكى بىر يوغان تاشقا چىقىپ ئاسمانغا قارىدى. تاغسىنىڭ باتۇرلۇقىنى ئالقىشلاپ قانات قېقىپ ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرگەن لاچىننى كۆرۈپ زوقى كەلدى. ئۇ، كۆتۈرۈلۈپ، لاچىن بىلەن ئىلى دەرياسى تەرەپكە بۇرۇلۇۋېدى. بىر توپ قۇش كېلىپ ئۇلارنى ئارىسىغا ئېلىپ، ۋاچۇر - ۋۇچۇر سۆزلىشىپ، قانات قېقىپ كۈلۈشۈپ، دەرياغا قاراپ ئېلىپ كەتتى.

قىزىل لاچىن ئىلى دەرياسى بويىدىكى سۆگەتنىڭ شېخىغا قونۇپ، دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىنى تاماشا قىلىپ ئۇزاق ئولتۇردى. كېيىن دەريانى بويلاپ ئۆرلەپ ئۇچتى، ياماتۇدىن ئۆتۈپ، ساربوچىن داۋانىدىن ئېشىپ، تېكەس شەھىرىگە يېتىپ باردى. شەھەرنى بىر ئايلىنىپ، شىمالىي يافتىكى تاغ تاشلىرىدىن بىرىگە قونۇپ دەم ئالدى. كېيىن تېكەس دەرياسىنى بويلاپ ئۆرلەپ، ئۆز ماكانىغا قاراپ ئۇچۇپ كەتتى...

# ھۇقۇشنىڭ جاجىسىنى بېرىش

قىزىل لاچىن تاغنىڭ يۇقىرى چوققىلىرىدا ھايات كەچۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۈگۈن ئۇ خېلى نۇرغۇن جايلارنى ساياھەت قىلدى. ئاخىرى ئەگىپ - ئەگىپ كۆتۈرۈلۈپ، خانتەڭرى چوققىسىدىن تۆۋەنرەك چوققىغا قوندى.

ئۇ خانتەڭرى چوققىسىنى ياخشى كۆرەتتى. تىيانشاننىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى بولغان بۇ «ئاسمان تۈۋرۈكى» نىڭ باغرىدا ئۇزاق - ئۇزاق پەرۋاز قىلىپ، ئاخىرى چوققىغا قونۇپ، ھوزۇرلىنىپ دەم ئالاتتى. ئەمما كېيىنكى يىللاردا بىر توپ ھۇقۇش كېلىپ ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيدىغان بولدى، ھەتتا چوققىغىمۇ قوندۇرمايدىغان بولدى. بۇ ئەھۋال قىزىل لاچىننىڭ بەك ئاچچىقىنى كەلتۈرەتتى.

بولۇپمۇ بىر ھۇقۇش لاچىننىڭ جېنىغا بەك تېگەتتى. ئۇ ئاخشىمى چوققىغا پاسكىنا چاڭگاللىرى بىلەن چاپلىشىۋېلىپ، تاڭ ئاتقۇچە ھۇۋلاپ چىقاتتى. ھۇقۇشنىڭ ھۇۋلىشى - ئۇنىڭ قاغىشى، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى شۇم قۇش دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇ نېمىسىنى قاغايدۇ دەيسىز؟ ئۇ كۈن نۇرىدىن قورققاچقا ھەمىشەم كۈننى قاغايدۇ. بىراق، قېرىشقاندەك، كۈن نۇرى بارغانسېرى ئۆتكۈرلىشىپ ھۇقۇشنىڭ كۆزىنى تېخىمۇ ئاچقۇزمايدىغان بولدى. ئۇ يەنە قۇشلار ئارىسىدا لاچىندىن ئۆلگۈدەك قورقىدۇ. بو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لۈپمۇ قىزىل لاچىننى كۆرگەندە، بۇ ھۇقۇشنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇ بوغۇلۇپ، ئاۋازى پۈتكۈچە قىزىل لاچىننى قاغايدۇ. لېكىن ئۇ قاغىغانچە قىزىل لاچىننىڭ ھەيۋەتلىك بولۇپ كېتىۋاتقىنىنى ئۇنىڭغا ئەلەم قىلماقتا.

قىزىل لاچىن ئۇزاق ساياھەتتىن ھارغان بولسا كېرەك، قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەنلا مۈگدەشكە باشلىۋىدى، يەنە ھېلىقى ھۇقۇشنىڭ شۇم ئاۋازى ئاڭلاندى. لاچىن ئۇخلاشقا تىرىشسىمۇ ئۇخلىيالمىدى. بىر ياقتىن ئۇ خانتەڭرى چوققىسىغا پەرۋاز قىلىپ، كېيىن شۇ چوققىغا ئەركىن قونۇپ، ئالەمنى تاماشا قىلغانلىرىنى خىيال قىلسا، يەنە بىر ياقتىن، بۇ شۇم قۇشنى قانداق يوقىتىشنى ئويلاپ ئۇخلىمىدى. ئۇ «خەپ» دېدى - دە، سەۋرچانلىق بىلەن تاڭنى كۈتتى.

شەرق قىزىرىشى بىلەنلا ھۇقۇشنىڭ قوزغىلىشىنى لاچىن بىلەتتى. شۇڭا ئۇ، ھۇقۇشقا يېقىنراق بىر تاش ئۈستىگە قونۇپ، ئۇنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنى كۈتتى ... ئاخىرى ھۇقۇش تاڭ نۇرى كۆزىگە سانجىلغاندىن كېيىن بېشىنى ئارقىسىغا بۇراپ كۆتۈرۈلۈپ، «پىنھان» ئۇۋىسىغا قاراپ ئۇچتى.

قىزىل لاچىن ئۆزىگە خاس چەبدەسلىك بىلەن بىرلا شۇڭغۇپ، ھۇقۇشنىڭ ئاستىغا چۈشتى - دە، قورقۇپ پەرىشان بولغان ھۇقۇشنى كەينىگە قايرىپ، يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە مەجبۇر قىلدى.

لاچىن بىر ئايلىنىپ، بىر ئاستىغا چۈشۈپ، بىر

ئۈستىگە چىقىپ، قانات قېقىپ سايراپ، ھۇقۇشنى قور-قۇتۇپ جېنىنى ئالدى. كېيىن لاچىن ئۇنى سىناپ ئېگىز-رەك كۆتۈرۈلۈۋىدى ھۇقۇش «پۇرسەتنى قولدىن بەر-مەي» ئۇۋۇسىي تەرەپكە ئالدىراپ پالاقلىدى ... لاچىن ھاۋادا بىر موللاق ئاتتى - دە، ئوقتەك شۇڭغۇپ، ھۇ-قۇشنىڭ ئالدىدىن ئايلىنىپ ئۇنى ياندۇردى، تۆۋەنگە چۈشۈپ ھۇقۇشنى كۆزلەپ ئوقتەك يۇقىرى ئۇرغۇدى ...

تىك كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ بارغان لاچىن تۆۋەنگە بۇرۇلدى - دە، بىر دائىرە ئايلىنىپ، تۈكلىرى تۇزۇپ، موللاقلاپ چۈشۈپ كېتىپ بارغان ھۇقۇشنى كۆردى. ئاللىقاچان جېنىدىن ئايرىلىپ، بىر مۇز ھاڭغا چۈشۈپ كېتىپ بارغان بۇ شۇم قۇشنىڭ ئۆلۈكى بارا - بارا كىچىكلەپ، ئاخىرى تېرىقچىلىك بولۇپ قالدى، كېيىن كۆرۈنمىدى...

قىزىل لاچىن ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىقىنى كۆزىتىپ ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرگەن ئىككى بۈركۈتنى كۆردى. ئۇ مەغرۇر ئاۋاز بىلەن قاتتىق بىر سايرىدى - دە، ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. خانتەڭرى چوققىسىنى ئىلگىرىكىدەك ئايلىنىپ، ئاستا كېلىپ چوققىغا قوندى...

ئىككى بۈركۈت لاچىننىڭ ئىككى يېنىدىكى ئىككى تاشقا قوندى، لاچىنغا باشلىرىنى ئېگىپ قويدى، لاچىن كۆكسىنى تۇشقۇزۇپ نەپەس ئالدى. ئۇ، ئەمدى شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن قۇياشقا تويماي قارىدى. قۇياش لاچىننى تەبرىكلەپ قىزىل نۇرى بىلەن پۈركۈدى...

ئەنە، تاغنى بېغىرلاپ بىر توپ لاچىن سايرىغىنى

چە كۆتۈرۈلۈپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن نۇرغۇن
خىل قۇشلار ھەر قايسىلىرى ئۆز تىللىرىدا شوخ سايرىشىپ
كېلەتتى. قۇشلار ئۈستىدە بىر نەچچە كەپتەر قاناتلىرىنى
ئارقىسىغا جۈپلەپ موللاق ئېتىپ كېلەتتى، قۇشلار
قانات قېقىشىپ، باشلىرىنى ئېگىپ، لاچىنغا قاراپ چوڭ-
قىنى ئايلىنىشاتتى.

بىزنىڭ قەدىيەر قىزىل لاچىن ئۆتكۈر كۆزلىرى
بىلەن قۇشلارنىڭ تەنتەنىسىنى كۆزىتەتتى. ئارىلاپ ئازراق
كۆتۈرۈلۈپ، قاناتلىرىنى يېيىپ يەلپۈنۈپ قوياتتى. ئۇ
ھامان قۇياشتىن كۆزىنى ئالماي تىكىلەتتى، قېنىپ-
قېنىپ قۇياش نۇرلىرىنى سۈمۈرەتتى...

1970 - يىل، 7 - ئاي، غۇلجا.



## ۋاقىت

ۋاقىت بەك قەدىرلىك، قىممەتلىك نەرسە. بىر كىشىنىڭ مەنىلىك ئۆمرى ئۈچۈن ئۇنىڭدىنمۇ قىممەتلىك نەرسە يوق. ئەگەر سەن ئۆمرۈڭنى مەنىسىز ئۆتكۈزمەك بولساڭ، ئۇ ھالدا ساڭا ھەممىسى بەرىبىر، ئەلۋەتتە. جاھان، ۋاقىتمۇ ساڭا پەرۋاسىز قارايدۇ. سەن كىشىلىك ئۈچۈن پايدىسىز (بەلكى زىيانلىق) بىر مەخلۇق بولۇپ قالىسەن — خالاس.

كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا ئۇنىڭ بىر ۋەزىپىسى بولۇشنى خالايدىكەنسەن، سەن مەنىلىك ئۆمۈر ئۆتكۈزۈپ، غايىلىك ئادەم بولۇشۇڭ كېرەك. ئادەمنىڭ قىممىتى — ئۇنىڭ غايىسىدا.

ئادەمنىڭ ئۆمرى بىر ئادەم ئۈچۈن ئالغاندا ئانچە قىسقا ئەمەس. لېكىن، كىشىلىكنىڭ ھاياتى بويىچە ئالغاندا بەك قىسقا. بۇ قىسقا ئۆمۈردە ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇش بەك مۇھىم. «ئادەمنىڭ ئۆمرى چەكلىك، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش چەكسىز. چەكلىك ئۆمۈرنى چەكسىز خەلق ئۈچۈن خىزمەتكە بېغىشلاش كېرەك». ۋاقىت سۇدەك ئېقىپ ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ، ئۇ كېيىن قاي-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

-تىپ كەلمەيدۇ، ئارمان قىلغىنىڭ بىكار. «كېيىنكى پۇ-
-شايمان، ئۆزىگە دۈشمەن».

بىر ئۆمۈردە ياشلىق دەۋرى ئەتىگەن سائەت
8 - 9 لاردىكى قۇياشقا ئوخشاش ئىنتايىن قىممەتلىك.
«ياشلىق باھارى» دەيمىزغۇ! بىر يىلنىڭ ياخشى ۋاق-
-تى — باھار. ئۇ، گۈزەللىكى بىلەنلا ياخشى بولۇپلا
قالماستىن، بەلكى بارلىق كائىناتنىڭ كىشىلەرگە دەپ
بېرىدىغان يىللىق ئۆمرىنىڭ باشلىنىشى بولغانلىقى ئۈ-
-چۈن ياخشى. يازمۇ ياخشى، كۈزمۇ ياخشى. بىر توپ
مېۋىلىك دەرەخنى ئالغاندا: ئۇ باھاردا چېچەكلەيدۇ،
يازدا مېۋىلەيدۇ، پىشىدۇ، كۈزدە ھوسۇل بېرىدۇ. چېچەك
ئاتمىسا ئەلۋەتتە مېۋە بولمايدۇ. راست چېچەك ئېتىش
ئۈچۈن، چوڭقۇر يىلتىز تارتىش كېرەك، قۇياشتىن، سۇ-
-دىن، ھاۋادىن بەھرى ئېلىش كېرەك. مۇھىمى قۇياش
نۇرىغا قېنىش كېرەك. بۇ شەرتلەر مېۋە بولغاندىن كې-
-يىنمۇ، مېۋىنىڭ كامالەتكە يېتىشى ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا
زۆرۈر.

دېمەك — چېچەكلەش مېۋىگە كىرىش ئۈچۈن
«ياشلىق باھار»ى بولماي بولمايدۇ؛ مېۋىنى ياخشى
پىشۇرۇش ئۈچۈن ئۆتكۈر تومۇز، ھەم كۈز كېرەك.
بىرىنچىسى بولمىسا كېيىنكىلىرىمۇ بولمايدۇ. كېيىنكىلىرى
بولمىسا بىرىنچىسىنىڭ مەنىسى يوق. يەنى، پۈتۈن ئۆمۈر
ئۈچۈن ۋاقىت قىممەتلىك: ئالدى بىلەن ياشلىق دەۋر-
-نىڭ ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. بىر مىنۇتنىمۇ بىكار-
-غا ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك كېرەك.

كىشى ياش ۋاقتىدا ئادەتتە ۋاقىتقا بىپەرۋا قاراي-
دۇ. كەلگۈسى بەك يىراق، ھەممە ئىشنى قىلىپ ئۈلگۈر-
گىلى بولىدۇ، تېخى ئانچە ئالدىرىمىسىمۇ بولىدۇ، دەپ
ئويلايدۇ. ئوتتۇرا ياشقا كەلگەندە، بېسىپ ئۆتكەن يولى
خېلى ئۇزاقتا قالغاندەك، ياشلىقنى ئەسلىگەندە ئارمان
قىلغاندەك ھېس قىلىسىمۇ، لېكىن ئالدىدىكى يولى يەنىلا
يىراقتەك كۆرۈنىدۇ. ئالدىرىمايدۇ، ياشانغاندىن كېيىن
بولسا ئەھۋال باشقىچە: ئارقىسىغا قارىسا يول يىراق،
ئالدىغا قارىسا قىسقا، بارغانسېرى قىسقىرىپ بېرىۋاتقانلى-
قىنى ھېس قىلىدۇ. ئەمدى ئۆتكەن ئۆمرىنىڭ ھېسابىنى
ئويلاشقا باشلايدۇ. كۆز ئالدىدا ھەر خىل ئارمانلار
كۆپىيىپ كېتىدۇ. كىشىدە نۇرغۇن ئارمانلار بولىدۇ. كۆپ
پۇشايمانلار بولىدۇ. ئەڭ چوڭ ئارمان ۋە ئەڭ ئېچىنىش-
لىق پۇشايمان — قىممەتلىك ۋاقىتنىڭ بىھۇدە ئىسراپ
بولغانلىقى ... «ھازىر ئۇن نەچچە ياشتا بولسام،
ئۆمۈرنى ئەجەب ياخشى پىلانلىغان بولاتتىم» دەيدۇ
كىشى ئارمان بىلەن. لېكىن ياشلىققا قايتىش مۇمكىن
ئەمەس، ئەلۋەتتە. قېرىغاندا پۇشايمانغا قالماسلىق ئۈ-
چۈن ياشلىق ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك.

بۇنىڭدىن، ياشانغاندا ۋاقىتنى چىڭ تۇتمىسا بولۇ-
ۋېرىدۇ، دېگەن مەنا چىقمايدۇ. ئوتتۇرا ياشلىق بولغان-
دا، شۇنىڭدەك قېرىغاندا ئوخشاشلا ۋاقىتنىڭ قەدرىنى
بىلىش كېرەك. ئۆمۈرنىڭ ئاخىرى يېقىنلاشقانسېرى
ۋاقىتنىڭ قەدرى شۇنچە ئېشىۋېرىدۇ. بۇنى ھەرگىز قو-
يۇۋەتمەسلىك كېرەك. ئىلىم، تەجرىبە ئاسمىنىدىن چۈش-

ھەيدۇ. ئۇ، ئۆمۈر بويى چېنىقىش جەريانىدا جۇغلىنىدۇ. بىلگەنلەرنى، تەجرىبىلەرنى ياخشى يەكۈنلەش، خەلق ئۈچۈن جىقراق ئىش قىلىش، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى ياخشى ئۆتكۈزۈش كېرەك. مەسىلە ياشاشتا ئەمەس، قانچىلىك ياخشى ئىش قىلىشتا.

«بويۇم ئەردى ئوقتەك،
كۆڭۈل بولدى يا.
كۆڭۈل بولدى ئوقتەك،
بويۇم بولدى يا»

قەدىم ئۇيغۇر ئالىمى يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ چوڭقۇر مەنالىق سۆزلىرىنى ئوبدان چۈشىنىش ۋە ئەستە چىڭ ساقلاش كېرەك.

1979 - يىل، 5 - ئاي، بېيجىڭ.

## چىن ئادەم بولۇش كېرەك

ھايۋاناتلار، قۇشلار دۇنياسىدا ئاجايىپ خىسلەتلەر بولىدىكەن.

ئەركەك چايان چىشى چايانغا ئۆچلىشىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويىدىكەن. كۆردىڭىزمۇ؟ ياكى ئۇنىڭ «خوتۇن پەرەس» لىكى شۇ دەرىجىگە يەتكەن، ياكى ئۇنىڭ كۆڭۈلچەكلىكى «ئائىلە» مۇھەببىتىدىن ئېشىپ كەتكەن.

كېپىنەكلەر ئادەتتە جۈپ بولىدۇ. لېكىن، باھاردا چىشى كېپىنەك تۇغقاندىن كېيىن ئەركەك كېپىنەك جۈپتىنى ۋە ئوغلاقلىرىنى تاشلاپ كېتىدىكەن. كېيىن ئۇ، كۈزدە يۈزىنى قايرىپ قايتىپ كېلىدىكەن. «ئامرىقى» نى تاپىدىكەن. (باشقىسىنى تاپىدىغىنىمۇ باردۇر، بەلكى).

سىز چۈللەردە كېپىنەك ئۇچراتقىنىڭىزدا، يازلىقى ئانا كېپىنەكنىڭ ئىككى يېتىم ئوغلىقىنى باشلاپ يۈرگىنىنى، كۈزلۈكى كېپىنەكلەرنىڭ پادا بولۇپ يۈرگىنىنى كۆرىسىز. مانا قاراڭ، تاشلاپ كەتتى، كېيىن قايتىپ كەلدى. قايتىپ كەلگىنىگە قاراپ ئۇنى كەچۈرۈش كېرەكمۇ؟ ياق كەچۈرۈشكە بولمايدۇ. بۇ ۋاپاسىزلىق. شەپقەتسىزلىك!

كانادادا بىر خىل چىرايلىق قۇش باركەن. ئۇلار جۈپتى بىلەن يۈرۈيدىكەن. ئانا قۇش چۈجە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىقارغاندىن كېيىن، ئاتا قۇشقا تاشلاپ بېرىپ «تۇغۇت دەم ئېلىشى»غا كېتىدىكەن. ئاتا قۇش چۈجىلىرىنى بېقىپ، ئەي قىلىپ بىرنەچچە ئايدىن كېيىن «باللىرى» بىلەن بىللە «رەپىقىسى»نى قارشى ئالىدىكەن. قاراڭ، بۇ نېمىدېگەن غەمخورلۇق، ئادىل ۋەزىپە تەقسىماتى.

تۇرنىلار جۈپتىدىن ئايرىلماي بىرجان، بىر تەن بولۇپ ئىناق ياشايدىكەن. ئەگەر ئۇۋچى بىرسىنى ئېتىپ تاشلىسا، يەنە بىرسى ئاسماندىن يەرگە ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلىدىكەن. بۇ نېمىدېگەن ۋاپادارلىق! بىرى ئۆلسە يەنە بىرى ئۆزىنى قۇربان قىلىش — ھەقىقىي مۇھەببەت، ئالىيجاناب پەزىلەت!

ئاققۇمۇ جۈپتىگە بەك كۆيۈمچان كېلىدىكەن. ئاتا قۇش ئانا قۇش بىلەن دەملىشىپ تۇخۇم باسىدىكەن. ئانا قۇش تۇخۇم باسقاندا ئاتا قۇش «ساقچىلىق» قىلىدىكەن، چۈجىلىرى چىققاندىن كېيىن ئىككىسى دەملىشىپ بېقىپ ئۇچۇرما قىلىدىكەن. قاراڭ، بۇ نېمىدېگەن ئېسىل خىسلەت، ھەقىقىي تەڭلىك!

كۆردىڭىزمۇ، بىر نەچچە خىل ئەھۋال:

كۈنچىلىك، گۇمانخورلۇق — ئاخىرى قاتىللىق.

ئائىلىسىگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ «ئانا»، «بالا»نى تاشلاپ كېتىش.

«رەپىقىسى» گە «تۇغۇتدەم ئېلىشى» بېرىپ «بالا» بېقىش؛

جۈپتى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىش؛

«ئەر - خوتۇن» نۆۋەت بىلەن تۇخۇم بېسىپ، چۈجىلەرنى بىللە بېقىپ ئۇچۇرما قىلىش؛

بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى بولغان ئاجايىپ ئىشلار.

«بۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق، ئۇلار ھايۋان، ئۇچار قاناتلار» دەيسىز بەلكى.

كەچۈرۈسىز، بۇ خىلدىكى ئىشلار، ھەتتا بۇلاردىنمۇ غەلىتەرەك ئىشلار، ئېغىرراق ۋە پاجىئەلىك ئىشلار ئىنسانلار ئارىسىدىمۇ تېپىلىدۇ.

باشقىنى قويۇپ تۇرۇپ ئۆزىمىزدىن ئىزلەپ بېقىڭ، ئاشۇنداق ياخشى خىسلەتلەردىن باشقا يامانلىق ئالامەتلىرى تېپىلامامسىكەن؟!

ئۆتمۈشكە، ھازىرغا، ئەتراپقا، يىراق - يېقىنغا سەپسېلىپ بېقىڭ — ئېغىر پاجىئەلىك ۋەقەلەر تېپىلماسمىكەن؟!

پاسكىنا قولىنى سوزۇپ ئىناق ئائىلىنى ۋەيران قىلغان قارا يۈرەكلەر ئازمىدۇ؟!

كۈنچىلىكتىن باغرى قان بولغان، بۇرنى كېسىلگەن بىچارە ئاياللار ئازمىدۇ؟!

بالا - چاقىلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، ئۆز پاراغىتى ئۈچۈن تاماشا قىلىپ يۈرگەن ۋاپاسىزلار يوقمىدۇ؟!

تۇرنىدەك بىرى ئۈچۈن يەنە بىرى ئۆزىنى قۇربان قىلىدىغان؛ ئاققۇ ۋە كانادا قۇشىدەك ئائىلىسىگە «رەپىقىسى» گە تەڭلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، غەمخورلۇق قىلىدىغان ياخشى پەزىلەتلىك، ۋىجدانلىق كىشىلەر ئاز ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئەمما، بولۇپمۇ تۇرنىنىڭ سادىقلىقى بىلەن ئۆلچىگەندە جۈپتى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىش دەرىجىسىدىكى ساداقەتلىك ئادەمنى تېپىش تەرەك ئوخشايدۇ.

قەدىمدىن تارتىپ كىشىلەر چىن ۋاپادارلىقنى ئار-

زۇ قىلىنغان. نۇرغۇن داستانلار، ھېكايە، چۆچەكلەردە مۇنداق ئارزۇلار بايان قىلىنغان. «تاھىر - زوھرا»، «پەرھاد - شىرىن» قاتارلىق ۋاپادارلىقنى كۆرسىتىدىغان داستانلار بۇنىڭ مىسالى.

بىز ئاشۇنداق داستانلارنى ۋە ھېكايە - چۆچەكلەرنى ئوقۇغاندا، تىياتىر، كىنولارنى كۆرگەندە ياخشىغا ھۆرمەت، يامانغا نەپرەت بىلدۈرۈپ ئولتۇرىمىز. بۇنى بىزدىكى ياخشى ۋىجداننىڭ ئالامىتى دېيىش كېرەك.

لېكىن، ئاشۇ ۋاقىتلاردا «ۋىجدانلىق» بولۇپ ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان شەخسلەرمۇ يوق ئەمەس. ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ ئولتۇرغاندا، قۇلىقىنىڭ كەينىدە بىرسى «سەنمۇ ئاشۇنداق ۋاپادار، سادىق بولساڭچۇ» دەپ پىچىرلىسا، يەنە بىرسى «ئازراقمۇ يۈزۈڭ قىزارمايۋاتامدۇ؟» دەپ تەنە قىلىپ ۋىجدانىنى ئازابلايدۇ ۋە كىچىككىنە كۆرۈنمەس بولقا بىلەن ئۇنىڭ ۋىجدانىنىڭ بېغىشىغا ئۇرۇپ قويىدۇ. يېنىدا ئويۇن كۆرۈپ ئولتۇرغان جۈپتى ئۇنىڭ يۈزىگە قاراپ قويىدۇ. لېكىن ئۇ پەرۋا قىلمايدۇ. پەرۋا قىلىدىغانلارمۇ بولىدۇ. ئۇ، قۇلىقىنىڭ كەينىدە پىچىرلاۋاتقان غايىب ئادەمدىن قۇتۇلماق بولغاندەك قوزغىلىپ قويىدۇ، قول ياغلىقىنى ئېلىپ پېشانىسىنى سۈرتىدۇ. ئەمما، بەزىلەر ساۋاق ئالىدۇ، بەزىلەرنىڭ «خىجالەت» چىلىكى بولسا ئاشۇ يەردىلا قالىدۇ.

ۋاپاسىزلىق — ۋىجدانسىزلىق... كىشى «ئالىيجاناب ئادەم، ساپ ئادەم، ئەخلاقلىق ئادەم، پەس ئارزۇ - ھەۋەسلەردىن خالىي ئادەم، خەلققە پايدىلىق ئادەم بولۇش» كېرەك.

1979 - يىل 10 - ئاي، بېيجىڭ.

## خەلققە نەپ بېرىش ئالىي شەرەپ

### 1

شىشۋاڭ بەننا ئاپتونوم ئوبلاستىدا بەيېزۇك دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل دەرەخ بار ئىكەن. ئۇ 40 يىللىق ئۆمرىدە بىر قېتىم گۈل ئېچىپ ئاندىن ئۆلىدىكەن. لېكىن، ئۇ، كىشىلەرگە گۈل ئۇرۇقىدىن ئۆسۈپ چىققان گۈزەل بەيېزۇك باغلىرىنى قالدۇرۇپ كېتىدىكەن. سىز بەيېزۇكنى «ئاران 40 يىلدا بىر قېتىم گۈل ئاچىدىكەن، بېخىل ئىكەن» دەپ ئەيىبلىيەلەمسىز؟ ياق، ئۇ بېخىل ئەمەس.

بۇ دەرەخ 40 يىل ئىچىدە باشقا دەرەخلەر بىلەن بەسلەشكەندەك ھەم مەزمۇت ھەم ئېگىز ئۆسىدىكەن. ئاندىن ئەڭ ئۇچىدا ساپسېرىق پارقىسان گۈل ئاچىدىكەن. ئۇنىڭ تەبىئەتكە تاج بولغۇدەك گۈزەللىكىنى دېمەمسىز تېخى؟!

ھەممىدىن ئارتۇقى، تەبىئەتكە تېخىمۇ چوڭ، تېخىمۇ گۈزەل باغلارنى قالدۇرۇپ كېتىدىكەن، يەنە 40 يىلدا ئۇنىڭ قانچىلىك ئەۋلادلىرى بارلىققا كەلگەنلىكىنى،

ئۇلارمۇ ئاتا - ئانىسىغا ئوخشاشلا قانچىلىك چوڭ-چوڭ گۈزەل باغلارنى يارىتىپ كېتىپ بارغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايسىز، ئەلۋەتتە.

ئۇنىڭ مەردانىلىقى شۇ يەردىكى، ئۇ، 40 يىل ئۆسۈپ، كۈچ توپلاپ ئەمگەك مېۋىسىدىن كىشىلەرگە ئۇلۇغ تۆھپە تەقدىم قىلىپ ئۇ دۇنياغا كېتىدىكەن.

بۇنداق مەردلىك بىلەن كەتسە نېمە ئارمان بار؟

ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىدا شۇنداق دەرەخلەر باركى، ئۇ بىر نەچچە ئون يىل، ھەتتا بىر نەچچە 100 يىل ياشايدۇ. لېكىن، ئۇ، يا گۈل ئاچمايدۇ، يا كەتمەنگە ساپ بولمايدۇ.

2

قاغىنىڭ قاقىلدىشى، ھوقۇشنىڭ ھۇۋلىشى جانغا تېگىدۇ. چۈنكى ئۇ، ياخشى ئاڭلانمىغاندىن باشقا، ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ؛

بۇلبۇل بىلەن تومۇچۇقنىڭ سايرىشى كۆڭۈلگە ئارام بېرىدۇ، چۈنكى، ئۇنىڭ ئاۋازىدا مۇڭ ۋە مۇھەببەت بار.

لاچىن قۇزغۇنغا ئۆچ بولغىنى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنى ماختايدۇ؛

سا چۆجىنىڭ كۆشەندىسى بولغاچقا ھەممە يامان كۆرىدۇ؛

3

نامازشام شەپەرەڭگى گەپ توشۇپ ھايۋانلارنىڭ ئارىسىنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن، سۇلايمان پەيغەمبەر: «كېچە - كۈندۈز كور بولغايسەن» دەپ قارغىۋېتىپتىكەن. شۇڭا ئۇ، كۈندۈزدىمۇ، كېچىدىمۇ كۆرەلمەيدىكەن. ئاران نامازشامدا كۆرىدىكەن ۋە ئۇچالايدىكەن.

4

مانا قاراڭ! ئەجەب ئىش:

تۆھپە — تۆھپىسىزلىك، يامانلىق، كور قىلىش، قاقاش، مۇھەببەت، ماختاش، يامان كۆرۈش، ئۇلۇغلاش...

يەنە، 40 يىلدا بىر قېتىم گۈل ئاچسىمۇ كىشىلەرگە گۈلزارلىق قالدۇرۇپ كېتىمىش.

ھە، شۇنداق، دۇنيا زىددىيەتلەر ئىچىدە مەۋجۇت، زىددىيەتسىز ھېچنەرسە بولمايدۇ. ياخشى يامانىنىڭ سېلىشتۇرمىسى — شەيئىلەرنىڭ پەرقى. ئۆسۈملۈك دۇنياسىدىمۇ شۇنداق؛ ھايۋانات دۇنياسىدىمۇ شۇنداق. كىشىلىكمۇ بۇ مۇقەررەر قانۇنىيەتنىڭ سىرتىدا ئەمەس.

ياخشىلىق ياكى يامانلىق — ئادەمنىڭ تەقدىرىنى، ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى بەلگىلەيدۇ. ياخشى يامانلىقنىڭ ئۆلچىمى — خەلققە پايدىلىق ئىش قىلىش ياكى زىيانلىق ئىش قىلىش بىلەن بەلگىلىنىدۇ. خەلققە

زىيانلىق ئىش قىلساڭ خەلق سېنى ئىرغىتىۋېتىدۇ، تاش- لايدۇ. خەلق ئۈچۈن پايدىلىق ئىش قىلساڭ، خەلق ئىشىغا، ئىنقىلاب ئىشىغا بارلىقىڭنى تاپشۇرساڭ خەلق سېنى قوينىغا ئالىدۇ، خەلق ساڭا مەدەتكار بولىدۇ، خەلق سېنى ئۇلۇغلايدۇ.

خەلقنىڭ ھۆرمىتىدىنمۇ ئۇلۇغ، شەرەپلىك ئىش بو- لامدۇ دۇنيادا؟ ياق، بولمايدۇ. بۇ كىشى ئۈچۈن ئۇلۇغ- نىڭ ئۇلۇغى! شەرەپنىڭ شەرىپى!

1981 - يىل، 2 - ئاي، بېيجىڭ.



## ھەيرانى پارچىلىرى

«ھەيرانى» يېڭى چىققان كونا شائىر. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمىنى سورىسىڭىز ئېيتمايدۇ. «بولدىلا، مۇشۇ ئات ماڭا خېلى يېقىپ قالدى» دەيدۇ ئۇ. بۇ ئات ئۇنىڭغا قانداق قويۇلغان بولغىيدى دەمسىز؟ بۇنىڭ ھېكايىسىمۇ قىزىق. ئۆزىدىن سورىسىڭىز: «ھېلىقى پالاكەت باسقان يىللارنىڭ تامغىسى» دەيدۇ ئۇ كۈلۈپ. ئىش مۇنداق بوپتىكەن: ھېلىقى «پالاكەت باسقان يىللار» باشلانغاندا بولۇۋاتقان ئىشلارنى ئۇ زادى چۈشىنەلمەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا قاپساپ كەلگەن ئوت بىرىدىن بىرىگە ئۇلىنىپ ئۇلغىيىۋېرىپتۇ. ئۇ ئىشلارنى ئۇ زادى ئەقلىغە سىغدۇرالماپتۇ. كېيىن ئاچچىقى كېلىپ «ھەيرانى» دېگەن نام بىلەن بىر شېئىر يېزىۋېتىپتۇ. بۇ شېئىرنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق بىر كۇبلېت بار ئىكەن:

تەتۈر ئايلاندى پەلەك، ھەيرانمەن،
چەيلىنىپ كەتتى چېچەك، ھەيرانمەن.
ئۆچتى نى شېرىن تىلەك، ھەيرانمەن،
بولۇرمۇ يۇرتۇم ھەلەك، ھەيرانمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ شەھەر «ئىسيانچىلار» نىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. خۇدا ئۇردى دېگەن شۇ دەك. ئۇ ئاتارمەن - چاپارمانلەرگە بۇنچىلىك ئىش تېپىلسا بولدى - دە؟! ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، «پالانىغا - پۇستانىغا، ئاققا - كۆككە قارشى ئەكسىلئىنقىلابى ئۇنسۇر ھەيرانى» دەپ يېزىلغان تاختىنى بوينىغا ئېسىپتۇ، ئۇزۇن قالپاقنى كىيگۈزۈپتۇ، ئاندىن تازا كۈرەش قىپتۇ. ئاخىرى ئۇلارنىڭ «چوڭراق ئۇنسۇرلار» دىن قوللىرى بوشىمىغان ئوخشايدۇ، بۇ ئادەمنى «7 - ماي كادىرلار مەكتىپى» گە قوغلىۋېتىپتۇ. «خۇداغا شۈكرى، ئۇردى - سوقتىلاردىن قۇتۇلدۇممۇ نېمە» دەپ تۇرسا، «ئىسيانكار ئىنقىلابى كادىرلار»نىڭ كۈرەشكە تارتىشىغا دۇچ كەپتۇ (ھېلىقى شەھەر بىلەن ئۇنىڭ نامۇ - ئەھۋالى بۇ يەرگىمۇ چىقىپتىكەن).

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. كۈرەشكە تارتىش توختاپ، ئېغىر ئەمگەككە ساپتۇ. «ئەمگەكنىڭ ئېغىرلىقىغۇ مەيلىدى، چوشقا باققىلى سالغىنى يامان ئەلەم بولدى - دە،» دەيدۇ ئۇ ئاچچىقى كېلىپ. باقماي ئىلاجى قانچە؟ ئۇ يەنە قىزىق بىر ئىشقا ئۇچراپتۇ. بىر كۈنى قارىسا، بىر چىشى چوشقا 15 نى تۇغۇپتۇ. ئۇنىڭ 14 ئەمچىكى بار ئىكەن. بىر بالىسىغا يەتمەي چەتتە قاپتۇ. «ۋاي بىچارە، مەندە نېمە گۇناھ. دۇنياغا كۆز ئېچىپلا ئۆلۈپ كەتمىگىن يەنە» دەپ، ھەيرانى چوشقىنىڭ بالىسىنى سۈت بىلەن بېقىپتۇ. ئۇ ھەيرانىغا ئامراق بولۇپ قاپتۇ. ھەيرانى ھەر كۈنى چوشقىلارنى ھەيدەپ ئېغىلغا كىرگەندە چوشقىنىڭ باشقا بالىلىرى ئانىسىغا يۈگۈرىدىكەن.

ئاۋۇ بىرىمۇ «ھەيرانى ئانىسى»غا يۈگۈرىدىكەن (ئۇ بې-
چارە نەدىن بىلسۇن. كىم سۈت بەرسە شۇ ئانىسى - دە!).
كېلىپ سول بىلىكىگە چىقىپ ئەكىلەيدىكەن. ئۇ سۈت
ئىچكۈزىدىكەن. ھەيرانىنىڭ بۇ چىرايلىق ئالا چوشقىغا
رەھمى كېلىپ، ئەكىلەشلىرىگە مەسىلىكى كېلىدىغان بولۇپ
قاپتۇ. ئۇ بۇ ئىشنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەندە شۇنداق
تېلىقىپ كۈلدۈمكى، كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كەتتى.
ئۆزىمۇ مەن بىلەن تەڭ كۈلدى. «بولدىلا ئاداش. ئۇ
ئەلەملىرىنى سۆزلەپ كەلسەك قىرىق كېچە - كۈندۈزدىمۇ
تۈگىمەيدۇ» دېدى ئۇ يېڭى بىلەن مەڭزىدىكى ياشنى
سۈرتۈپ.

«شۇنداق قىلىپ ماڭا ‹ھەيرانى› دېگەن ئات تامغا
بولۇپ قالدى، — دېدى ئۇ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، —
بۇمۇ يامان بولمىدى. مانا ئەمدى بۇ ئات لازىم بولۇپ
قالدى. بۇ دۇنيادا ھەيران قالىدىغان ئىشلار قاچان تۈ-
گەركىن، تاڭ. يېقىندىن بېرى بۇ ئاتنى يەنە ئىشلەت-
تىم. مانا كۆردۈڭلىمۇ، قانداق باستۇرساق بولاركىن؟»

ھەيرانى ماڭا بىر نەچچە پارچە نەرسىلىرىنى كۆرسەتتى.
«بەك ياخشىكەن، — دېدىم مەن، — ئىككىمىز بىر كېلى-
شىم تۈزسەك. يازغان نەرسەڭلەرنى ماڭا بەرسەڭلار، ياكى
كۆرگەن - بىلگەنلەرنى، ئويلىرىڭلارنى ماڭا سۆزلەپ
بەرسەڭلار، مەن مەتبەئەگە بېرىپ تۇرسام. قانداق؟» دې-
دىم مەن. «ۋاي قانداق بولاتتى، تازا بەلەن ئىش ئە-
مەسمۇ بۇ. كېلىشتۇق، — دېدى ئۇ. كېيىن ئويلىنىپ قال-
دى. — ھەي دوستۇم. ھېلىقى چوشقا بالىسىنى يېزىپ

سالماڭلا يەنە» دەپ ئەسكەرتىپ قويدى. ئىككىمىز كۈلۈشتۇق.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىمىز جىق پاراڭلاشمىدىغان بولۇپ قالدۇق. ھەيرانى يازغان نەرسىلىرىنى ماڭا بېرىدۇ ھەم مېنى كۈلدۈرۈپ قىزىق ئىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

يېقىندا قارىسام، ھەيرانىنىڭ بەرگەنلىرى ۋە مېنىڭ خاتىرىلەپ ئالغانلىرىم خېلى كۆپىيىپ قاپتۇ. ئەمدى كېلىشىم بويىچە مەتبەئەگە بېرىشكە باشلاي دەپ ئەۋەتكەنىدىم. تەھرىر يولداشلارغىمۇ يېقىپ قالدى بولغاي، چىقىرىپتۇ. مانا ئەمدى سىز ئوقۇۋاتىسىز.

ھەيرانىنى تونۇشتۇرىمەن دەپ جىق سۆزلەپ كەتتىم، كەچۈرىسىز.

تۆۋەندە ھەيرانىنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ساپلىقى ۋە خەلققە چۈشىنىشلىك بولۇشى ھەققىدىكى پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ بېقىڭ!

1

بىر كۈنى ھەيرانى ئىككى ئاغزىغا لىق كىتابلار سېلىنغان ئالا خورجۇننى ئۆشنىسىگە سېلىپ، شەھەر كوچىسىدا كېتىپ بارسا، بىر ئاغىنىسى سوراپتۇ:

— ھەيرانى، نەگە ماڭدىڭلا؟

— ئەدەبىياتچىلار ئۆگىنىش كۇرسىغا.

— مۇشۇنچىۋالا كۆپ كىتاب كېرەكمىكەن؟

— ماۋۇلار ئۆگىنىدىغان كىتابلار، — دەپتۇ ھەيرا-نى خورجۇندىن بىر كىتابنى ۋە ئىككى ژۇرنالنى چىقى-رىپ، — ماۋۇلار بولسا لۇغەتلەر، — ھەيرانى كىتابلارنى بىر - بىردىن چىقىرىپ كۆرسىتىپتۇ، — ماۋۇ ئەرەبچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت، ماۋۇ رۇسچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت، ما-ۋۇ بولسا خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت، بۇنىسى پارسـ-چە - ئۇيغۇرچە لۇغەت، مانا ماۋۇ...

— ۋاي - ۋۇي، ھەيرانى، بۇنچە لۇغەتنىڭ نې-مىگە كېرىكى بار؟ — سوراپتۇ ئاغىنىسى ھەيران بولۇپ.

— ئۆگىنىدىغان نەرسىنى چۈشىنىشىڭ كېرەك - تە! — دەپتۇ ھەيرانى ۋە ئاغىنىسى بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قاپتۇ.

2

ھەيرانى بىر كۈنى ئىككى ژۇرنالنى قولتۇقىغا قى-سىپ شاپاشلاپ كېتىپ بارسا، بىرسى ئۇنىڭدىن:

— ھەيرانى، ئەجەب ئالدىراشقۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يۇقىرىقى مەھەللىدىكى مەخسۇمنى ئىزلەپ كې-تىپ بارىمەن. — دەپتۇ ھەيرانى.

— ئۇ كىشىنى نېمە قىلىسىلا؟

— مـاۋۇ ژۇرناللاردىـكى بىرمۇنـچە سۆزلەرنى شۇ كىشى چۈشەندۈرۈپ بەرمىسە زادى چۈشىنەلمىدىم.

— يازغان كىشىنىڭ ئۆزىدىن سورىسىلا بولمامدۇ؟

— ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىنىۋ بىلىشى ناتايىن.

— تەھرىر ھەيئىتىگە خەت يېزىپ سورىسىلا بولامدۇ؟

— ئۇ ئەپەندىلەرنى خىجىل قىلماي نېمە قىلاي، — دەپتۇ ھەيرانى ۋە مەخسۇمنى ئىزلەپ كېتىپتۇ.

3

ئەدەبىياتچىلار سۆھبەت يىغىنىدا شېئىر ئوقۇش بوپتۇ. ھەيرانىمۇ قىزىقىپ بېرىپتۇ.

بىر نەچچە كىشى ئۆز شېئىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، بىر ياش شائىر ئالدىغا چىقىپ ئىككى كۇپلېت رۇبائىيسىنى ئوقۇپ بېرىپتۇ:

قىزىل گۈل شېخىغا غۇنچىلار تولسا،
پورەكلەپ ناز بىلەن كۈلۈپ ئېچىلسا.
ئەگمىگەن، مۇرادقا يەتكەي شۇ گۈزەل،
بەك ئارمان — ھۆسنىگە تولمايلا سولسا.

گۈل - چېچەك، غۇنچىغا تەشنادۇر قەلبىم،
ئىپاردەك ھىدلىرى قىلىدۇ خۇمار؛
ئارزۇيۇم گۈل بېقىپ بولماق بىر باغۋەن،
گۈل ئىشقى بويىنۇمغا بولغۇسى تۇمار.

«پارايدۇ، ياخشى شېئىر، مەزمۇنىمۇ، بەدىئىيلىكىمۇ ياخشى» دېيىشىپتۇ كۆپچىلىك.

«بۇنىڭ نېمىسى شېئىر بولىدۇ؟ — دەپتۇ ئاردىن ياشانغانراق بىر شائىر ئالدىغا چىقىپ، — مەزمۇنى، غايىسى يەنە ھېلىقىدەك. بەدىئىيلىكى، تىل گۈزەللىكى، ئاھاڭدارلىقى يوق. قۇلاققا ياقمايدۇ».

ئۇ كىشىلەرنىڭ تەكلىپىگىمۇ قارىماي دەپتەرنى ئېچىپ: «شېئىر دېگەن مانا مۇنداق بولىدۇ» دەپتۇ - دە، ئۆزىنىڭ شېئىرىنى تەنتەنىلىك دېكلاماتسىيە قىلىشقا باشلاپتۇ:

دىلرەبا جەزبىلىك نەزمە ئەيلىگىن،
دىلدارنى بەدىئىي مەھامىيا قىلسۇن؛
شەمشاتتەك ساماغا باش سوزغاندا ئۇ،
رۇخسارى باش ئېگىپ پەيۋەند بولسۇن.
(كىشىلەر بىر - بىرىگە قارىشىپتۇ).

ئەستەتىكا — غايەم مېنىڭ، مۇھەببەت نىشان،
ھاياتىم تۇلپارىغا مىنىپ ئىزلەيمەن؛
ھىجران تۈنىدە ۋىسال تېگى دەپ،
قورقمايمەن، زەخمەت - مولاقات چېكىمەن.
(كۆپچىلىك كۈلۈشۈپتۇ).

دىلىرىم يولىدا، ۋىسال كويىدا،
مەجنۇنمەن، تاپىمەن ئاخىر پاراغەت.
نىگارىم ۋەسلىگە يېتىمەن بىللا،
ئەرشى ئەلادا قۇچىمەن كارامەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇھەببەت، مۇھەببەت، ئاھ ئۇلۇغ تىلسىم،
كۆڭۈلنىڭ مەشئەلى، جانغا پاساھەت؛
شەمئىگە پەرۋانە جان پىدا ھەيھات!
يا ھايات، يامامات، مەيلى قاباھەت.
(بەرنەچچە يىلەن كۇلۇشۇپتۇ، ئالدىدا ئولتۇرغان
ئىككىسى ئۇلارغا ئالىيىپتۇ).

مۇھەببەت ئەنگۇشتەر، مۇھەببەت ھايات،
مۇھەببەت ئۇلۇغ كۈچ گوياكى ھاتەم؛
مۇھەببەت ھىجرىدە ئۆلسەڭ نە ئارمان،
ئاھ، شەرەپ، ئۇ ساڭا لەززەتلىك ماتەم!

شائىر ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ جاراڭلىق
ئاۋاز بىلەن دېكلاماتسىيىسىنى تاماملاپتۇ.
كۆپچىلىك ئۆزىنى تۇتالماي كۇلۇشۇپتۇ.
يىگى چىققان كونا شائىر ھەيرانى سالماقلىق بى-
لەن مېڭىپ ئالدىغا چىقىپتۇ.
«يېتىپ قالغىچە ئېتىپ قال، دەپتىكەن،— دەپ سۆز
باشلاپتۇ ئۇ، — مەن يېزىلمىغان بىرنەچچە كۇپلېت
شېئىرىمنى ئېيتىپ باقاي»:

ياپىرەي، شائىرىم، ياشاپ كەتسىلە،
شېئىرىيەت بابىدا تولۇپلا تازا؛
مورتىلەر، مۇخلىسلار تىلاۋەت ئوقۇپ،
ياسارلەر مۇنارە، گۈمبەزۇ - مازا.

غايەدە يېتەپلا شەيخۇلئىسلامدىغا،
تالمىرى نېمەدېگەن گۈزەل كارامەت؛
باغدادلىق خەلىپە تىلۇر بەخشەندە،
بىر تۇمار — تۇماركى تىلسىم ئالامەت.

ھېلىقى شائىر تېرىكىپ ئولتۇرالماي، چالۋاقاپ چىقىپ كېتىپتۇ. كۆپچىلىك راھەتلىنىپ تازا كۈلۈشۈپتۇ.

خەلقنى سۆيمىسەڭ خەلقمۇ سۆيمەيدۇ،
مەرھەمەت شائىرلار شاھى يول بولسۇن؛
ھەييارغا يارانلار ئىچرە ئورۇن يوق،
مەرھەمەت ماھىرلار ماھى يول بولسۇن.

(كۆپچىلىك ئۇزاق چاۋاك چېلىشىپتۇ).

4

ھەيرانى بىر كۈنى خاپا بولغان ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

— ۋاي ئاداش، يەڭگەم بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدىڭلىمۇ نېمە؟ — دەپ چاقچاق قىلدىم مەن.

— قويۇڭلا چاقچاقىڭلىنى، — دېدى ئۇ مەن بەرگەن تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ، — يېقىندىن بۇيان تىلى تاتلىق شېئىرلار خېلى كۆپىيىپ قالغاندى. مانا يەنە... كۆرمەمسىلە؟

ئۇ قولتۇقىدىكى ژۇرنالدىن بىر شېئىرنى ماڭا كۆرسەتتى.

ئوقۇسام بۇ شېئىر تازىمۇ چۈشىنىكسىز: ئەپلەشمىگەن شېئىر ئىكەن.

— ياخشىغۇ، «پاساھەتلىك» شېئىر دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ - دە!؟ — دېدىم مەن كۈلۈپ.

— ھە، شۇ، باياتىن ھېلىقى شائىر ئەپەندىم بىلەن (ئېتىمنى دېمىسەممۇ بىلىسىلە) گەپ تالىشىپ قالدىم. «لەزىز سوخەن شېئىر يازىدىغان شائىر بۇ» دەيدۇ ئۇ. يەنە جېنىمنى چىقىرىپ «ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلىدۇ» دېمەمدا. ئاچچىقىم نەدىن كەلدى: «ئاشۇ ئالتۇنلىرىنى زەرگەرلىرى بىلەن قوشۇپ چېكىمىرىگە قىسىپ ئالسىلا» دەپ كېتىپ قالدىم.

— توغرا دەپلا ھەيرانى.

— ئاچچىقىمدا تەلۋە ئىلھامىم قوزغىلىپ كېتىپتىكەن. بىر شېئىر يېزىپ تاشلىدىم، مانا كۆرۈپ بېقىڭلار! — دېدى ھەيرانى ۋە يانچۇقىدىن شېئىرنى چىقىرىپ بەردى.

ئوقۇپ باقسام شېئىر ياخشى يېزىلىپتۇ. ماڭا ياقتى.

—بەلەن يېزىلىپتۇ، ژۇرنالغا بېرەيلى، قانداق؟— دېدىم مەن.

ھەيرانى قوشۇلدى.

شېئىرىڭنى ئوقۇغاندا بولدۇم خۇشال،

مەنالىق مىسرالىرىڭ تارتتى دەرھال؛

بىراق، خەلقىم يات - ياۋا تىللىنى كۆرۈپ،
كۆڭلۈم سۇۋۇپ ئويلاپ قالدىم، بولدۇم مالال.

شېئىرمۇ بۇ، سۆز ئويۇنى، يا تېپىشماق؟
ئويلامسەن يا كىتابخان بىلەن ئويناشماق؟
كىمگە كېرەك چۈشىنىكسىز ئېغىر گەپلەر،
ئەلگە كېرەك چۈشىنىشلىك نەزمە - قوشاق.

يېزىپسەن توققۇز كۇپلېت، ئوتتۇز مىسرا،
ئوقۇغانلار چۈشەنمىسە ساڭا ئىمزا.
چەت سۆزلەرنىڭ ماتاسىنى راست توقۇپسەن،
خالايىق سەندىن قانداق بولۇر رىزا؟!

«لەزىز سوخەن» ئىبارەڭنى تاشلا ئەمدى،
ئانا تىلىڭ بىلەن داستان باشلا ئەمدى.
شاكال ئەمەس — مېغىز دىگەندىن ئۆنەر مايسا،
مېۋىسىگە بوكىڭنى ئال، راستلا ئەمدى.

5

بىر كۈنى ھەيرانىنىڭ ئۆيىگە بارسام، ئۇ ئۆي ئارقىسىدىكى ئىككى چۆنەك قوغۇنلۇقىدا ئۆمىلەپ يۈرۈپتۇ.

— ھەيرانى، قوغۇن ئوخشاپتىمۇ - نېمە؟ — دېدىم مەن كۈلۈپ.

— ئوخشىمايچۇ، — دېدى ھەيرانى ۋە بىر كۆكچىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆتۈرۈپ ئالدىمغا كەلدى. سۇپىدا ئولتۇردۇق.

ھەيرانى يانچۇقىدىن قەلەمتىراشىنى ئېلىپ كۆكچىنىڭ بىخىنغا ئۇرا - ئۇرمايلا قوغۇن «چارس» قىلىپ يېرىلدى.

— قانداق؟ — دېدى ھەيرانى ماختىنىپ. — مانا مۇشۇ ۋاقىتتا قوغۇنچىنىڭ ھاردۇقى چىقىدۇ. مانا تۇتۇڭلا! — ئۇ قوغۇندىن بىر تىلىم تىلىپ ماڭا ئۇزاتتى. بىر تىلىمنى ئۆزى يېدى.

— ئەجەب ياخشى قوغۇن ئىكەن بۇ. ئاق ناۋات دېسە بولىدىكەن. — دېدىم مەن قوغۇننى يېگەچ.

— كۆك ناۋات دەڭلا. تىلنى يارىدۇ.

— قانداقراق، بىرەر نەرسە يازدىڭلىمۇ؟

— يازدىم، تايىنى يوق، داڭقان پۈتى شېئىر يازغانلارغا چاقچاق قىلىپ خېلى تېگىشىپ قويدۇق. ياخشى يازىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس، ئەلۋەتتە. يېقىندىن بېرى ژۇرنالدىن پەيىز شېئىرلارنى ئوقۇپ ئولتۇرۇپ، ئۇلارغا بارىكاللا دەپ بىر شېئىر يازدىم. راستلا ئوبدان شېئىر ئىكەن.

ھەيرانى شېئىرنى ماڭا ئۇزاتتى. شېئىر راستلا ئوبدان يېزىلىپتۇ.

شېئىرلىرىڭغا بارىكاللا، ئەسسالام،
يوللىدۇم ھۆرمەت بىلەن قۇتلۇق سالام.

زەپ بەلەنتەن بۇ يارانلا نەزمىسى،
پەيزىگە تولدى يارانلار بەزمىسى.

ئەل ۋە يۇرتنىڭ مەقسىتى بوپتۇ ئايان،
پۈتۈلۈپتۇ ئارزۇ - ئارمان، يول - نىشان.

تىللىرى تاتلىق - چۇچۇك، بەك ساز ئىكەن،
يات - ياۋا سۆز يوق ۋە ياكى ئاز ئىكەن.

ئوقۇسا مەززە قىلۇر دېھقان ئاكاڭ،
گۆش - قىمىز زەللە قىلۇر مالچى ئاغاڭ.

ئىشچىنىڭ قولىدا ئوينار بازغىنى،
ئالقىش ئېيتىپ ئۇ ماڭار كان قازغىنى.

بەزىلەر رەنجىش بىلەن بەلكى كۈلەر،
يوق ئىكەن بۇ شېئىرلىدا «پەيۋەندە...» دەر.

رەنجىسە مەيلى، ئۆكۈنمە، ياز ھامان،
يازا! سېنى دوستلار قۇچاقلار شادىمان.

ئەل سېنىڭدىن دەردىگە داۋا كۈتەر،
گۈل - چىمەندە ساز ئۈچۈن ناۋا كۈتەر.

مول بولۇپ تولغاي بېغىڭنىڭ مېۋىسى،
ماغزىنى چاقسۇن بادامنىڭ ئىگىسى.

سۇن بادام لاچىن سۇپەت سايرانىغا،
بىر سېۋەت ئانار ئۇزات ھەيرانىغا.

1982 - يىل، 10 - ئاي.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## توي قىلغاندا ھازىنى ئۇنتۇما

بايا كوچىدا كېلىۋاتسام، قارا گۈل تۇكۇلگەن قارا لاتىنى ئايلاندۇرۇپ باغلاپ ئالغان بىر بولكا ۋاي ماشىنا كېتىپ بېرىپتۇ. ئىچىدە بىر نەچچە ئەر - ئايال، ياش - قېرى مەيدىلىرىگە يوغان ئاق قەغەز گۈل تاقاپ ئالغان، باشلىرىنى ئېگىپ ماتەم قىياپىتىدە ئولتۇرۇپتۇ.

ئۇلارغا ئىچىم ئاغرىدى. مۇسىبەت يېتىپتۇ. ئۇلار دادىسىنىڭ، ياكى ئانىسىنىڭ كۆلىنى قەبرىستانغا ئۇزىتىپ كېتىپ بارغانغا ئوخشايدۇ.

خىيالىمدا — ماتەم ماشىنىسى ئورنىدا «لاپ» قىلىپلا، قىزىل رەختلەر ۋە قىزىل گۈللەرگە پۈركەنگەن كىچىك ماشىنا كۆرۈنۈپ كەتتى. شۇنداق، ئاشۇ كىچىك ساندۇق ئىچىدىكى بىر ئۇچۇم كۈل، بىر ۋاقىتلاردا ئاشۇنداق توي ماشىنىسىدا يارى بىلەن، دوست يارانلىرى بىلەن خۇشال ئولتۇرغان بولغىيدى.

ھەئە، تۇرمۇش شۇنداق: خۇشاللىقنىڭ خاپىلىقى بار؛ تويىنىڭ ھازىسى بار؛ تۇغۇلۇشنىڭ ئۆلۈشى بار.

سەن تۇغۇلدۇڭ — يوقتىن بار بولدۇڭ. تۇغۇلدۇڭمۇ، ئۆلدۈڭ. سەن بولمىساڭ سېنىڭ ئۆلۈمىڭ بولمايتتى، ئەلۋەتتە.

بار بولدۇك، ئۆستۆك، يوقالدىك — بۇ، تەبىئەت-نىڭ، كىشىلىكنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتى، بۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. ئۇ سېنىڭ خاھىشىڭ بىلەن ئۆزگەر-مەيدۇ.

گەپ — سېنىڭ قانداق ئۆسۈپ، قانداق ئۆلگىنىڭدە.

ئادەمنىڭ ئۆمۈر ئۆتكۈزۈشى — ئۆسۈشى ھەر خىل بولىدۇ. گاھىلار چىرايلىق ئۆسىدۇ، «ئوبدان» ياشايدۇ، گاھىلار باياشات ياشىيالمىسىمۇ روھىي مەنىۋى جەھەتتىن ياخشى ئۆسۈپ يېتىشىدۇ، جاپا تارتىدۇ، ئاخىرى ھالا-ۋەتمۇ كۆرىدۇ. بىرىنچىسى باشقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزى ئۈچۈن ياشايدۇ، باشقىلار ئۈچۈن ھەر خىل يامانلىقلارنى قىلىشتىن باش تارتمايدۇ، ئۇ خەلقنىڭ نەپرىتىگە ئۇچ-رايدۇ، ئىككىنچىسى، ئۆزىنى ئەلگە تاپشۇرۇپ، ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن جېنىنى ئايىمايدۇ، كۆپچىلىك بىلەن بىل-لە مەنىلىك ئۆمۈر ئۆتكۈزىدۇ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېگە بولىدۇ.

ئۆلۈشتىمۇ — ئۆلۈش بار — ياخشى ئۆلۈش، يامان ئۆلۈش بار. ئەگەر ئۆمرىڭنى مەنىلىك ئۆتكۈزىدىغان بول-ساڭ، ئۆزۈڭ ئارمانسىز كېتىسەن؛ ئەۋلادىڭ سەن بىلەن پەخىرلىنىدۇ. چۈنكى كىشىلەر سېنى ياخشى يادلايدۇ. ئەگەر باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈپ ئۆمۈر ئۆتكۈزگەن بولساڭ ئۆلگەندىن كېيىن ئەۋلادىڭ يەرگە قارايدۇ؛ چۈنكى كىشىلەر سېنى يامان يادلايدۇ.

تۇرمۇش شۇنداق ... توي — ھازىسىز بولمايدۇ. مۇھىمى — تويىمۇ كۆڭۈللۈك، ھازىسىمۇ ياخشى بولۇش

كېرەك. ئەگەر شۇنداق بولسا، سەن چىن ئادەمدەك ئۆمۈر سۈرۈپ، ئۆزۈڭنىمۇ، كىشىلەرنىمۇ رازى قىلىپ كېتەسەن ...

ئەپسۇسكى، جەمئىيەتتە ھەممە كىشى شۇنداق بولالمايدۇ ...

خىيالىم مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ماشىنا توختىدى. قارىسام خەلق چوڭ سارىيى ئالدىغا كەپتىمىز. سائەتكە قارىسام مەجلىس ۋاقتىغا 2 مىنۇت قاپتۇ. ماشىنىدىن چۈشۈپ، ئالدىراپ پەلەمپەيگە كۆتۈرۈلدۈم.

1983 - يىل، 6 - ئاينىڭ 24 كۈنى، بېيجىڭ.



## ئۆملۈك — كۈچ

ئۆملۈشۈپ، ئۇيۇشۇپ، تەشكىللىنىپ ھەرىكەت قىلىش — كائىناتتىكى پۈتكۈل جانلىقلارنىڭ ھايات كەچۈرۈشىدىكى بىر مۇھىم قانۇنىيەت بولسا كېرەك. ئادەملەر ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ھەر خىل كۈرەشلەردە ئەزگۈچىلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۆملۈشۈپ ھەرىكەت قىلغاندىلا غەلىبە قازىنالايدۇ. تەشكىللىنىش — يېڭىشنىڭ ئالدىنقى چارىسى، ھايۋانلارمۇ ئۆز كۈشەندىلىرىگە قارشى ئۇيۇشۇپ بىرلىكتە كۈرەش قىلىدۇ ھەم تىرىكچىلىك ئۈچۈن ئۆملۈشۈپ ھەرىكەت قىلىدۇ، چۈمۈلە، قۇرت قۇمۇسقىلارمۇ شۇنداق ئىكەن.

كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مەن پېشايۋانغا چىقىپ باغدا پىشىپ ساڭگىلاپ تۇرغان قىپقىزىل ئالمىلارغا قاراپ نېمىندۇر خىيال قىلىپ ئولتۇراتتىم، پېشايۋاننىڭ بىر چېتىدە بىر نېمىلەرنىڭ مىدىرلاۋاتقىنىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. قارىسام بىر توپ چۈمۈلە بىر ئۆلۈك چېكەتكىنى سۆرەپ كېتىپ بېرىپتۇ، چۈمۈلىنىڭ قانچە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم، ھەر ھالدا 50 دىن كۆپرەك بولسا كېرەك. بىر چۈمۈلە ئۆزىچىلىك ئېغىرلىقتىكى نەرسىنى

سۆرىيەلەيدۇ دەپ قاراپ، بىر چۈمۈلىنى چېكەتكىنىڭ يۈز-
دىن بىرى دەپ ھېسابلىماسلىق. ئۇنى سۆرەش ئۈچۈن
يۈز چۈمۈلە كېتەدۇ. دىققەت قىلىپ قارىسىڭىز ئۇلارنىڭ
ئۇيۇشقاقلىقىدىن زور تىرىكىشىش بىلەن تەڭ ھەرىكەت
قىلىۋاتقانلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. چېكەتكىنىڭ
بېشى، قاناتلىرى، پۇتلىرى، قۇيرۇقلىرى ۋە باشقا توغرا
كەلگەن يەرلىرىدىن تۇتۇپ، ئۇلار كۆچەپ تارتىماقتا.
چۈمۈلىلەرنىڭ چوڭلۇقى ھەم كۆچىدىن قارىغاندا ئۇلار
خېلى چاپسان ئىلگىرىلىمەكتە.
ئۇ چۈمۈلىلەرنىڭ ئارقا تەرىپىدە، پېشايۋاننىڭ سۇ-
پىسى قىرغىقىدىن بىر قاتار چۈمۈلىلەر چىقىپ ئاشۇ توپ-
قا قاراپ كېتىپ بارىدۇ. چۈمۈلىلەر توپىدىن بىر قانچە
چۈمۈلىلەر ئۇلارغا قارشى كېلىپ بىر - بىرى بىلەن
باش قوشۇپ بىر ئاز توختىغاندىن كېيىن، يەنە ئۆز يو-
لىغا كېتىۋاتىدۇ. بۇنى كۆرگەندىن كېيىن تاغلىق يولۇ-
چىلارنىڭ ئۇچرىشىش ئەھۋالى يادىمغا كەلدى. بۇنداق
ئەھۋالنى سىزمۇ بەلكىم ئۇچراتقان بولسىڭىز كېرەك.
تاغلىقلار بىر يايلاقتىن - بىر يايلاققا ياكى بىر ئاۋۇلدىن
يەنە بىر ئاۋۇلغا كېتىپ بېرىپ يولدا بىر - بىرى
بىلەن ئۇچراشقاندا سالاملىشىدۇ. ئىگىلىرىنىڭ ئادىتىگە
ئۆگىنىپ قالغان ئاتلارمۇ ئۇلارنىڭ ئەمرىنى كۈتمەيلا
سالام بىلەن تەڭ دەرھال بىر - بىرىگە يانداشىپ توخ-
تايدۇ. يولۇچىلار سالام - كالامدىن كېيىن ناسۋال ياكى
تاماكا تۇتىشىدۇ، ئاندىن ئاتتا سىگايان ئولتۇرۇپ پاراڭ-
غا چۈشىدۇ. ئۇلار ئاشۇ قىسقىغىنا سۆھبەتتە ئىككى تە-

رەپ ئاۋۇل، ھەتتا رايونلار بويىچە نېمە يېڭىلىقلار بولۇ-
ۋاتقانلىقىنى، كىمنىڭ دادىسى ئۆلۈپ، كىمنىڭ خوتۇنى
تۇغقانلىقىنى، بەيگىدە كىمنىڭ بىرىنچى چىققانلىقىنى،
ھاۋارايىنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقىنى، ھەتتا كىمنىڭ
قېمىزى ياختى پىشقانلىقىنى ئۆز ئارا «ئاخبارات ئال-
ماشتۇرۇش» بىلەن تونۇق بىلىۋالىدۇ. ئاندىن ئېتىغا
قامچا ئۇرۇپ ئۆز يوللىرىغا ماڭىدۇ. ئىككى تەرەپتىن
كەلگەن بۇ چۇمۇلىلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن باش قو-
شۇشۇپ، بىر ئاز توختاپ ھەرىكەت قىلىشلىرى ئاشۇ
تاغلىق يولۇچىلارغا تازا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇلارمۇ بەلكى
«ئاخبارات» ئالماشتۇرۇۋاتقان بولسا كېرەك. ئارقىدىن
كەلگەن چۇمۇلىلەر چېكەتكە سۆرەپ كېلىۋاتقانلىق توغرىسىدى-
كى خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنى ئىزدەپ ماڭغان-
غا ئوخشايدۇ. چېكەتكە سۆرەش تۇپىدىن كېلىۋاتقان
چۇمۇلىلەر بولسا، ئاۋۇلارغا چېكەتكىنىڭ قەيەردە ئىكەنلى-
كىنى ئۇقتۇرۇپ، يەنە ماۋۇ چېكەتكىلەرنىڭ يۇرتىدا
نېمە ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىنى سورىۋالغاندىن كېيىن، ئىك-
كى تەرەپ ئۆز يوللىرىغا ماڭغان ئوخشايدۇ.

بىر پەستىن كېيىن ئارقا تەرەپتىن كەلگەن چۇمۇل-
لەرمۇ ئۆتۈپ بولدى، ئۇلار بىرىپ باشقىلارغا قوشۇلۇپ
بىللە چېكەتكە سۆرەشكە باشلىدى. كېيىن چۇمۇلىلەر تو-
پىدىن ئىككى چۇمولە ئايرىلىپ چىقتى. ئۇلار مەن تە-
رەپكە ماڭدى. بىراق، ھېلىقى بەلگىلىك يولى بىلەن
ئەمەس، ئوڭ تەتۈر قالايمىقان مېڭىپ ئىلگىرىلىمىدى. مەن
بۇلارغا ھەيران قېلىپ قاراپ ئولتۇردۇم. بۇلار نېمە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن توپتىن ئايرىلىپ چىقتىمكىن. كۈچ توپلاش ئۈ-
چۈن يەنە چۈمۈلە ئىزلەپ چىققانمىدۇ. ياكى «كوللېك-
تىپ ئەمگەك» تىن قېچىپ چىققان هورۇنلارمىدۇ؟ بىر
چۈمۈلە پىرقىراپ يۈرۈپ ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە
ئۆيدىن چىقىپ يۈگۈرۈپ ماڭا قاراپ كېلىۋاتقان بالا ئۇنى
دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويدى. «توپتىن ئايرىلغاننىڭ
جاجىسىنى تارتتى» دېدىم مەن ئىچىمدە. يەنە بىر چۈ-
مۈلە پىرقىراپ يۈرۈپ ئاخىرى مېنىڭ ئالدىمدىكى سېمونت
تۈرۈككە يامىشىپ چىقتى، ئۇ چىقىپ - چۈشۈپ، چىقىپ
چۈشۈپ يۈرۈشنى تەكرارلاۋەردى، ئۇنىڭ نېمە قىلىۋات-
قانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئېزىپ
قالغانغا ئوخشايدۇ، شۇ ئارىدا چۈمۈلىلەر توپىدىن يەنە
ئىككى چۈمۈلە چىقتى. ئۇلار ئايلىنىپ چۆگىلەپ يۈرۈپ،
ھېلىقى تۈۋرۈككە يامىشىپ يۈرگەن چۈمۈلىنى تاپتى.
ئۇنىڭ بىلەن بىر نېمىلەرنى دەپ «سۆزلەشكەن» دىن
كېيىن، ئۇنى باشلاپ ماڭدى. ئۇلار ئايلىنىپ يۈرۈپ
ھېلىقى ئۆلگەن چۈمۈلىنى تاپتى ۋە ئۇنى سۆرەپ ماڭ-
دى. ئۇلار بېرىپ چۈمۈلىلەر توپىغا قوشۇلۇپ كەت-
تى.

ئەمدى ئەھۋال خېلى ئېنىقلانغاندەك بولدى: ئا-
ۋۇ ئىككىسى توپتىن ئايرىلغان هورۇنلارغا ئوخشايدۇ،
بىرى ئۆز قىلمىشى بىلەن پالاكەتكە ئۇچراپ ئۆلدى،
بىرى ئېزىپ يۈرگەندە دوستلىرى كېلىپ تېپىۋېلىپ كۆپ-
چىلىكنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەتتى، ئۇلار يەنە بىرىنىڭ ئۆلۈ-
كىنىمۇ تاشلاپ قويمىدى. مېنىڭ مېگەمدىن «قاراقچى —

توپتىن ئايرىلغاننى سانجى» دېگەن خەلق تەمسىلى لاپ قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار چۈمۈلىلەر توپىغا بېرىپ قوشۇلدى، چۈمۈلىلەر خۇددى بىرسى كاماندا بېرىۋاتقاندەك (شۇنداق بولۇشىمۇ ئېھتىمال) يەنە ئوخشاشلا تەك ھەرىكەت بىلەن چېكەتكىنى سۆرەپ پېشايۋان سۇپىسىنىڭ نېرى يېقىغا چۈشۈپ كەتتى، بېرىپ قارىسام، بىر توپ دەرەخ تۈۋىدىكى بىر تۆشۈككە سۆرەپ ئەكىرىپ كەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ قىشلىق ئوزۇق توپلاش كوللېكتىپ ھەرىكىتى ئىكەن.

مەن قايتىپ كېلىپ يەنە ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئويلىدىم: توپتىن ئايرىلغان جازاغا ئۇچرايدىكەن، چۈمۈلىلەرنىڭ ھايات ئۈچۈن بولغان ھەرىكىتىدىمۇ بۇ نەرسە ئوچۇق كۆرۈندى ... ھايات ئۈچۈن ئۆملۈك ئەۋزەل.

مەن يەنە ھېلىقى بىر جۈپ قىپقىزىل قوشماق ئالمىغا قاراپ ئولتۇردۇم، ئالمىلارنىڭ يېنىدا ئىككى شاخقا ئىلىنغان قەپەزدىكى ئىككى تومۇچۇق بىر - بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك بوغۇزىنى كۆپىتۈرۈپ ۋىچىرلاپ سايراشماقتا ...

1984 - يىل، 6 - ئاي، بېيجىڭ.

## نەسرىي شېئىرلار

1

سەن ئاقنى قارا دەيدىكەنسەن،
مەن سېنى قارا كۆڭۈل دەيمەن.
قارا كۆڭۈل ئادەم —
ئوڭنى تەتۈر، ئاستىنى ئۈستۈن قىلىدۇ.
چۈنكى ئۇنىڭ نىيىتى قارا!
ئاقنى ئاق دېگەننى مەن
ئاق كۆڭۈل دەيمەن.
ئاق كۆڭۈل ئادەم ئوڭنى قوللايدۇ.
تەتۈرگە قارشى تۇرىدۇ.
چۈنكى، ئۇنىڭ نىيىتى ئاق.

2

خۇشامەتچىدىن ھەزەر قىل،
ئۇنىڭدىن ھەر بالا كېلىدۇ.
ئۇنىڭ غەرىزى پاسكىنا،
قىلمىشى پەسكەش.

3

قارشىلىق بولسا رەنجىمە. قارشىلىق — ئەگەر سەن ئۆڭىڭغا قارشى تۇرالىساڭ — يامان ئىش ئەمەس.

ئادەم قارشىلىققا قارشى كۆرەشتە ئۆسىدۇ، كىشىلىك قارشىلىقلار كۆرىشىدە راۋاجلىنىدۇ.

سەن ئەگەر خەلق يولىدا ئالغا باسىمەن دېسەڭ، قارشىلىققا قارشى تۇرۇش قابىلىيىتىڭنى ئۆستۈرۈشۈڭ كېرەك.

قارشىلىقنى كۆرۈپ، داۋاندىن ئارقىغا يېنىشقا، تراكتوردىن سوقىغا قايتىشقا بولمايدۇ.

4

تاۋلىنىش — ياشاش قابىلىيىتىنى كۆچەيتىش، دېگەن بولىدۇ.

بېلىق سۇ ئېقىمىغا قارشى ئۈزىدۇ.

لاچىن بوراندا پەرۋاز قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار دولقۇنغا، بورانغا پەرۋا قىلمايدىغان بولىدۇ.

ياشاش كۆچى ئاجىز بولغان ئادەم ياخشى كۆن كۆرەلمەيدۇ.

تاۋلانغان مەزمۇت ئادەم ئەلىنمۇ، ئۆزىنىمۇ رازى قىلالايدۇ.

5

ئەجەپ ئىش — قار لەيلىسى چىلىلدە — قار، مۇزدا ئېچىلىدۇ.

ھەپىرەڭ گۈل شامالغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. بىرى، بوران - چاپقۇننى پىسەنت قىلماي گۈلۈپ ئېچىلىدۇ. يەنە بىرى ئازغىنا شامالدا پۇرلىشىدۇ.

ھەپىرەڭدەك نازۇك — چىرايلىق گۈل بولماي، قار لەيلىسىدەك مەزمۇت — گۈزەل گۈل بولۇش كېرەك.

6

پولاتنى پارقىرىتىش ئاسان، ئۇ قارايمايدۇ. تۆمۈر پارقىرىسىمۇ، داتلىشىدۇ؛ تۆمۈر ياغاچتىن چىڭ بولغان بىلەن پولاتقا يەتمەيدۇ.

تۆمۈرنى مىڭ گرادۇستىن يۇقىرى ئوتتا تاۋلاپ داشقىلىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، ئاندىن پولاتقا ئايلىنىدۇ.

كىشىلىك بىناسىنىڭ بىر ۋىنتىسى بولىمەن دېسەڭ، پولات ۋىنتا بولۇشۇڭ كېرەك.

7

ئىككى يۈزلىمىلىك — قارا نىيەتنىڭ قارا پەردىسى.

ئۇ، پەردە ئالدىدا ئوك يۈزىنى، پەردە ئارقىسىدا سول يۈزىنى كۆرسىتىدۇ؛
ئىككى يۈزلىمە ئادەم دۈشمەندىنمۇ يامان.
دۈشمەننىڭ قىلىچى يالاڭ، ئىككى يۈزلىمىچىلىكنىڭ خەنجىرى يوشۇرۇن.
قارا نىيەتنىڭ قارا پەردە ئارقىسىدىكى قارا يۈزىنى، يېڭى ئىچىدىكى خەنجىرىنى كۆرەلمەسەڭ، بارمىقىڭنى چىشلەپ قالىسەن.

8

— ۋىجدان دېگەن نېمە؟
— ئادەم قىممىتىنىڭ تارازىسى.
— ئادەم قىممىتى دېگەن نېمە؟
— چىن ئادەمنىڭ ئېسىل ماھىيىتى.
— تارازا بولمىسا قىممەتنى ئۆلچىگىلى بولماس.
— ۋىجدان — چىن ئادەمدىلا بولىدۇ.
— دېمەك، ۋىجدانىسىزنىڭ چىن ماھىيەتلىك قىممىتى يوقكەن ـ دە؟
— ھەئە شۇنداق.

9

شەخسىيەتچىنىڭ قولىدىن ھەممە يامانلىق كېلىدۇ، ئۇنىڭ تېغى قارا نىيەتلىك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالدامچى ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئالدايدۇ، ئۆزىدىن ئۆزىنى يوشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

سەندە نومۇس بولسا، ئاۋۋال ئۆز ۋىجدانىڭ ئالدىدا نومۇس قىل.

## 10

تۆۋەندىن خۇشامەت تەلەپ قىلغان، يۇقىرىغا خۇشامەت قىلىدۇ.

يۇقىرىغا ھىجايغان، تۆۋەنگە گۆلىيىدۇ؛ تۆۋەنگە كېرىلگەن، يۇقىرىغا پۈكۈلىدۇ.

## 11

ئادەمنىڭ مەنىسى — خەلق ئارزۇسى بولغان ئۇلۇغ غايىسىدا.

ئۆمۈرنىڭ ماھىيىتى — خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا.

سەن ئەگەر ئۆزۈڭ ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىمەن دەيدىكەنسەن، باشقىلارمۇ سېنى كېرەك قىلمايدۇ.

سەن كىشىلەرنىڭ ئەمگىكىدىن بەھرىمەن بولغىنىڭ ئۈچۈنلا ياشىيالايسەن. كىشىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلغاندىلا ئۆزۈڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلالايسەن. سەن يەككە شەخسىي ئەمەس، كىشىلىكنىڭ بىر ئەزاسى.

12

ئاق كۆكۈل ئادەم خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە بو-
لىدۇ، يامانلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ.

قارا كۆكۈللەرنىڭ ئەينىكىدە ئۆزۈڭنى كۆرسەڭ
ياخشى بولغىنى؛

ئاق كۆكۈلنىڭ تارازىسىغا ئولتۇرالمساڭ يا-
مان بولغىنى.

13

بىلمەسلىك — دۆتلۈككە، ساددىلىق — قارىغۇلۇققا
ئېلىپ بارىدۇ.

قارىغۇ بولغاندىن كېيىن ئاخىرى تۆيۈق يولغا كې-
رىپ قالىسەن.

ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ كۆزۈڭ ئېچىلىپ بىخۇتلۇقتىن
ھوشيارلىققا ئۆتكەندە ۋاقىت ئۆتكەن بولىدۇ.

ئارمان قىلماسلىق ئۈچۈن بالدۇرراق ئويغىنىش
كېرەك.

14

ئۆلۈمنى ئويلاپ روھسىزلىنىش — ئەخمەقلىق؛
قورقۇلدۇقمۇ، ئاخىرى بىر كۈنى ئۆلىسەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئېتىشىنى قويغاندا (مۇسۇلمان بولساڭ) قولىقىڭغا ئېيتىلغان ئەزان - ئۆلگەندە ساڭا ئوقۇلىدىغان نامازنىڭ باشلىنىشى.

ئۆمۈر بەك قىسقا، ۋاقىت — قىممەت! ئۇنىڭ قەدرىنى بىلىش ۋە ئىنسانىيەتنىڭ پايدىسىغا ئىشلىتىش كېرەك.

15

داڭقىنى ئاڭلىغان مېيخوا گۈلىنى ئەتىۋارلاپ ئۆس-تۈردۈم ۋە ئېچىلغىنىنى بىرىنچى قېتىم كۆردۈم.

ئۇ، قىشتا — نۆل گرادۇستا خېلى ۋاخ تۇرغاندىن كېيىن ئاۋۋال قىزىل بەمەنلەر چىقاردى، ئاندىن ئاستا - ئاستا ئېچىلدى.

مانا ئەمدى ئىسسىق ئۆيگە ئەپكىرىۋالدىم. ئىككى قاچىدىكى گۈل بىر - بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك بار-غانچە تولۇپ ئېچىلماقتا.

ياپراقسىز گۈل شاخلىرىدا قىزغۇچ چېچەكلەر كى-شىنىڭ پەيزىنى قوزغاپ كۈلۈپ جىلۋە قىلىدۇ.

بۇ گۈل نېمىشقا شۇنچە گۈزەل؟!

ھە، ھە، گۈل ياپراقسىز بولسا باشقىچە ھۆسنى بولىدىكەن، ئۇ، ئۆزىنىڭ ئۆز سىياقىنى تولۇق كۆرس-تەلەيدىكەن؛

ئۇ كىشىگە ئىلھام بېغىشلايدىغان ئالاھىدە ھۆسنى-نى، مەھۇت تېنىنى قىلچە يوشۇرمايدىكەن؛

بۇ، ئۇنىڭ سوغۇققا بەرداشلىق بېرىپ، ياپراقنىڭ

ياردىمىگىمۇ يۆلەنمەي ئېچىلالايدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

## 16

باشقىنى بويسۇندۇرۇشتا گاھى كىشىلەر «توسۇن تايىنىڭ تۈكىنى سىلاش كېرەك» دېگەن تەمسىلنى ئىشلىتىدۇ.

بۇنىڭ مەنىسى «ئالداپ سىلاپ كۆندۈرۈش، ئاندىن مىنىش، ياكى يۈگەن سېلىش كېرەك» دېگەنلىك بولىدۇ؛

دوستلارغا بۇنداق چارىنى — ئالداش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ.

ئۇ «توسۇن» بولسا، ئۆگىتىش، تەربىيىلەش كېرەك. ئۇ، ئۆزلۈكىدىن، سېنىڭ تار كوچاڭغا ئەمەس، داغدام يولغا كىرىپ، ئەركىن ماڭسۇن، ئۇنىڭغا كاشىلا قىلما.

## 17

بەزى كىشىلەر ياۋاشنى دۇمبالاش ئۈچۈن «بوزەكنى بوزەك ئەتمىسەڭ قىيامەتتە دەۋا قىلىدۇ» دېگەن ئەپسانە مەتەلنى ئىشلىتىدۇ.

ياۋاشنى قەدىرلىشىڭ كېرەك. ئۇنىڭ كۆڭلى ئاق، قەلبى پاكىز بولۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«سانىماي سەككىز» دەيدىغان، تېرە تاراقلىتىدىغان «نوچىلار»— ئىش بۇزىدۇ.

ھەقىقىي ئاق كۆڭۈل ئادەم «سەككىز ئۆلچەپ بىر كېسىدۇ»، ئەلگە نەپ بېرىدۇ.

ئادەمنىڭ پال - پال تېشىغا قاراپ ئەمەس، ئىچىگە ۋە قىلغان ئىشىغا قاراپ باھا بەر.

## 18

«يامان كالىنىڭ بويىنىغا كالتەك ئېسىش» دېگەن سۆز - باشقىنى بوزەك قىلىش مەنتىقىسى.

ئۇ راستتىنلا يامانمۇ؟ ناتايىن. سەن «يامان» دېگەن بىلەن «يامان» بولۇپ كەتمەيدۇ. ساڭا «يامان» بولغان بىلەن، باشقىغا ياخشى بولۇشى مۇمكىن.

سېنىڭ يېنىڭدا «ھەق راست» دەپ، سەككىز ئېگىلىپ، توققۇز تازىم قىلىپ «پەرۋانە» بولۇپ چۆرگىلىگەننىڭ بويىنىغا «تۇمار» ئېسىپ، ساڭا پىكرى بولغاننى «يامان» دەپ «كالتەك ئېسىپ» قويساڭ — قىرغاققا بېرىپ قالدىڭ دېگەن سۆز، پەخەس بول.

ئەگەر ئادىل بولساڭ، بىرىنچىگە كالتەك ئېسىپ، ئىككىنچىسىگە تۇمار ئېسىپ قوي.

بۇ سېنىڭ ئوبدان پەزىلىتىڭ بولىدۇ. دومىلىمايسەن، مۈدۈرسەڭمۇ قوپۇپ ماڭالايسەن.

19

كىشىلەر، باشقىنى خورلايدىغان ئەھۋالنى كۆرگەلدە «ياغاچ پىچاقتا كالا بوغۇزلاش» دەيدۇ.

ئەگەر سەن ئۇنى تۆمۈر پىچاق بىلەن بوغۇزلاشقا جۈرئەت قىلالمىساڭ، ياغاچ پىچاق بىلەن قىيناپ نىمە قىلىسەن؟!

بەرى بىر بوغۇزلىيالمايسەن، ئازابلاۋەرسەڭ، ئۇ چىداۋەرمەيدۇ، دىس قوپۇپ ئىسيان قىلىدۇ. ئۇ، سىنى غەزەپ ئوتى دولقۇنى بىلەن كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ.

20

«تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرمەكچى» بولغان ئەخمەق ئاخىرى مىخقا ئۇسۇپ بېشى يېرىلىدۇ.

تىرناق ئارىسىدىن كىر ئىزلەيدىغان قارا يۈز ئاخىرى شەرمەندە بولىدۇ.

21

ئۆزۈڭنىڭ ھالال ئەمگىكى بىلەن ئۆمۈر سۈر.

«كىشىنىڭ تەرىتى بىلەن ناماز ئوقۇش» — باشقىلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى ئوغرىلاش دىگەن سۆز.

22

قارا نىيەتنىڭ ھىيلىسى ئۇنىڭ چايان كۆزىدىن بىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

23

باشقىنىڭ «كالىچىنى ئوغرىلاپ» يەنە بىرىگە سۆكگۈ-تۈپ تەخسكەشلىك قىلىپ ياشىغۇچە، ئۆلگىنىڭ ياخشى.

سەن ئۇنى يالغان «پۇۋۇلىگەن» دە، ئۇمۇ سەندىن يالغان پايدىلىنىدۇ. پايدىلىنىپ بولۇپ، مۆرىتى كەلگەن-دە سېنى ئىرغىتىۋېتىدۇ؛

سېنىڭ شەرمەندە بولغىنىڭ بولغان.

24

مەرد يىگىتنى دوست تۇتساڭ ئۇنىڭدىن مەدەت ئالسەن!

ئاق كۆڭۈل بىلەن يولداش بولساڭ يولدا ئازمايسەن!

25

سۇرۇلۇپ تىزىڭ قانىسا، يىقىلىپ پۇتۇڭ سۇنۇشتىن ساقلىنىشىڭ مۇمكىن. مۇدۇرۇپ بۇرنۇڭ قانىسا، موللاق ئېتىپ بېشىڭ يېرىلىشتىن ساقلىنىشىڭ مۇمكىن.

26

ئىلىمنى ئوغرىلىغىلى بولمايدۇ.

ئوغرىلىقنىڭ قىغىزدىكى سۆز ـ جۈملىلىرى.

ئۇنىڭ ھەقىقىتى يېزىقىدا ئەمەس، ماھىيىتىدە.

ماھىيەتلىك ھەقىقەتنى ئوغرىلايمەن دېيىش — ئەخمەقلىق.

ئۇنى ئىلمىي پوزىتسىيىدە تۇرۇپ ئەستايىدىل ئەمگەك قىلىش بىلەن ئاندىن ئىگىلىگىلى بولىدۇ.

ئىلىم ئوغرىسى — ئەڭ شەرمەندە ئوغرى!

**27**

ئەدەبىيات ئوغرىسى — ئەڭ پەسكەش ئوغرى!

بۇ، باشقىنىڭ قىزىل گۈلىنى ھويلاڭدىكى شۇم بۇيىنىڭ ئورنىغا يۆتكەپ قويماقچى بولغاندەك گەپ.

گۈل ئۆستۈرۈشنى بىلمىگەندىن كېيىن، باشقىنىڭكىگە قول سوزغۇچە شۇمبۇياڭنى بېقىۋە.

شۇمبۇيا ئورنىدا قىزىل گۈل ئۈنمەيدۇ.

**28**

سەن قارشى بولغاندا باشقىلار (ئۇنىڭدىن ئەلەم تارتقانلار) قارشى بولسا خاپا بولغىنىڭ نېمىسى؟!

سەن قارشى بولغان ئادەم سېنىڭ دۈشمىنىڭ بولسا، ئۇنىڭ دۈشمىنى سېنىڭ دوستۇڭ بولامدۇ؟

دوستۇڭنىڭ دۈشمىنىڭگە قارشى تۇرغىنىغا قوشۇل-

مىساك، دوستۇڭنى دۈشمەن ئورنىدا قويغان بولمامسەن؟

سېنىڭ دۈشمەنىڭگە قارشى تۇرغىنىڭ يالغان بولۇپ قالمامدۇ؟

دۈشمىنىڭنى ياقلاپ، دوستۇڭغا قارشى تۇرغان بولۇپ قالمامسەن؟!

29

ئاق كۆڭۈل ئادەم خۇشامەتنى ياقتۇرمايدۇ، خۇشامەت قىلىشنىمۇ بىلمەيدۇ.

لېكىن ئۇ ساددا بولغىنى ئۈچۈن خۇشامەتچىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ قالىدۇ.

بىراق، ئۇ ئاخىرى ئۇتۇپ چىقىدۇ، بۇنى ئۇنىڭ ساغلام ئىدىيىسى، پاك تىنىغى بەلگىلىگەن.

30

يازغۇچىنىڭ ئەسىرى بىرەر كىشىگە تەگمىسە — ئۇ، ئەھمىيەتسىز ئەسەر بولىدۇ.

ئەسەرنى ھەممە ئادەم ماختىسا، ياكى ھەممە ئادەم تىللىسا، بۇ بولمىغىنى.

كۆپچىلىك (ياخشىلار) ماختىسا، ئازچىلىق (يامانلار) تىللىسا بۇ ياخشى بولغىنى.

ئەيىبى بارلارغا «تېگىپ كەتكەن»، ھەتتا قارشىلىقىغا ئۇچرىغان ئەسەر كۈرەشچان، مەنالىق ئەسەر بولىدۇ.

## 31

ماختاشقا ئۇچرىساڭ مەغرۇرلانما، كەمتەر بول.
مەغرۇرلۇق كىشىنى چېكىندۇرىدۇ، كەمتەرلىك كىشى-
نى ئۆستۈرىدۇ؛
كەمتەرلىك غالىبىيەتكە باشلايدۇ، مەغ-
لۇبىيەتكە ئىتتىرىدۇ.

## 32

ئۆزىنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەم بولمايدۇ.
ئەمما ئۆزىنى ياخشى كۆرۈش، ئۆزگىنى ياخشى
كۆرۈشتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم.
سەن ھاشقىلارنىڭ ئەمگىكى ھېسابىغا ياشايسەن.
سەلمۇ باشقىلار ئۈچۈن ئەمگەك قىلىشىڭ كېرەك.
«ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي» دېسەڭ ـ شەخسىيەت-
چىلىك بولىدۇ.

1983 ۋە 1985 - يىللار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ھەسەللەر

## ھەسەل ھەرىسى «پادىشاھى» نىڭ «قانۇنى»

ھەسەل ھەرىسىنىڭ تۇرمۇشى ئۇبدان تەشكىللەنگەن. دەيدۇ. ھەرىلەر ئەمگەك قىلىشنى، تاماشا قىلىشنى، ئىنسانلارغا پاكىز ھەسەل بېرىشنى تەرتىپلىك تەشكىل قىلىشىدۇ. بولۇپمۇ دەرۋازىنى ياخشى ساقلايدىكەن.

ھەرىلەر ئۆز پادىشاھىغا قاتتىق بويسۇنىدىكەن. پادىشاھ ھەرىلەر «ئوردىسى» نىڭ دەرۋازىسىغا «دەرۋازىۋەن» قويىدىكەن. دەرۋازىۋەن ئۆزىگە بېرىلگەن ئالاھىدە ھوقۇق بويىچە، تاشقىرىدىن ئۇچۇپ قايتقان ھەرىلەرنىڭ تىلىنى تېتىپ كۆرىدىكەن. ئەگەر زەھەرلىك گۈللەرنى يەپ قايتقان بولسا، شۇ يەردىلا ئۇنىڭ بېشىنى ئالىدىكەن. يات ھەرىلەر كەلسە كىرگۈزمەيدۇ.

كەن، دەرۋازىنى ئېتىۋېلىپ تەكشۈرىدىكەن.
قاراڭ! ئېيتىدىغان قاتتىق «قانۇن» بۇ؟!
ھەربىلەر توپىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاش، «جامائەت
زەھەرلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىنسانغا ساپ، يۇقىرى
سۈپەتلىك ھەسەل بېرىش — بۇ ئېيتىدىغان ئالىي پە-
زىلەت، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق - ھە!؟
ئىشىكنى مەھكەم ئېتىۋېلىشىمۇ بولمايدىكەن، چۈن-
كى ئۆز ھويلىسىدىكى گۈللەر بىلەنلا تىرىكچىلىك قىلغىلى
بولمايدىكەن، داغدام ئېچىپ ئىگىسىز تاشلاپ قويۇشقىمۇ
بولمايدىكەن. يات - يامان ھەربىلەرنىڭ كىرىپ قېلىشى-
دىن، تاشقىرىغا چىققانلارنىڭ زەھەرلىك گۈل، چېچەكلى-
رىنى يەپ قايتىشىدىن ساقلىنىشقا توغرا كېلىدىكەن.
دەرۋازىغا دەرۋازىۋەن قويۇش، چىقىپ قايتقانلارنىڭ
ئىلىنى تېتىپ كۆرۈش، پۇراپ بېقىش، زەھەرلىك گۈل
يەپ قايتقانلارنىڭ «بېشىنى ئېلىش»، يامان غەرەز
بىلەن كەلگەن يات - ياۋايىلارغا دەرۋازىنى ئېچىپ
بەرمەسلىك — مانا بۇ ھەسەل ھەرىسى پادىشاھىنىڭ «دۆلەت
قانۇنى».
بۇ قانۇن نەقەدەر ياخشى بېكىتىلگەن - ھە!
ھەربىلەر پادىشاھىنىڭ بۇ «قانۇنى» نى ئەينەك
قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئالىيجاناب ۋە
يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق روھىدىن ئۆگىنىشىمىزگە
توغرا كېلىدۇ.

1979 - يىل، 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، بېيجىڭ.

# كۆن خۇمار

ئېھتىمال سىز تورغاي توغرىسىدا چۈشەنچىگە ئىگە- دۇرسىز. تورغاي ئاساسەن ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ: بىرى ئادەتتىكى تورغاي — جۇڧى كىچىكرەك ئادەملەرگە يېقىن- راق ياشايدۇ، ئانچە ياخشى سايرىمايدۇ. يەنە بىرى بوز تورغاي — چۆل تورغىيى دەپمۇ قويىدۇ. چۈنكى ئۇ كىشىلەردىن يىراقىراق چۆللەردە ياشايدۇ. بېشىدا پوپۇچىكى بار، ياخشى سايرايدۇ.

كىشىلەر بۇلبۇلنىلا كۆپرەك تىلغا ئالىدۇ، تورغاينى ئانچە كۆزگە ئىلمايدۇ. تورغاينىڭ سايرىشى بۇلبۇلدىن قېلىشمايدۇ. ئۇ، تاڭ سەھەردە قۇياش چىقىش ئالدىدا سايرايدۇ. يەنە ئۇ، ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرۈپمۇ سايرايدۇ. ئاسماندا ئۇچقاچ سايرايدىغان قۇشلارنىڭ بىرى لاچىن، بىرى بوز تورغاي (بەلكى، يەنە باردۇ.) بۇلبۇل گۈل ئىشقىدا سايرارمىش. بوز تورغاي قۇياش ئىشقىدا سايرايدۇ. قۇياش بولمىسا گۈل بولامدۇ؟ دېمەك، بوز تورغاينىڭ ھىجرانى تۆپلۈك ئىكەن.

كىشىلەر بوز تورغاينى «سوپى تورغاي» دەپمۇ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ سەھەردە مەزىن بىلەن تەڭ قوپۇپ بىللە

«سايرىشى»، ياكى، جامائەت بىلەن تەڭ «ئىبادەت قىلغان»لىقىدىن ئۇ «سوپى» دەپ ئاتالغانمىكىن، تاڭ؟!
بوز تورغاي تاڭ سەھەردە ئويغىنىپ، ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، قانات قېقىپ، قۇياشقا تەلپۈنۈپ سايرايدۇ. گايى ئۇ سايراپ تۇرۇپ چوغدەك قۇياشنى كۆتۈۋال-دۇ، گايىدا بولسا، قارا بۇلۇتلار توسۇۋالغان قۇياشنى كۆرەلمەي توختاپ قالىدۇ، لېكىن، ئەتىسى سەھەر يەنە سايرايدۇ...
بوز تورغاي سەھەردە قۇياشقا تەلپۈنۈپ، ئۈزلۈك-سىز سايرايدۇ. قۇياش قارا بۇلۇتلارنى قوغلاپ، كۆيدۇ-رۈپ، نۇرىنى ئالەمگە چاچقاندا بولسا، يەنە سايرايدۇ. ئۇ قۇياشنى چىن دىلىدىن مەدھىيىلەيدۇ. تورغاي ئالەم-نىڭ، بارلىق كائىناتنىڭ — بارلىق جانلىقلارنىڭ قۇياش-سىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلىد-كىرەك، بۇنى ئۇ، تۇرمۇش تەجرىبىسىدىن بىلىۋالغاندۇ. -سىز ئۇنى «ئاڭسىز قۇش» دەپ كەم چاغلىماڭ، ئۇنىڭدا تۇرمۇشنىڭ تەسىراتىنى سىزەلەيدىغان ھېسسىيات بار.
بوز تورغاي جاھاندا ئازار يەپ، نالە قىلىپ سايراۋاتقان سانسىز قۇشلارغا ھېسداشلىق بىلەن سايراي-دۇ، ئاخىرى ئۇلار بىلەن بىللە شوخ سايراشنى خالايدۇ. تۆزىدىن كېيىن باللىرى سايرايدۇ، ئۇنىدىن كېيىن نەۋرى-لىرى، چەۋرىلىرى، پەيىنەۋرىلىرى، كۆكۈن نەۋرىلىرى.... بىرىدىن بىرى ئەركىن، شوخ ۋە يېقىملىق سايرايدۇ.
ئۇ ھامان قۇياشقا تەشنا...

## تۆگە بىلەن ئېشەك

**1**

ئېشەك ئەسلىدە تۆگە كارۋىنىنى يېتىلەپ، يىراق چۆللەردە يۈك توشۇيدىكەن. قاتارنىڭ ئالدىدىكى نار تۆگە بولسا ئېشەك بىلەن يېقىن ئاغىنە ئىكەن. كارۋان بىر كۈنى شەھەرگە يېقىن كېلىپ، يىراق يېزىدىن ئېلىپ كەلگەن يۈكلىرىنى چۈشۈرگەندىن كېيىن، تۆگىلەرنى ئېگىزلىقتا ئوتلاشقا قويۇۋېتىپتۇ. ئېشەك تۆگە ئاغىنىسى بىلەن بىللە ئوتلاپ - ئوتلاپ بىر يەرگە كەلسە، بىر ئات ئوتلاۋاتقانىكەن. ئات ئېشەكنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ۋاي ئاداش، نەدىن كېلىپ قالدىڭلار، مەن سىلەنى ئىلگىرى كۆرمىگەنىدىمغۇ؟

— شۇنداق، بىز شەھەرلەرگە يېقىن كېلەلمەيمىز. مېنىڭ ۋەزىپەم چەت ياقىلاردا تۆگە يېتىلەش.

— ۋاي بىچارە، دېمىسىمۇ يامان ۋەيران بولۇپ كېتىپسەن. ئەپتىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، بۇ نىمىدېگەن كەمبەغەللىك!؟ — ئات ئېشەككە رەھمى كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا تەكلىپ قىپتۇ، — چۆللەردە تۆگە يېتىلەپ ئاۋارە

بولۇپ نېمە قىلاتتىڭ، مەن بىلەن مۇشۇ يەردە قالساڭچۇ؟

ئېشەك ھەيران بولۇپتۇ «بۇ ئات ئەجەپ ماڭا ئىچىنى ئاغرىتىپ كەتتىغۇ. دېمىسىمۇ مېنىڭ سىياقىم بەكمۇ رودۇلىشىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. قاراڭ ئۇنىڭ سېمىزلىكىنى، تۈكلىرى پارقىراق تۇرىدۇ»

ئۇ بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن، ئاتتىن سوراپتۇ:

— مەن بۇ يەردە سەن بىلەن قالسام نېمە قىلىمەن؟

— ماڭا ئانچە - مۇنچە ياردەملىشىپ ھارۋىغا «ھە — ھۇ» دەپ بېرىسەن. مەن بىلەن بىللە بولساڭ يەيدىغىنىڭ ئېشىپ تاشىدۇ، بىر نەچچە كۈندىلا پارقىراپ سەمرىپ كېتىسەن، شەھەرگە كۆكتات تاۋۇز توشۇيمىز، يوللار سېنىڭ ئۇ چۆللىرىڭدەك ئەمەس، پارقىراپ تۇرىدۇ، ھارۋا سۆرىسەڭ ئانچە كۈچ ئىشلىتىشىڭمۇ ھاجىتى بولمايدۇ.

ئېشەك يەنە ئويلاپتۇ، ئۆزىنىڭ چەت ياقىلاردا يۈرگەن ئەھۋالىنى ئاتنىڭ دېگىنى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپتۇ. «بۇنىڭ دېگىنىگە قارىغاندا، چوڭ شەھەردىكى سىلىق يوللاردا قىينالماي ئىشلەيدىكەنمەن، چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىدىكەنمەن، تېخى سەمرىپ كېتىسەن دەيدۇ. ئۇنداق بولسا مەن يېزا - قىشلاقلاردا تۆگە يېتىلەپ نېمە قىلاي، ياخشى يەپ، ئازادىراق ئىشلەپ، راھەتلىنىپ ياتقىنىم ياخشى ئەمەسمۇ».

— بولىدۇ، ئاغىنە، قالسام قالاي، — دەپتۇ ئېشەك

ئاتقا قاراپ، — مەن ئاۋۇ ئاغىنەم بىلەن مەسلىھەتلى-
شىپ كېلەي، — ئۇ شۇ ھامان تۆگە تەرەپكە كېتىپتۇ.
بۇ ئەھۋالنى تۆگە ئاغىنىسىگە ئېيتىپتۇ، — ئوبدان ئىشكەن،
مەن قالىدىغان بولدۇم، —
— ھەي ئاغىنە، ساراڭ بولما، ئۇ دوپپاڭغا جىگدە
ساپتۇ، بۇ ئالدامچىلىق. ئاپىرىپ ئىشلىتىپ جۇلۇقىڭنى
چىقىرىدۇ، ئۇنىڭ كەينىگە كىرمىسەڭ ياخشى بولارمىكىن، —
دەپتۇ تۆگە ئېشەك دوستىغا مەسلىھەت بېرىپ.
ئېشەك تۆگىنىڭ گېپىگە كىرمەستىن ئات بىلەن
كېتىپ قاپتۇ.
ئات ئېشەكنى باشلاپ خوجايىنىنىڭ ھويلىسىغا كەلگەندە،
ھارۋىكەش خوش بولۇپ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئۇنى
ياخشى بېقىپتۇ، چۆپ، يەم بېرىپ سۇغىرىپ باققاندىن
تاشقىرى، ئۇچىلىرىنى يۇيۇپ - تاراپ بەرگەندىن
كېيىن، ئېشەك خىيالى ھالىغا كېلىپ تۈكلىرى پارقىراپ قاپتۇ.
ئات ئۇنىڭغا قاراپ «دېمىدىممۇ» دېگەندەك قىلىدى-
كەن. لېكىن، ئۇ ئىچىدە «تېخى كۆرىدىغىنىڭ ئالدىڭدى-
غۇ» دەپ ئويلاپ قويىدىكەن. شۇنداق قىلىپ بىردىر
ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، يېزىدىن شەھەرگە ئوتياش،
مېۋە توشۇيدىغان قاتناق ئىش باشلىنىپتۇ. ئاتنى شوتى-
نىڭ ئىچىگە، ئېشەكنى شوتىغا يانداپ ھارۋىغا قېتىپتۇ.
ئات ئېشەككە قاراپ؛ «كۆردۈڭمۇ، مۇشۇنچە ئېغىر ھارۋى-
نىڭ ئېغىرلىقى مېنىڭ ئۈستۈمگە چۈشىۋاتىدۇ. ھارۋىنى
بىللە كۆتۈرۈش بىلەن قالماي تېخى سۆرەيمەن،
سەن بولساڭ يېنىمدا ئويناپ ماڭىسەن» دەپتۇ. ئېشەك

قارىسا، ھارۋىنىڭ شوتىسىمۇ ئاتنى باسقاندەك ئەمەس، يەڭگىل تۇرىدىكەن. شۇنداق قىلىپ ئېشەك بىرىنچى قېتىم ھارۋىغا قوشۇلۇپتۇ.

ئۇلار ئالدىراش يۈك توشۇيدىكەن، بىردەم كۆكتات، بىردەم قىغ، بىردەم تاۋۇز، گايىدا ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر يۈكلەرنى توشۇيدىكەن. شەھەرگە كىرىپتۇ، يېزىغا چىقىپتۇ، ئويغا چۈشۈپتۇ، تاغقا چىقىپتۇ. تارتقۇلۇق ئېشەككە كەپتۇ، قامچا ئېشەكنىڭ قۇلىقىنىڭ ئۈستىدە ئوينايدىكەن، ئىلگىرىكىدەك يەممۇ بەرمەيدىغان بوپتۇ، ئېشەك ئىلگىرىكىدىنمۇ بەتتەر ئورۇقلاپ كېتىپتۇ...

كېيىن ئېشەك ئازابلىق ئەمگەككە چىدىماپتۇ. كېچىسى ئۇخلىسا تۆگە ئاغىنىسى بىلەن يېزا - قىشلاقلاردا ئازادە ئەمگەك قىلىپ، ئەركىن ئوتلاپ يۈرگەن ۋاقىتلىرى چۈشىگە كىرىدىكەن. بىر كۈنى سەھەردە قوپۇپ «ئالە شەھىرىڭنى» دەپ تىكىۋېتىپتۇ. بارسا يەنە بىر يېزىنىڭ چېتىدە ھېلىقى تۆگە ئاغىنىسى ئوتلاۋاتقانىكەن. ئۇنى كۆرۈپلا يىغلاپ ساپتۇ. تۆگە ئاغىنىسى ئۇنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىپتۇ:

— نېمە بولدى، ۋاي ئاغىنە، ھالاۋەتنى تاشلاپ نېمىشقا قايتىپ كەلدىڭ؟ — دەپتۇ تۆگە كۈلۈپ ئېشەككە.

ئېشەك بېشىنى سېلىپ خىجالەتچىلىكتىن جاۋاب بېرەلمەي تۇرۇپ قاپتۇ.

— بولدى ئەمدى، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات، — دەپتۇ تۆگە ئېشەككە كۆڭۈل قويۇپ، — يۈر، يەنە بىزنىڭ كەڭتاشا ماكانىمىزدا تىرىكچىلىك قىلىپ ئۆزى-

ھەرىنىڭ سىڭگەن پوممىزىنى يەيلى.

تۆگە ئېشەكنى باشلاپ كارۋاننىڭ قونالغۇسىغا قاراپ يۈرۈپ كېتىپتۇ.

2

بىر كۈنى بىر ئولتۇرۇشتا ئۆزئارا چاقچاق قىزىپ كەتتى. كېيىن چاقچاقلار بىر ئېگىز بويلۇق، بىر پاكارراق ئىككى كىشىگە مەركەزلەشتى. ئېگىزنىڭ لەقىمى «تۆگە»، پاكارراقنىڭ «ئېشەك» ئىكەن. ھەممەيلەن بۇ ئىككىسىگە ھۇجۇم قىلغىلى تۇردى. بولۇپمۇ بۇ ئىككىيلەن بىر-بىرى بىلەن تازا ئېلىشىپ كەتتى. كېيىن پاكار ئادەم تۆگىنى مەسخىرە قىلىپ بىر بېيىت ئېيتتى، بۇنىڭغا كۆپچىلىك كۈلۈشتى. ئاۋۇ ئېگىز ئادەم مەيۇس بولۇپ، يالغاندىن كۆز يېشىنى سۈرتتى. پاكار ئادەم ئۇنىڭغا: «سېنى تازا يىغلىتىۋەتتىمغۇ» دېگەندە، ئېگىز ئادەم: «ھە، سېنىڭ لاۋزا بېيىتلىرىڭگە ئېزىلىپ يىغلىغۇم كېلىۋاتىدۇ» دېدى. كۆپچىلىك يەنە كۈلۈشتى. شۇ ۋاقىتتا، ئېشەك بىلەن تۆگە توغرىسىدىكى بىر چۆچەك مېنىڭ يادىمغا چۈشتى. ئۇ چۆچەك مۇنداق ئىدى:

— بىر تۆگىچى كارۋان بار ئىكەن، ئۇ ئۇزاق سەپەرگە مېڭىپ بىر تاغنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، تۆگىنى يېتىلەپ ماڭىدىغان ئېشەك بىلەن قاتارنىڭ ئالدىدىكى نار تۆگە ھېرىپ قاپتۇ. كارۋان ئىلاجى يوق بۇ ئىككىسىنىڭ يۈكىنى باشقىلارغا ئارتىپ، ئۇلارنى شۇ تاغدىكى ئوتلاققا

قويۇۋېتىپ كېتىپتۇ، كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، تۆگە بىلەن ئېشەك يايلاقتا ئوتلاپ يۈرۈپ تازا سەمرىپتۇ. سەمرىگەندىن كېيىن، ئېشەك قۇترىغىلى تۇرۇپتۇ، ئۇ توختىماي ھاڭرايدىكەن، يەنە كېلىپ ئېگىز دۆڭلەرگە، يول بويىدىكى چوققىلارغا چىقىپ ھاڭرايدىكەن. بۇنىڭغا تۆگىنىڭ ئىچى پۇشىدىكەن.

— ھەي ئاغىنە، مۇنداق قۇترىمىغىن، خوجايىنىڭ قايتىدىغان ۋاقتىغا ئاز قالدى، ئاۋازىڭنى ئاڭلاپ قالسا تۇتۇپ ئېلىپ كېتىدۇ. ئاندىن جاجىمىزنى تارتىمىز، — دەپتۇ تۆگە ئېشەككە نەسىھەت قىلىپ.

ئېشەك تۆگە ئاغىنىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي ھاڭراۋېرىدىكەن. ئاخىرى بىر كۈنى تۆگە قاتتىقراق ئېيتقاندىن كېيىن، ئېشەك ئاچچىقى كېلىپ «ئاسىنى كەڭ جايدا ناخشا ئېيتقىلىمۇ قويمامسەن» دەپتۇ. ئاندىن تۆگىنىڭ كارى بولماپتۇ.

ئېشەك تېخىمۇ قۇتراپ ھاڭراپ يۈرگەن ۋاقىتلاردا بىر تۈلكە ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ «بۇ ئەخمەقنى بىر كولدۇرلىتاي» دەپتۇ ـ دە، ئاستا ئېشەكنىڭ يېنىغا كېلىپتۇ.

— ۋاي ئېشەك غوجام، ناخشىلىرى بەك ساز ئىكەن، پۈتۈن تاغنى جاراڭلىتىۋەتتى. تاغدىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى ئۇۋۇسىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ناخشىلىرىنى ئاڭلايدۇ، مەن يېقىنراق كېلىپ ئاڭلاپ باقاي دېدىم، — دەپتۇ تۈلكە ئېشەكنىڭ پۇتىغا ھۆل خىش قويۇپ.

— دۇنيادا مەندەك ياخشى ناخشا ئېيتىدىغاندىن يەنە بىرنى تاپالمايسەن، سەن تازا ناخشىچىنىڭ قەد-

رىگە يېتىدىكەنسەن. ئاڭلىغىلى كەلگەن بولساڭ ئېيتىپ بېرەي، سەندىن ناخشا ئايلانسۇن، — دەپتۇ ئېشەك ۋە بىر دۆڭگە چىقىۋېلىپ تۈلكىگە ھارغۇچە ناخشا ئېيتىپ بېرىپتۇ، شۇنداق قىلىپ، ھەر كۈنى دېگۈدەك تۈلكە كېلىپ ئېشەكنى ناخشا ئېيتقۇزۇپ كېتىدىكەن. ئېشەك تولا ناخشا ئېيتىپ ھېرىپ كېتىپ ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرالمايدىكەن. تۆگە بۇنىڭ ھالىغا قاراپ ئىچىدە «ئەخمەققە ئامال يوق» دەپ قويىدىكەن.

بىر كۈنى ئېشەك يول بويىدىكى بىر دۆڭگە چىقىپ تازا پەيزى بىلەن ناخشا ئېيتىۋاتقاندا، سەپەردىن قايتقان خوجايىنى ئاڭلاپ قاپتۇ - دە، چىقىپ قارىسا ئېشەك بىلەن تۆگە تازا سەمرىپ كەتكەن. خوجايىن خوش بولۇپ ئۇلارنى تۇتۇپ ئەكېلىپ، يۈكنىڭ ئېغىرىنى ئارتىپتۇ، «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك، ئېشەكنىڭ يۈكنىڭ ئۈستىگە خوجايىن مىنىۋاپتۇ. كېيىن كارۋان بىر دەريادىن ئۆتۈشكە توغرا كەپتۇ. سۇ ئۇلۇغ ئىكەن، ئېشەك ئۆتەلمەيدىكەن. ئۇنى يۈكى بىلەن بىللە ھېلىقى تۆگە ئاغىنىسىنىڭ ئۈستىگە ئارتىپتۇ. دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، سۇ تېخىمۇ ئۇلغىيىپتۇ. تۆگە ئادەتتە سۇدا ماڭغاندا پۇتلىرىنى سۇدىن چىقىرىپ كۆتۈرۈپ باسىدىكەن. ئۇ شۇنداق قىلىپ پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ سۇدىن ئۆتۈۋاتقاندا، ئېشەك ئىككى تەرەپكە ئىغاڭلاپ قورقۇپ كېتىپتۇ. ئۇ تۆگىگە:

— ۋاي ئاغىنە، پۇتلىرىڭنى ئۇسسۇل ئوينىغاندەك نېمانچە كۆتۈرىدىغانسەن، مەن قورقۇپ كەتتىم، تىنچ-

راق ماڭباڭچۇ، — دەپتۇ.

— قورقما، ھېلىقى تاغدا ئېيتقان ناخشاڭغا ئۇسسۇل ئويناۋاتىمەن، — دەپتۇ تۆكە زەردە قىلىپ.

3

كۆنلەرنىڭ بىرىدە تۆكە كارۋىنى بىر قومۇشلۇق بويىدا دەم ئېلىپ، تۆكىلەرنى ئوتقا قويۇۋېتىپتۇ. تۆكە يېتىلەيدىغان ئېشەك ئۆزىنىڭ بىر تۆكە دوستى بىلەن قومۇشلۇقتا ئوتلاپ يۈرۈپ يىراق كېتىپ قاپتۇ. كېيىن بىر ئورمانلىققا كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇلار كەچكىچە ئوتلاپ تازا تويۇپ يېتىپ دەم ئاپتۇ. كېيىن ئېشەك تىنىم تاپماي قوتراپ، ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرگىلى تۇرۇپتۇ. تۆكە ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپتۇ. ئۇ ئېشەككە: «تولا چەتنەپ كەتمە، ئايرىلىپ قالساق بولمايدۇ، ئېزىقىپ قالىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئورمانلىقتا يىرتقۇچ ھايۋانلارمۇ بار دەيدۇ» دېسە، ئېشەك ئانچە قۇلاق سالماپتۇ، يەنە ئورماننىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

تۆكە يالغۇز ئوتلاپ يۈرگەندە تۇيۇقسىزدىن بىر شەپە ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ «ئېشەك قايتىپ كەلگەن ئوخشايدۇ» دەپ غەمسىز ئوتلاۋېرىپتۇ. بىر ۋاقىتتا قاتتىق ۋارقىرىغان بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ، قارىغۇدەك بولسا بىر يولۋاس ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، قۇيرۇقىنى دىڭگايتىپ تۆكىگە قاراپ كېلىۋاتقۇدەك. تۆكە قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكتىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي،

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

«ئەمدى يولۋاسقا يەم بولدۇم، تۈگىگىنىمنىڭ دېگەن مۇشۇ دە!» دەپ كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇ، «يولۋاس قاچان كېلىپ چىشلەركىن، قەيىرىمدىن ئالاركىن» دەپ تۇرغاندا، تۇيۇقسىز پۈتۈن ئورماننى ياڭراتقان دەھشەتلىك بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ئاۋازدىن ھودۇققان يولۋاس بەدەر قۇيرۇقىنى تىكىۋېتىپتۇ. تۆگە ھەيران قېلىپ «بۇ يولۋاسنى قورقۇتقان قانداق غەيرەتلىك نېمىدۇ بۇ؟ ئېشەكنىڭ ئاۋازىمىكىن دېسەم، بۇ ئاۋاز ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىق» دەپتۇ ـ دە، بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە مېڭىپتۇ. بېرىپ قارىغۇدەك بولسا راستلا ئۆزىنىڭ ئېشەك دوستى. ئۇ بىر دەرەختكە يۆلىنىپ تۇرغۇدەك. تۆگە ئۇنىڭ قەھرىمانلىقىغا قاراپ:

— ۋاي دوستۇم، نېمىدېگەن يۈرەك بۇ. بىر ۋارقىراپلا يولۋاسنى قاچۇرۇۋەتتىڭ. — دەپتۇ.

ئېشەك كۆزلىرىنى ئاچماي تۇرۇپ، ئاران بالالىقتا: «ئۇ يەنە بارمۇ» دەپ سوراپتۇ. تۆگە «سېنىڭ ئاۋازىڭ بىلەنلا قورقۇپ تىكىۋەتتى. سەن كارامەت ئىش قىلدىڭ» دېگەندە، ئېشەكنىڭ تىتىرەپ تۇرغان پۇتلىرى توختاپ يۈرىكى جايىغا چۈشۈپتۇ. ئېشەك يولۋاسنى كۆرۈپ قورقۇپ ئەتكەنىدىن قاتتىق ۋارقىرىۋەتكەنلىكىنى تۆگىدىن يوشۇرۇپتۇ ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ، مەيدىسىنى كېرىپ: «ئاكاڭ قارىغايغا ھېلىغۇ سەنكەن، مىڭ يولۋاسمۇ تەڭ كېلەلمەيدۇ» دەپتۇ.

1984 ـ يىل، 1 ـ ئاي، بېيجىڭ.

# قارلىغاچنىڭ ماھارىتى

قورت چىشلەپ ئۇچقان ئىككى قارلىغاچ نۆۋەت بىلەن پېشايۋان بولۇڭىدىكى ئۇگىسىغا كېلىپ ـ كېتىپ تۇراتتى. قارلىغاچلار ئۇگىسىنىڭ قىرىغا قونا ـ قونمايلا ئۇگا ئىچىدىن ۋىچىرلىغان ئاۋازلار ئاڭلىناتتى.

قارلىغاچ بالىلىرى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يەم ئېلىپ كەلگەنلىكىنى پەملەپ تەلمۈرۈپ ۋىچىرلىشىۋاتقان بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ قورتنى تالىشىشى چوقۇم. بىراق، قۇشلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئاتا ـ ئانىلىرى بالىلىرىنىڭ تالاشلىرىنى ئادىل ھەل قىلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەش قىيىن ئەمەس.

قارلىغاچلار شۇ خىلدا بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى ئۇچۇپ كېلىپ تۇردى. قاراپ ئولتۇرۇپ قارلىغاچ ئۇگىسىغا دىققەت قىلىپ قالدىم.

پېشايۋاننىڭ يۇقىرىقى بۇلۇڭىغا ئۈچ بۇرجەك قىلىپ ياسالغان ئۇگا خۇددى توغرىسىغا كېسىلگەن يېرىم ئىۋرىقنى بۇلۇڭغا چاپلاپ قويغانغا ئوخشايتتى. ئۇگىنىڭ ئىككى تەرىپى بۇلۇڭنىڭ يان تېمىغا تۇتاشقان بولۇپ، ئۈستى تورۇسقا تاقالغانىدى. ئۇ يەردىن ئىۋرىقنىڭ

يېرىم ئاغزىدەك ئېشىكى ئازراق ئالدىغا ئېگىلىپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

«بۇ ئۇۋا قانداقچە چۈشۈپ كەتمەي تۇرىدىغاندۇ؟» دېگەن ئوي بىلەن يېقىنراق بېرىپ قارىسام، ئۇۋا چىلاننىڭ ئۇرۇقىدەك كىچىك كۆمىلاچ لايدىن تىزىپ ياسالغانىكەن، بۇنىڭغا زادى قانچە كۆمىلاچ كەتكەنلىكىنى ئېنىق ھېسابلاپ چىققىلى بولمىسىمۇ، لېكىن، ئۇۋىنىڭ يېرىم قورسىقىدەك چوڭلۇقتىكى بۇنداق ئۇۋىغا چىلان ئۇرۇقىدەك كۆمىلاچتىن مىڭلاپ كېتىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەشكە بولاتتى. سېنچىلاپ قارىسام، كۆمىلاچلار ئىنچىكە چۆپ ۋە چۆپ يىلتىزى بىلەن ئۇلاشتۇرۇلۇپتۇ. قارلىغاچنىڭ مىمارچىلىق ماھارىتى مېنى ھەيران قالدۇردى. لېكىن كۆمىلاچ لايدىن ياسالغان ئۇۋىنىڭ بۇنداق يەرگە چۈشمەيدىغان قىلىپ قانداق ئورنىتىلغانلىقىنى ھەر قانچە ئويلاپمۇ بىلەلمىدىم. ئېھتىمال لاي تامغا چاپلىشىپ قالغاندۇ دەپمۇ ئۆزۈمنى قايىل قىلالمىدىم. چۈنكى ئاسما شەكىلدە چاپلانغان لاي قۇرىغاندىن كېيىن ئاجراپ كېتىدۇ - دە. بۇ سىرنى قارلىغاچنىڭ مىمارچىلىق سەنئەتكارلىقىنى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ يېشىشىگە قالدۇردۇم. ئىش قىلىپ، بەك ئۇستىلىق بىلەن ياسالغان بۇ ئۇۋىدىن قارلىغاچلارنىڭ تۇغما تەبىئىي ماھارىتىگە ھەيران قالدىم.

بۇ ئۇۋا، كىچىك ۋاقتىمىزدا يېزا ئۆيلىرىگە سالغان قارلىغاچ ئۇۋىلىرىدىن ئالاھىدە پەرق قىلاتتى. يېزا ئۆيلىرىگە ياكى پېشايۋانلارغا سېلىنغان ئۇۋىلار تام

كاۋاكلىرىغا، خىشلار ياكى ياغاچلار ئۈستىگە سېلىناتتى.
بۇ ئۇگا بولسا، سىلىق سۇۋاپ ئاقلانغان تام بولۇڭىنىڭ
يۇقىرىسىغا ئاسما شەكىلدە چاپلاپ مىڭلىغان كىچىك لاي
كومىلاچلاردىن تىزىپ ياسالغان.

بۇنى ئەگەر كونىلاردىن سورىسىڭىز «سۇلايمان ئەلەي-
ھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى» دېيىشى تۇرغان گەپ. چۈنكى،
قارلىغاچ «سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلتىپاتىغا ئىگە
بولغان مۆتىۋەر قۇش» مىش. ھېكايە مۇنداق ئىكەن:

ئۇچار قاناتلار ئارىسىدا جېدەل چىققان بىر ۋاقىت-
تا پاشا جېدەلنى ھەل قىلىشتا ياراشتۇرۇش رولىنى ئوي-
ناپتۇ. ھايۋانلار ۋە ئۇچار قاناتلار پادىشاھى سۇلايمان
ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «نېمە تاتلىق بولسا شۇنى
تاللاپ ئال» — دەپتۇ. پاشا ئۇچۇپ كېتىپتۇ. قارلىغاچ
پاشىدىن گۇمان قىلىپ بارسا، پاشا «ئادەمنىڭ قېنى
ھەممىدىن تاتلىق ئىكەن» دەپ ناخشا ئېيتىپ كېلىۋات-
قۇدەك. قارلىغاچ: «قېنى تىلىڭنى چىقارغىنا، تېتىپ با-
قاي»، دەپتۇ. پاشا ماختىنىپ تىلىنى چىقىرىپتىكەن،
قارلىغاچ ئۇنىڭ تىلىنى چىشلەپ ئۈزۈۋاپتۇ. شۇنىڭدىن
كېيىن ئۇ، سۆزلىيەلمەي «گىڭ - گىڭ» قىلىدىغان بولۇپ
قاپتۇ. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ
قارلىغاچقا: «ئورنىڭ ئادەملەر بېشىدا بولغاي» دەپ دۇئا
قىپتۇ. شۇڭا ئادەملەر قارلىغاچنى ياخشى كۆرىدىكەن. قار-
لىغاچ ئادەملەرنىڭ بېشىدىن ئۈستۈن يەردە ئۇگا سې-
لىپ بالا چىقىرىدىكەن ...

بۇ بىر رىۋايەت. ئەمما، ئادەملەر قارلىغاچنى ئەتى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋارلاپ «قارلىغاچ ئۆلتۈرگەننىڭ قولى تىترەپ قالىدۇ» دەيدۇ. قارلىغاچ ئادەملەرنىڭ بېشىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان جاي — ئۆي تورىسىغا، پېشايۋانغا ئۇۋا سالىدۇ.

قارلىغاچنىڭ ئاشۇنداق ئۇۋا ياسىيالىشى بىر خىل تەبىئىي ۋە قەيسەر كۈچنىڭ مېۋىسى.

قارلىغاچنى كىشىلەرنىڭ شۇنداق ئەتىۋارلىشى بىر خىل ئەقىدە ئاساسىدا تىكلەنگەن ياخشى كۆرۈش.

ئادەملەر بىلەن پاشا ئوتتۇرىسىدا «ھايات – مامات» زىددىيىتى بار — پاشا ئادەمنىڭ قېنىنى شورىمىسا تۇرالمىغىنىغا ئوخشاش، ئادەملەرمۇ پاشىنى ئۆلتۈرمەي تۇرالمايدۇ.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قەيسەرلىك ئەتىۋارلىنىدۇ، ياخشىلىق ياخشى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولىدۇ. زىيان سېلىش، زىيان تارتىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. قارلىغاچ بىلەن پاشىنىڭ ئەمەلىيىتى بۇنىڭغا جاۋاب...

1983 – يىل، يەنتەي.

## ئانار گۈلىنىڭ ھۆسنى

پېشايۋان ئالدىدىكى بىر پارچە گۈلزارلىق كىشىنى جەلپ قىلاتتى. تۆت تەرىپى يالغۇز ئاياغ ئاسفالت يوللار بىلەن ئورالغان، تەخمىنەن 25 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان جايدا كىشىنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ، زوقىنى كەلتۈرىدىغان، ئاجايىپ گۈزەل گۈلزارلىقتىكى ئەتىرگۈللەر ئوتتۇرىسىدا — ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن بىر تۈپ ئانار دەرىخى تۇراتتى. ئۇ، چۆرىسىدىكى ئەتىر گۈللەرگە گويا «كۆردۈڭمۇ، مەن سەندىن ئېگىز، گۈللىرىم سەندىن ئۈز» دېگەندەك قىلاتتى. ئەتىرگۈللەر بولسا ئانارگۈل بىلەن بەسلىشىپ «قېنى، كۆرۈپ باقامسىز» دېگەندەك، ئەتراپقا يېقىملىق ھىدلىرىنى چاچاتتى.

دېمىسىمۇ، بۇ يەرنىڭ ئەتىرگۈللىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار ئىكەن. مەن چۈشكەن كونا ھويلىدىكى ئەتىر گۈللەر مېنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلدى. شاخلىرى توم، ئېگىز، ياپراقلىرى كەڭ، گۈللىرى كۆركەم كەلگەن بۇ گۈللەرنى ئېتىمشلارغا قارىغاندا، جىغان دەرىخىگە ئۇلايدىكەن. جىغانغا ئۇلانغان ئەتىرگۈلنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئەمدى بىلەتتىم. بۇ يەردە

بولسا (ھاۋا كىلىماتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك) ئەتىرگۈللەر باشقا جايدا ئۆلانغان گۈللەردىنمۇ ياخشى بولىدىكەن.

ئەتىگەنى ياغقان يامغۇرنىڭ گۈللەر بەرگىدىكى تامچىلىرىدا قۇياش نۇرى پارقىرىماقتا. ئەتىرگۈللەرنىڭ خىلىمۇ جىق: چىسكەررەك، قىزىل، توق قىزىل، قىزغۇچ، ھال، ئاق، سېرىق.

ئوتتۇرىدىكى ئانارگۈل بۇ ئەتىرگۈللەرگە ھۆسن قوشتىمۇ، ياكى ئەتىرگۈللەر ئانار گۈلگە ھۆسن قوشتىمۇ، ئىشقىلىپ، بۇ گۈلزارلىق كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرگۈدەك گۈزەل ئىدى.

بۇ ئانارگۈل دەرىخى بىزنىڭ شىنجاڭ - قەشقەرنىڭ ئانار دەرەخلىرىدىن پەرق قىلىدىكەن: شىنجاڭنىڭ ئانار دەرەخلىرى شاخلىرى توم، كەڭ قانات ئېچىپ تۇرىدۇ، گۈللىرى ئانچە چوڭ بولمايدۇ. ئەمما مېۋە بېرىدۇ. بۇ يەردىمۇ مېۋىسى چوڭ بولمىسىمۇ ھەر ھالدا مېۋىگە كىرگەن ئىككى تۈپ ئانار دەرىخى چەتتىرەك تۇرۇپتۇ. مەن دەۋاتقان بۇ ئانار دەرىخى نازۇك، زىلۋا بولۇپ، گۈل ئاچىدىكەن، مېۋە بەرمەيدىكەن.

بۇ ئانارگۈلنىڭ گۈزەللىكى مېنىڭ ھەۋىسىمنى قوزغىدى. نازۇك شاخلىرىدىكى ئۇزۇنچاق يېشىل ياپراقلار ئارىسىدا كۈلۈپ تۇرغان غۇنچىدە گۈللەر — قىزىل گۈلگىمۇ، ئەتىرگۈلگىمۇ ئوخشاشمايدۇ، بۇ گۈل، مېۋىلىك ئانار گۈللىرىدىن چوڭراق، قىزىل گۈلگە ئوخشاش، قاتمۇ قات. ئەمما زىچ - قېلىن؛ ئۇنىڭ رەڭگى — ھال

بىلەن قىزىلىنىڭ ئارىسىدىكى بىر خىل يېقىملىق رەڭ، ئەتىرگۈلنىڭ مەغرۇرلىنىشىغا ھەقىقىي باردەك قىلىدۇ. ئۇنىڭ گۈللەر بىلەن ھۆسن تالاشقىنىمۇ بىكار گەپ ئەمەس ئوخشايدۇ.

مېۋىلىك ئانار دەرىخى كىشىلەرگە تاتلىق- چۈچۈك مېۋە بېرىدۇ؛ ئۇ گويا بۇ ئانارگۈل دەرىخى ئالدىدا «سېنىڭ شۇنچە كۆپ گۈلۈڭ مېنىڭ ئانىرىمنىڭ بىر دانىسىغىمۇ تەڭ كېلەلمەيدۇ» دېگەندەك، مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان پالۋان يىگىتكە ئوخشايدۇ.

ئاۋۇ زىلۋا ئانارگۈل دەرىخىمۇ — گويا «سەن ئانچە كېرىلىپ كەتمە؛ سېنىڭ ئانىرىڭنىڭ ھەر بىر دانىسىنىڭ قىزىل سۈلىرى مېنىڭ گۈلۈمنىڭ ياپراقلىرىدا پارقىرايدۇ» دەپ نازىنىن قىزلاردەك زىلۋا بويىنى ئېگىپ جۈلالىرىنى ئارقىسىغا تاشلىغاندا، ئۇنىڭ چىرايلىق گۈللىرى كۆز قىسىپ كۈلۈمسىرىگەنىدەك قىلىدۇ.

دېمەك، بىر تېپتىكى ئىككى خىل ئانار دەرىخىنىڭ بىرى گۈلى ئانچە گۈزەل بولمىسىمۇ، شەربەتلىك ئانار بېرىدۇ؛ يەنە بىرى ئانارلار دانىلىرىنىڭ قىزىل سۈلىرى ئەكس ئەتكەن ئۆز گۈللىرى بىلەن تەبىئەتكە، ئادەملەرگە گۈزەللىك بېغىشلايدۇ.

قارا دوستۇم!

ئانار نېمىدېگەن سېخى ھەم گۈزەل! سەنمۇ ئانار دەرەخلىرىدەك، كىشىلەرگە ھەم ئوبدان مېۋە بېرىدىغان، ھەم گۈزەللىك بېغىشلايدىغان بول، شۇنداق قىلساڭ ئۆمرۈڭنى ئارمانسىز ئۆتكۈزگەن بولىسەن!

1985 - يىل، يەنتەي.

## تۈلكە بىلەن تۆگە

تۈلكە دەريادىن ئۆيانقا ئۆتۈپ جاڭگالىغا بېرىپ يەنە بىرىنى ئالدىماقچى ئىكەن، بىراق، دەريادىن ئۆتۈشكە جىق ئامال ئىزلەپتۇ، بىرمۇنچە ھايۋانلارغا يېلىنىپ بېقىپتۇ، ئامال قىلالماپتۇ.

ئاخىرى ساددا تۆگىنى تېپىپ، ئاۋۋال ئۇنى راسا ماختاپ، كۆككە كۆتۈرۈپتۇ.

— مېنى تولا كۆتۈرمىسەڭمۇ بوپتۇم خېلى ئىكەنمىز، نېمە تەلىپىڭ بار؟ ئېيتەۋەر! — دەپتۇ تۆگە.

— مۇشۇ دەريادىن ئۈزلىرى بىلەن بىللە ئۆتۈۋالغان بولسام چوڭ شەرەپكە ئىگە بولغان بولاتتىم، — دەپتۇ تۈلكە تازىم قىلىپ، — بەرگەن ياردەملىرىنى ئۆلسەممۇ ئۇنتۇمايتتىم.

تۆگە تۈلكىنى دەريادىن ئۈستىگە ئېلىپ ئۆتكۈزۈپ قويۇپتۇ.

شۇندىن كېيىن تۈلكە زادىلا كۆرۈنمەپتۇ.

بىر كۈنى تۆگە ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ:

— ھەي ئاغىنە، كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ كەتتىڭغۇ؟ — دەپتۇ.

— مەن سىنى تونۇمسام قانداق ئاغىنەڭ بولاي،
سەن كىم زادى؟ — دەپتۇ تۈلكە ۋە تۆگىنىڭ جاۋابـ
ىنى كۈتمەي قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ يورغىلاپ كېتىپ
قاپتۇ.
ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ ئارقىسىدىن قاراپ قالغان
تۆگە:
— سىنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويغىنىمغا پۇشايـ
مان قىلمايمەن، سىنىڭ يۈزسىزلىكىڭنى بىلىۋالغىنىم
ئوبدان بولدى. — دەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# داستان - غەزەللەر

## ئۆمۈر داستانى

(داستان)

(توغۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

### مۇقەددىمە

يەتمىش كۈز، قىشۇ - ياز، باھار ئۆتكۈزۈپ،
مانەمدە يەتمىشكە كىرىپتۇ يېشىم.
ئۆمۈرنىڭ يوللىرى ئەمەسكەن ئاسان،
بۇرۇتۇم قىراۋلاپ، ئاقاردى بېشىم.

ئۆتمۈشنى ئەسلىسەم پۈشايمىنىم كۆپ،
تۈز بەرگەن ئېلىمنىڭ قالدى ئۈمىدى.

«ۋەتەننى، خەلقى رازى قىل، بالام...»
دەپ، ئانام ھالال، ئاق سۈت بەرگەندى.

ئۆمۈر تارىخىم بەتلىرىـــن ئاچسام،
بولۇپتۇ بىر داستان، ئەمەس رىۋايەت.
سۆزلىسەم، تۈگىمەس كېچە يۇ - كۈندۈز،
بېشىمدىن كەچۈرگەن كەچمەش - ھېكايەت.

## كىندىك قېنى

تۆرەلدىم ئاتۇشنىڭ ۋاق - ۋاق كەنتىدە،
جاھاننى جۇت - تۇمان باسقان چاغلىرى.
قانخورلار تاپىنى ئاستىدا تۈگەل،
چەيلەنگەن ئامراتنىڭ ئۆمۈر باغلىرى.

«ئىڭگە» دەپ چۈشكەندە ئانا تۇپراققا،
تۆكۈلدى تۇنجى رەت كىندىكىم قېنى.
ئەمگۈزۈپ باسقاندا ئانا باغرىغا،
جېنىمغا جان بەردى مېھرىلىك تېنى.

تۇنجى رەت كۆز ئاچتىم ئاق سۈتكە تويۇپ،
ھېچنېمە كۆرمەيتتى قارا كۆز، بىراق.
يالغۇزلا كۆرۈندى كارامەت يورۇق،
قۇياشنىڭ نۇرى ئۇ، ئەمەستى چىراق.

شۇ نۇردىن نەپ ئېلىپ ئۆسىدۇ بوۋاق،
شۇ نۇردىن تاۋلىنار پۈتكۈل كائىنات.
شۇ نۇردىن بارلىققا كەلگەن بۇ ئالەم،
شۇ نۇردىن ئايرىلسا بولمىغاي ھايات.

بوۋاقنى ئۆستۈرۈپ قاتارغا قوشماق،
بەك جاپا - ئارزۇلاپ باققان ئانىغا.
بالىنى ئادەملەر رېتىگە قوشماق،
ھەم ئاسان ئەمەستۇر ئېزىز دادىغا.

ئانىنىڭ مېھرىنى بىلمىسە بالا،
مېھرىبان ئانىغا ئەلەم ئەمەسمۇ.
بالام دەپ كۆزىگە قاراپ ئۆستۈرگەن،
جاپاكەش دادىغا ئەلەم ئەمەسمۇ.

تېپىلار دۇنيادا شۇنداق نادانلار،
دادىنى ئانىنى قىلىدۇ بىزار.
ئۇلارنىڭ يەتكۈچە تارتقان دەردىنى،
قەلبىدە سۆزىدە قىلمايدۇ ئىزھار.

دادا - ئانىغا ۋاپاسىز بالا — بالادۇر،
ئۇنداقلار ئۇچرايدۇ نەپرەت تېشىغا.
ئۇلارنىڭ ئەجرىنى ئۇنتۇغان نامەرد،
ئاخىرى دۇم چۈشۈپ چىقار بېشىغا.

دۇنيادا ئاز ئەمەس ئېسىل بالىلار،
ھەممىدىن ئەلادۇر ئۇنىڭغا ئانا.
قەدرىنى بىر ئۆمۈر ئۇنتۇماس ھەرگىز،
(ئۇنتۇلماس نان بەرگەن قەدىردان دادا.)

ئانىسى دەرد بىلەن چەككەندە پىغان،
ھەمدەم بوپ ئانىغا بولىدۇ دىلداش.
بېشىغا جاپالىق كۈنلەر چۈشكەندە،
سىردىشىپ دادىغا بولىدۇ مۇڭداش.

شادلىنىپ كۈلگەندە داداڭ ۋە ئاناڭ،
سەنمۇ كۈلگەيسەن زوقلىنىپ ئوغلان.
پەپىلەپ گۈلباغدا قىلدۇرۇپ سەيلە،
ئۇلارغا بول سادىق ۋاپادار پالۋان.

## مەكتەپكە قەدەم

بوۋاقلىق كۈنلىرىم ئۆتتى ئەللەيدە،
بۆشۈكتە ۋە ياكى ئانام قوينىدا.
گۆدەكلىك بىر - بىرلەپ ئۆتكەندە، نۆۋەت —
كەپ قاپتۇ مېڭىشقا ئوقۇش يولىدا ...

يەتتە ياش چېغىمدا مەكتەپكە ماڭدىم،
ھاياتقا تاشلىدىم بىرىنچى قەدەم.
شۇ قەدەم بولمىسا بولالماس كىشى،
ئىلىمگە — بىلىملىك كېرەكلىك ئادەم.

شۇ قەدەم قەدىرلىك ئۆمۈر يولىدا،
باشلايدۇ ئېلىمنىڭ قۇتلۇق يولىغا.
مەرىپەت قورالىنىڭ بىرىنچى ھەرپى —
«ئېلىپبە»نى شۇ قەدەم سالىدۇ دىلىغا.

دولامغان پوپكامنى ئېسىپ كىرگەندە،
كۆرۈندى بۇ مەكتەپ ئىللىق — ھەم سوغۇق.
ئوقۇش دەپ بۇ جايغا كىرسەڭ خوش، بىراق —
يالغۇز ئۆي، بەش بورا، باشقا نەرسە يوق.

خەلپىتىم سۇپىدا ئولتۇرار سۈرلۈك،
تۈۋرۈككە ئېسىلغان پەلەق — تارىشا.
«ئەدەبسىز» بالىلار ئالۇر نېسىۋە،
ئۇنىڭدىن ھەر قايسى ئۆزگە يارىشا.

چۆرىدەپ يۈكۈنۈپ تامنىڭ تۈۋىدە،
قوشقاچتەك چۇۋۇلداپ بالىلار ئاتلايدۇ.
كۆزىنى چىمىڭ يۇمۇپ، ئوڭ — سول ئىغاڭلاپ،
خەلپىتىم تاپشۇرغان دەرسنى يادلايدۇ.

«ئېلىپ»دىن «يا»، غەنچە ئۆگەتكەن بولۇپ،
«مۇقەددەس» ھەپتىيەك كىتاپ يادلىسەن.
بىلەمسەن — بىلمەمسەن ئوقۇيسەن شۇنداق،
ئۇستازنى يا خاپا، ياكى شاد قىلىسەن.

بىر - ئىككى - ئونغىچە، ئوندىن يۈزگىچە،
رەقەمنى پىشقۇرۇپ يېزىپ چىققىسەن.
«كەررە»نى يادىڭدا چىڭ تۇتماق ئۈچۈن،
«ئەبجەد»نى دىلىڭغا «ئېزىپ - ئىچسەن.»

شۇ خىلدا ئۆتىدۇ ئايلار ۋە يىللار،
ھەر كۈنى توختىماي ئوقۇۋېرىسەن.
«پەندنامە»، «نامە ھەق»، سوپى «ئەۋلىيا»دىن،
دىلىڭغا سۆزلەرنى توقۇۋېرىسەن.

بىرىنچى قەدەمدە كىرگەن مەكتىپىم،
قەدىرلىك — باشلامچى بىلىم ئۆگەتتى.
پەلەق بىلەن تارىشا ئېسىمدە، بىراق،
خەلپىتىم يادىمدا، «ئېلىپ» ئۆگەتتى.

بىر ۋاقلار، چەت جايدىن قايتىپتۇ دادام،
مېنىڭدىن ئالدىراپ ئىمتىھان ئالدى.
كۆز يۇمۇپ يادلىغان دەرسىمنى ئاڭلاپ،
كايىدى، بىر كاچات ئۇرۇشقا تاس قالدى.

شۇندىن كېيىن مەكتەپكە بارمايلا قويدۇم،
ھەر كۈنى ئەتىگەن ئوقۇتتى دادام.
ئانا تىل ئۆگىنىپ تازا خوش بولدۇم،
رازى بولۇپ بېشىمنى سىلىدى ئانام.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## جەڭگە ئاتلىنىش

ئون يەتتە يېشىمدا ئاتلاندىم جەڭگە.
قەھرلىك ئىنسانلار توپى بىلەن تەڭ.
تەلمۈرگەن شۇ كۆنگە مەردان يىگىتلەر،
نەيزە - تىغ كۆتۈرۈپ تۇرگەن ئىدى يەڭ.

زۇلۇم تىغى سۆڭەككە بارغانىدى پېتىپ،
بىگۇناھ نامراتلار قىلۇر نالىلەر.
دوزاقنىڭ ئازابى قويمىدى تاقەت.
زاماندىن زارلايتتى تۇل - بىچارىلەر.

چاپاتتى ئەيمەنمەي ئەزىز جانلارنى،
قىلىچنى ئويناتىپ جاللات مادۇتەي.
قەشقەرنىڭ قىزىنى قىلاتتى دەپسەن،
بۆرىدىن تۆرەلگەن زالىم ماتىتەي.

بەگ - غوجا، زېمىندار، پۇلى جىق بايلار،
شوراتتى يوقسۇلنىڭ يىلىك - قېنىنى.
ئىتتىرىپ دارىنلار دارى ئاستىغا،
بىرلىكتە غاجايتتى ياداق تېنىنى.

قان بىلەن بويالغان تەخت ئۈستىدە،
دەۋران سۈرەتتى كاللا كېسەرخان.

ئاھ، قانداق چىدىسۇن بۇنداق زۇلۇمغا،
زىنداندا ئىڭرىغان بىچارە ئىنسان.

پەلەكنىڭ چاقى بىر ئايلىنىپ كەلدى،
قۇمۇلنىڭ تېغىدىن ئاڭلاندى سادا.
دەس تۇردى خالايىق جان پىدا قىلىپ،
ئۆلكىدە تۇشمۇ - تۇش ئاڭلاندى نىدا.

چاقماقتىن ئوت ئېلىپ تۇتاشتى تۇتروق،
ئۇچقۇنلاپ نۇر چاچتى يالقۇنلۇق كۆلخان.
تاغ - دەريا چايقالدى، تىترىدى زېمىن،
گۈمبۈرلەپ ئېتىلدى كارامەت ۋولقان.

شۇ ۋولقان قوينىغا مەنمۇ ئېتىلدىم،
تۇمەن مىڭ مەردانە باتۇرلار بىلەن.
باش تىكىپ جەڭ قىلىش ئالدىنقى مەقسەت،
خەلقنى قاخشاتقان ئامباللار بىلەن.

ئاتۇشمۇ بۇ جەڭدە ئارتتا قالمىدى،
يار بولدى ئۇلارغا سۇتۇق بۇغراخان.
بۇغرالار ئەۋلادى سەپتىن قالارمۇ؟
بوۋىسى چايلىغان تالايلاپ خاقان...

قەشقەرنىڭ سېپىلى سىرتىدىن ئوراپ،
ئادەملەر دېڭىزى چايقالدى دەھشەت.

كارامەت دولقۇننىڭ غەزەپ ـ قەھرىدىن،
تىترىدى قانلاردىن بويالغان شۇ تەخت.

چاھاننى لەرزىگە سېلىپ ئۆرلىدى،
سېپىلنى تۇش ـ تۇشتىن چاناپ يول ئېچىپ.
ئالىمان ئىچىدە ئۆرلىدىم مەنمۇ،
ئاستىمدا جىرەن ئات، قولغا تىغ ئېلىپ.

شەھەرنىڭ كوچىسى ئېلىنىدى قولغا،
رەقىبلەر يامۇلغا مۆكدى چاشقاندەك.
ئادەملەر دېڭىزى جىمىدى، ئەپسۇس،
قايىنغان قازانغا سوغ سۇ سەپكەندەك.

دۇشمەننى بىر چەتتە تاشلىدى قويۇپ،
ئۆچلىشىپ تالاشتى مەنسەپ سىجاڭلار.
جان پىدا خالايىق ئارماندا قالدى،
سوقۇشتى سەن ئەمەس، مەن دەپ تۇەنجاڭلار.

### ئىلىم ئىزلەش

چاكالاپ «زامان بولدى ئامان» دەپ،
شىڭشىسەي دەپ بەرسى چىقتى تەختكە.
كىم بىلىدۇ بۇنى ئۇ ئېلىسمۇ ـ خېزىر؟
بولسىدى ياخشىلىق ئۇنىڭ بەختىگە.

چىرايلىق باشلاندى سۆزلىرى ئۇنىڭ،
ئاقىۋەت ھازىرچە ئىدى تېپىشماق.
بولسا گەر ئۇنىڭمۇ قىلمىشى يامان،
نەچارە، خەلققە كېرەك ئېيتىشماق.

ئىلىم - پەن كېرەك دەپ ئۈندەپ ياشلارنى،
مەكتەپكە باشلىدى (تەۋپىق) مەمتىلى.
ئەگەشتى بىلىمگە تەشنا ئاتۇشلۇق،
بەلباغلاپ سەپ بولدى، تاللاندى خىلى.

ئېچىلدى ئوگرۇقتا مۇئەللىم كۇرسى،
مۇدىر ھەم مۇئەللىم ئىدى مەمتىلى.
كۈندۈزى دەرس بېرىپ، كېچىسى چېپىپ،
سالدۇردى مەكتەپلەر، چارچىدى خېلى.

ئالتە ئاي ئىچىدە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ،
ئاتمىشتەك ياش يىگىت بولدۇق مۇئەللىم.
تارالدۇق ئاتۇشنىڭ ھەممە كەنتىگە،
باشلىدۇق بالىلارغا بەرمەككە بىلىم.

مېڭىدە بىلىمنىڭ دەسمىسى چاغلىق،
ۋە لېكىن، ئاز ئەمەس ئىدى جاسارەت.
بىلىمسىز — نادانلىق بەردى جىق ساۋاق،
«بىلمىسەڭ تارتىسەن ئەلەم ھاقارەت».

www.uyghurkitap.com

يەگىرمە تۆت كەنتتە يەگىرمە تۆت مەكتەپ-
قۇرۇلدى بەك ئېسىل، يورۇق ھەم گۈزەل.
خالايىق پۇل بەردى، ياغاچ - تاش بەردى،
دېيىشتى «بىلىمنىڭ ئۇچىقى ئەۋزەل».

يېرىم يىل ئىچىدە ھازىرلاندى ھەم،
يىگىرمە تۆت مەكتەپ، ئاتمىش مۇئەللىم.
ئۇنىڭدىن ئوقۇشقا سەبىي بالىلار،
پارتىدا ئولتۇرۇپ ئېلىشتى تەلىم.

بولمىسا بىلىمگە تەشنا، ئىنسانلار،
بولامتى بۇنداق زور ئۇتۇق كارامەت.
بولمىسا ياشلارنىڭ غەيرەت جۇرئىتى،
بولامتى تارىختا بۇنداق ئالامەت.

مەن باردىم تىنچەنگە بولۇپ مۇئەللىم،
قەلبىمدە ئىشتىياق ئۇرغۇپ تۇراتتى.
بالىلارنى ئۆگىتىش نېمىدېگەن بەخت،
تەلپۈرۈپ قوي كۆزلەر كۈلۈپ تۇراتتى.

ئىشىمىز ئوڭۇشلۇق بولمىدى شۇنداق،
پالاكەت - كاشىلا توستى يوللارنى.
كونىلىق ھامىيلىرى «كالتە قۇيرۇق» دەپ،
باغلىماق بولۇشتى پۇت ۋە قوللارنى.

قاينىدى سەپ تارتىپ ھەل قىلغۇچ كۆرەش.
بىزلەرگە «تەۋپىق» سەردار — باش بولۇپ.
ئارقىغا چېكىندى قارشىلاشقانلار.
ئەسكىلىك قىلمىشى تازا پاش بولۇپ.

بالىلارنى ئوقۇتۇش بەردى بەك ھۇزۇر،
بىلگەنچە بىلىمنىڭ قەدرىنى سەزدىم.
مەرىپەت يولىدا ئىزلىنىش ئۈچۈن،
مەكتەپنى، يېزىنى، شەھەرنى كەزدىم

بەختكە يارىشا كەپقالدى پۇرسەت،
چەت ئەلگە — تاشكەنتكە بېرىپ ئوقۇشقا.
قەلبىمگە ئىلىمدىن داستانلار توقۇپ،
قەلەمدە كەشتىلىك ئەلەم توقۇشقا.

ئۆز بەگىنىڭ ماكانى بولدى قارارگاھ،
باردۇق بىز ئاتاقلىق تاشكەنت شەھرىگە.
ئورتا ئاسىيا دۆلەت دارىلفۇنۇنى،
تولدۇردى دىللارنى ئىرپان بەھرىگە.

بۇ مەكتەپ گوياكى بىر بۇلاق بولۇپ،
قايناركەن ئىلىمنىڭ ھەممە تۈرلىرى.
تارىختىن، تەبىئەت، يەر — ئاسماندىن،
چېچىلار ئىكەن ھەم پەننىڭ نۇرلىرى...

## جاللات «داھى»

پۈتتۈرۈپ ئوقۇشنى قايتتۇق ۋەتەنگە.
مىلادى مىڭ توققۇز يۈز ئوتتۇز يەتتىدە.
كۆڭۈلدە ئۇرغۇيتتى ئۈمىدلىك تىلەك،
خەلق ئۈچۈن ئىشلىمەك دېگەن نىيەتتە.

ۋە لېكىن بۇ يۇرتنى قاپلىغان تۇمان،
تەلمۈرگەن خەلقلەر كۆرمەپتۇ قۇياش.
ئەرك ئۈچۈن قوزغالغان بىچارىلەرنىڭ،
كۆزىدىن ئېقىپتۇ يەنە قانلىق ياش.

شىڭشىسەي گەپ ساتسا توختىمايدىكەن،
سۆزلىرى چىرايلىق، ئىچىدە چايان.
قىزىل تون كىيىپ ئۇ شالىنى چېچىپ،
ئۆزىنى «داھى» دەپ قىلغانىكەن ئېلان.

«قىزىل تون» ئىچىدە قانلىق قىلىچى،
«قىزىل تون» يېڭىدە يوشۇرغان خەنجەر.
«قىزىل تون» بويالغان قىزىل قان بىلەن،
«قىزىل تون» ئىچىدە زەھەرلىك نەشتەر.

تۇتقۇنلۇق، قاتىللىق كەتتى بەك ئەدەپ،
شۇندىمۇ «ئىنقىلاب» دېدى، پو ئاتتى.

ئۆتۈنۈپ يەتتەندىن ئالدۇردى كادىر،
بىر - بىرلەپ ھەممىنى ئاخىر يوقاتتى.

بىرىنى خائىن دەپ، بىرىنى مىللەتچى،
قامىدى تۈمەن مىڭ بىگۇناھلارنى.
دەھشەتلىك قىيناش ۋە قىستاشلار بىلەن،
ئۆلتۈردى ھېسابسىز پىداكارلارنى.

ھىيلە - مىكىر، سۇيىقەست، ئالداش، ئۆلتۈرۈش...
قىلمىشى فاشىستلىق، جاللاتلىق بولدى.
ئايلاندى بۇ دىيار مۇدھىش زىندانغا،
ئۇن مىڭلاپ جاپاكەش سەرگەردان بولدى.

بىر مۇنچە ئىلغارلىق بولغىنىمۇ راست،
ئۇ ھەرگىز شىڭشىسەينىڭ «تۆھپىسى» ئەمەس.
يەتتەندىن كەلگەنلەر كۆچى بولمىسا،
ئۇ ئەبلەخ قىلمايتتى بۇنىڭغا ھەۋەس.

ھەيدىلىدىم سۈرگۈنگە چۆچەك شەھرىگە،
«خائىنلار» ئەۋلادى قاتارى مەنمۇ.
دەسلەپتە بىلمىدىم «بەلگىلەش» دېدىم،
كېيىنچە دېيىشتى «پالانغان سەنمۇ».

خەلق ئۇچۇن ئىشلەشكە تېپىلدى پۇرسەت،
دېدىم مەن «ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي بىكار».

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

بەختىمگە تېپىلدى خالىغان خىزمەت.
گېزىتچى، مۇئەللىم، ئارتىس ــ ھەۋەسكار.

مىلادى مىڭ توققۇز يۈز قىرىق ئۈچىدە،
كومىنداڭ كەلدى ــ دە، باستى پالاكەت،
ئۇ، قوشتىن چىقىرىپ سالدى سۈرەمگە،
ماغدۇرسىز خەلققە كەلدى قوش ئاپەت.

ئاخىرى مەنمۇ ھەم ھەيدەلدىم ئىشتىن،
كولاندى تىرىكچىلىك قىلمىشىنىڭ ئۇلى.
ئازاب ۋە ھاقارەت قىيىندى جاننى،
مېڭىشقا قالدى شۇ غۇلجىنىڭ يولى.

## خانتەڭرىدە چاقماق

ياڭرىدى ھەيۋەتلىك گۈلدۈرماما زەپ،
تەۋرىدى تىيانشان كەلدى غەزەپكە.
خانتەڭرى بېشىدا چاقنىغان چاقماق ــ
نۇرىدا ئىلىلىق كەلدى غەيرەتكە.

ئىلىنىڭ ئۇلاستاي دېگەن كەنتىدە،
چېلىندى شىددەتلىك جەڭنىڭ سىگنالى.
شۇ سىگنال ساداسى ــ خىتابى بىلەن،
ئاتلاندى ئىگىلىغان خەلق پالۋانى.

چاقماقنىڭ، سىگنالنىڭ ياڭراق ئاۋازى،
تىترىتىپ دۈشمەنگە سالدى پالاكەت.
تىپىرلاپ مۆككىلى تاپالمىدى جاي،
كەپ قالدى بېشىغا دەھشەت ھالاكەت.

دۈشمەنلەر چېقىپمۇ كۆزلۈك ھەرىدەك،
پارتىزان كۆچىگە كېلەلمىدى تەڭ.
ئۆۋلتورۇپ قاماپمۇ باسالمىدى ھېچ،
شەپەققە ئازادلىق ئوتى بەردى رەڭ.

مىلادى مىڭ توققۇز يۈز قىرىق تۆتىدە،
پارتلىدى غۇلجىدا يەنە بىرۋولقان،
ئابباسوۋ باش بولۇپ پارتىزانلارغا،
قىلدى ئۇ زىندانلارنى كۆكۈم – تالقان.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلدى چاپسان،
مەقسەتنى خەلققە ئېيلىدى بايان،
ئازادلىق نۇرىغا تەلمۈرگەن ئەلگە،
چېلىشىنىڭ نىشانى بوپ قالدى ئايان.

پارتىزان قوشۇنلار بولدى مۇنتىزىم،
قۇرۇلدى ئازادلىق مىللىي ئارمىيە.
ئۈچ ئايماق بويىچە باشلاندى ھۇجۇم،
رەتلەندى مالىيە، پۇل ۋە سەرمايە.

مەدەنىيەت ـ مائارىپ قويۇلدى يولغا.
مەكتەپلەر ئېچىلدى رەتلىنىپ قاتار.
گېزىتلەر ـ ژۇرناللار چىقتى بىر ـ بىرلەپ،
تەشۋىقات باشلاندى، سايرىدى ساتار.

ئۈچ ئايماق پۈتۈنلەي قىلىندى ئازاد.
پوتەيلەر، تۈرمىلەر چېقىلدى تامام.
زۇلۇملار دەستىدىن ئىڭرىغان ئىنسان،
ئازاد بوپ، شادلىنىپ، ئېلىشتى ئارام.

ئازادلىق ئارمىيە ئۈرۈمچى تامان،
ئاتلاندى ــ جەڭگىۋار يۈرۈش باشلىدى.
گومىنداڭ چېرىكى ھۆكۈمدارلىرى،
چارىسىز تىپىرلاپ بېشىنى قاشلىدى.

ئۆلكىنىڭ ئەھۋالى قالدى لىڭشىداپ،
جاي ـ جايدا باشلاندى جەڭگە تەييارلىق.
قەشقەردە، خوتەندە، ئاڭلاندى سادا،
ئارقىدا قالمىدى قومۇل ـ تۇرپانلىق.

گومىنداڭ ئۈرۈمچىدە قالدى ھودۇقۇپ،
تەتەيلەر، يۈك ـ تاقلار سېلىندى يولغا.
ئەمەلدار ھەربىيلەر قىلىچ ئوينىتىپ،
بىگۇناھ خەلقلەرنى ئېلىشتى قولغا.

ئۆلكىمنىڭ تەقدىرى بوپ قالغان ئايان.
ئازادلىق ـ ئەركىنلىك ئەمەسنى يىراق.
ئاھ، ئىسىت، چوڭ ـ كىچىك ئارماندا قالدى،
يۇرۇشتىن توختىغان چاغدا مەرد ئايا!

قول قويدى ئاخىرى ئۇن بىر پۇتۇمگە.
ئەخمەتجان ـ جاڭ جىجوڭ سۆھبەتتىن كېيىن.
قۇرۇلدى بىرلەشكەن ھۆكۈمەت شۇئان،
چىرايلىق ۋەدىلەر سۆزلەندى، لېكىن...

پۈتۈمنىڭ روھىدىن ئۈمىد كۈتكەنلەر،
ئۈنىڭدىن زەررىچە ئالالمىدى نەپ.
نەپ تۈگۈل، ئەكسىنچە تارتتى كۆپ ئەلەم،
ئەركىنلىك، تەڭلىكتىن بولمىدى ھېچ گەپ.

قىلمىچنى بىلەشتىن قالمىدى توختاپ،
جياڭجيېشى گومىنداڭ شۇم تۆرىلىرى.
قەيەردە ئەركىنلىك دېگەنلەر بولسا،
شۇ يەردە ئوت ئاچتى ئوق ئۈگىلىرى.

ئۇرۇمچىدە تۇرۇشقا قالمىدى ھاجەت،
قايتتۇق بىز ۋەكىللەر غۇلجا شەھىرىگە.
ئۆلكىدە خالايىق زارلايتتى ھامان،
يېتەلمەي تەلمۈرۈپ قۇياش بەھرىگە...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەممىمىز تەلمۈرۈپ كۈتەتتۇق شەرقتىن،
ھەل قىلغۇچ چېلىشتىن غالىپ شان- زەپەر.
بەختكە كۈتكەن كۈن كەپ قالدى ئاخىر.
ھەم بىزنى شاد قىلىپ كەلدى خۇش خەۋەر.

يوللاپتۇ پارتىيە بىزگە بىر مەكتۇپ،
چاقىرىپ ۋەكىللەر خەلق كېڭىشىگە.
ھۆرمەتلەپ بېرىپتۇ يۇقىرى باھا،
جەڭگىۋار ئۈچ ئايماق خەلق كۈرىشىگە.

ئەخمەتجان باشلىغان سەردارلار توپى،
بېيجىڭنى نىشانلاپ يول ئالدى شۇئان.
ئاھ! ئېست، ئارقىدىن كەلدى شۇم خەۋەر؛
سەپداشلار ھاۋادا بولدى دەپ قۇربان...

نادامەت، — مۇسىبەت قايغۇ ئىچىدە،
ئۇلارنىڭ ئىزىدىن يولغا چىقتىم مەن.
يەنە بىر ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ،
ھەم خۇشال ھەم غەمدە شەرققە ئۇچتۇم مەن.

بېيجىڭدە كۆپلىگەن ھازىرلىق بىلەن،
ئېچىلدى تارىخىي دۆلەت كېڭىشى.
ئۆز ئارا كېڭىشىپ، خەلقچىل يول بىلەن،
ئۆتۈكلۈك ھەل بولدى دۆلەتنىڭ ئىشى.

مىلادى مىڭ توققۇز يۈز قىرىق توققۇزدا،
قايىندى تېيەنئەنمېندە ئادەم دولقۇنى.
ماۋزېدۇڭ دۆلەتنى قىلغاندا جاكا،
ئاسماندا قىزىل توغ غالىپ يەلپۈندى...

خۇاگېخېندىڭ ئېقىنى، چاڭجياڭ دولقۇنى،
قەدىمكى تارىمغا بېغىشلاپ ئىلھام.
تەكلىماكان، جۇڭغار قىز - يىگىتلىرى،
جىلۋەقىپ ساماغا ئۇيىندى ئىلدام.

دېگەن، قەددىنى كۆتۈردى جۇڭخۇا،
بولدى ئۇ شەرقتىكى كارامەت ئەنقار.
جەڭگىۋار كۈچ بولۇپ تىزىلدى سەپكە،
بۈركۈت ۋە لاچىنمۇ - تۇمەنمىڭ تۇلپار.

بىر قانات قېقىپلا ھەيۋەتلىك ئەنقار،
يۈزمىڭ گەزنۇرلىدى يەنە پەلەككە.
قۇياشنىڭ نۇرىغا چۆمۈپ ئازادە،
شوخ پەرۋاز ئەيلىدى يەتكەچ ئىلەككە.

ئەنە ئۇ پەلەكتە قىلماقتا پەرۋاز،
كۈن ئۇچۇق، گاھىدا جۇدۇن - يوق ئەمەس.
چاپقۇنلۇق كۈنلىرى بېخەستە بولۇپ،
قانىتى چوققىغا سوقۇلدى بىر پەس.

مىلىكىنىپ ئاسمانغا ئۆرلىدى يەنە،
«داۋاملىق كۆرەش قىل، بەخت تاپەيدى».
ئوڭۇشلۇق، ئوڭۇشسىز ئىشلارنى ئەسلەپ.
مەردلەرنى يېتەكلەپ ئالغا چاپ دېدى.

مەنمۇ ھەم بۇ جەڭدە قالمىدىم ئارتتا،
لاچىنلار توپىدا مەردانە ئۇچتۇم.
پەرۋازىم ئۇنچە ساز بولمىدى، يىراق،
ئەنقارنىڭ ئىزىدىن ئۇتۇقلار قۇچتۇم.

ئۆمرۈمنىڭ يەتمىش يىل باسقان بولىنى،
قىسقىچە بولسىمۇ ئەيلىدىم بايان،
مۇدۇرسەم دېمەي تۇرۇپ ئىلگىرى ماڭىمەن.
قانچىسى تېخىچە بار قارىغا ئايان...

1985- يىل، 3 - ئاي، بېيجىڭ.

# سايرا، بۇلبۇلۇم

(ناخشىچى قىزغا بېغىشلايمەن)

بۇلبۇلۇم شۇ ھۆر زاماندا سايرىغىن خەندان ئۇرۇپ،
گۈل- گۈلستانلار ئاراسەن يايرىغىن زوققا تولۇپ.

سۈنسا شائىر كۆي ئۈچۈن جۇشقۇن قىزىل مىسراسىنى،
سىڭدۇرۇپ ناخشاڭغا سەن، ياڭرات ئۇنى جانلاندۇرۇپ.

نەغمىچى چالغاندا ساز ئۇلۇغ ۋەتەننىڭ ئىشقىدا،
پەيزىگە ئىلھام قوشۇپ، ناخشاڭنى ئېيتقىن جۆر بولۇپ.

دەۋرىمىز باتۇرلىرىنى كۈيلىگەن سەن زوق بىلەن،
قىز - يىگىت چۈشسۇن ئۇسسۇلغا، يېڭىچە مەشرەپ قۇرۇپ.

بىل باھارنىڭ قەدرىنى، ئەسلەپ زىمىستان پەسلىنى،
يىغلىغانسەن شۇ زىمىستان زۇلمىدىن ئۆپكەڭ قۇرۇپ.

رەھىمسىز ئۆتمۈش سېنى تۆمۈر قەپەزگە تاشلىغان،
كېچىلەپ تىپىرلىغانسەن گۈلباھارغا تەلمۈرۈپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كىم سېنى قۇتقۇلدۇردى ئاشۇ قىش ـ زىمىستان ئىلكىدىن،
كىم سېنى قىلدى ئازاد، تۆمۈر قەپەزنى سۇندۇرۇپ.

سايرا، دەۋرىم بۇلبۇلى، باغۋەننى ھەرگىز ئۇنتۇما،
سايرىغىن پارتىيىگە دىلدىن تەشەككۈر ياغدۇرۇپ.

1973 - يىل، ئۈرۈمچى.



## مۇز تاغ ئاتا

(مۇزتاغ ئاتا ئۈستىدە — ئايروپىلاندا)

مۇز تاغ ئاتا ئاق بېشىڭدىن ئۆرگۈلۈپ ئۆتتۈم،
زەپ كارامەت قامىتىڭدىن چۆرگۈلۈپ ئۆتتۈم.
پەرىلەرنىڭ سەيلىگاھى گۈزەل ماكان،
ساما ئارا مۇز بېغىڭنى سەيلە قىپ ئۆتتۈم.

خانتەڭرى، قاشتاش بېشى، جۇملا گۈما،
قول بېرىپتۇ قايىل بولۇپ، سۆيۈنۈپ ئۆتتۈم.
تا ئەزەلدىن بۇ دىيارنىڭ سەردارى سەن،
ئەلگە بولغان شەپقىتىڭدىن روھلىنىپ ئۆتتۈم.

مىڭ - مىڭ ئاشۇ ماكانغا گۇۋاھچى سەن،
ئەۋلادلارغا كۆيگىنىڭگە كۆيۈنۈپ ئۆتتۈم.
باركاللا ئەل سۆيگۈنى مۇز تاغ ئاتا،
ئەزىزىدىن سالام ساڭا، ئېگىلىپ ئۆتتۈم.

1978 - يىل، 10 - ئاي.

## سېغىنىش

1

ئاشىقى سەۋدايىمدەك دىلدار سېغىندىم مەن سېنى.
ھەشۇقى مەستانىدەك دىلدار سېغىندىم مەن سېنى.

ئايدا كۆردۈم نۇرجامالىڭنى، ئەجەپ غەمخانىسەن.
تۆكمە مۇنچاق ياشلىرىڭنى، جان سېغىندىم مەن سېنى.

تۆكمە ياش، ئاغرىتمىغىل، كۆڭلۈم پەرىشاندۇر مېنىڭ.
ھەم نەپەستۇر قەلبىمىز، جانان سېغىندىم مەن سېنى.

نۇر چېچىپ چولپان سالامىڭنى ماڭا قىلدى بايان.
ئال جاۋابىمنى شۇ نۇردىن، يار سېغىندىم مەن سېنى.

كېچىسى بىدار ئەزىز گويا يىلاندەك تولغىنىپ،
كۆز تىكىپ مىنىسكىن سىياقىڭغا سېغىندىم مەن سېنى.

2

سېغىنىش ھىجرانىدا پەرۋانىدەك كۆيسە كىشى،
كۆيسە مەيلى، يوقتۇر ئارمان دادىغا يەتسە كىشى.

ياو ئۆچۈن جاننى ئاياش نومۇس بولۇر مەردانىگە،
بى نومۇس ھەييار يىگىتتىن ياخشىراق ساينىڭ تېشى.

دوستىغا كەلسە جاپا، جان بىللە قىلماقلىق ۋاپا،
ھۆاپا شەرمەندىنىڭ كۆڭلى قارا، پال ـ پال تېشى.

يارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتساڭ ـ قىساس يوق دېمىگىل،
ئايلىنار پەلەك ھامان ـ كېلەر باھار، كېتەر قىشى.

ئالدىما سادده كۆڭۈل ھەچارنى بوزەك ئېتىپ،
بوزەك ئەتكەن ئۆزى ۋەيران، يەنجىلۇر ئاخىر بېشى.

بەس، يېتەر، قاخشاتما جاننى دىۋە يەڭلىغ ئەي رەقىب،
چەكمىگىن ھەسرەت ئەزىزى ئەمدى ھەل ئەلنىڭ ئىشى.

3

سېغىنىش پىراقىدا سەن بىللە مەن سىرداش ئىدىم،
سازچىلار چەككەندە تەمبۇر سەن بىلەن مۇڭداش ئىدىم.

«ئىڭگە» دەپ قوينىڭغا چۈشكەندە بوۋاق ئاۋاز بىلەن،
كىندىكىمدىن قان تۆكۈلگەندە ساڭا قانداش ئىدىم.

پەپىلەپ ئەللەي بىلەن باغرىڭدا ئۆستۈردۈڭ مېنى،
سەزمىدىم تۆككەن يېشىڭنى، مەن ئۇ چاغ بەڭباش ئىدىم.

قاچان كېچىپ ئوغلانلىرىڭ زىنداندا ياتقان ئاشۇ چاغ،
بولدى ئىشقىڭ يار ـ مەدەت، دەھشەتكە مەن بەرداش ئىدىم.

ئەلتۈرۈپ كۆتكەندە ـــ جانان قول سوزۇپ بەردى مەدەت،
تۇ ماڭا بولغاچ ۋاپادار، مەن ئاڭا يولداش ئىدىم.

سەۋر قىلغىل ئەي ئەزىزى، يار ساڭا، بولغاي مەدەت،
تاڭ سەھەر كۆلگەندە يار قاشىدە مەن سەپداش ئىدىم.

1980 - يىل، بېيجىڭ.

# چىن دوستنى تاپ

ئەل دېسەڭ ــ ئەل بەختىچۈن سادىق پىداكار دوستنى تاپ،
ئەلگە تاپشۇرغان ئۆزىنى ئاق كۆڭۈللۈك دوستنى تاپ.

تاغ ــ داۋاندىن ئاشمىقىڭ تەس ــ يولدا يولداش بولمىسا،
قار ــ شىۋىرغاندا مەدەتكار ياخشى بىر يولداشنى تاپ.

ئېگىلىپ قىلغان خۇشامەت ھېيلىگەردىن قاچ نېرى،
ئېسى ــ يادى ئەل بىلەن بولغان بەلەن ئوغلاننى تاپ.

ئالا كۆڭۈل، ئىككى يۈز ئالدامچىدىن كەلمەس ۋاپا،
ئەل ئۈچۈن جاندىن كۆيۈنگەن قەدىردان ياراننى تاپ.

ئاتسا پو، ئالدانما ھەرگىز، تېشى پال ــ پال «نوچى» ئۇ،
كەلسە تۇپان قورقىمىغاي ــ چوغلۇق يۈرەك مەرداننى تاپ.

بىۋاپا ئاخىر سېنى تاشلايدۇ چۆلگە ئىرغىتىپ،
ئەي ئەزىزى چىن ۋاپادار ــ جانغا جان جانانىنى تاپ.

1980 ــ يىل، بېيجىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئەل تىلەگەن قىلغىل ئادا

### 1

پار دىدىم بەردىم كۆڭۈل، سەن قىلمىدىڭ ھېچبىر ۋاپا،
ئەقىدەمنى يەرگە ئۇردۇڭ - كەلتۈرۈپ جەبىر - جاپا.

مېھرىبان دەپ مېھرى قىلدىم، بارلىقىم بەردىم ساڭا،
قالدۇرۇپ مېھرىمنى ئەپسۇس، ئاخىرى قىلدىڭ خاپا.

ئۇ — چىرايلىق سۆزلىرىڭگە ئالدىنىپ قالدىم نىتەي،
ۋەدىلىرىڭ يوقىغا چىقتى، قالمىدى سانۇ - ساپا.

مەلۇ قىلغان دوستلىرىمغا ۋەدىلەر ئىشەندۈرۈپ،
لەت بولۇپ قالدىم ئاخىر، يارانلىدى ئالدىم تاپا.

بەس يېتەر ئاغرىتما جاننى، تۆۋە قىل ئەل ئالدىدا،
كەچۈرۈم قىلغاي ئەۋزى، قىلمىغاي تەنە - تاپا.

2

يار كۆزۈڭگە تەلمۈرۈپ باققان كۆزۈمگە باقمىدىڭ،
سۆيگۈ قەلبىمنى ئېچىپ ئېيتقان سۆزۈمگە باقمىدىڭ.

جان دېدىم، جانان دېدىم، چاپقۇن بوراندىن يانمىدىم،
تاغ ئېشىپ، چۆللەر كېزىپ باسقان ئىزىمگە باقمىدىڭ.

دەرد چېكىپ كۆڭلۈڭ يارا بولغاندا مەن قان يىغلىغان،
كېچىلەر بىدار بولۇپ ئاققان يېشىمگە باقمىدىڭ.

سېنى دەپ ھاممالمۇ بولدۇم، تاغچە يۈكتىن يانمىدىم،
شۇنچە يۈكلەر دەستىدىن چىققان تىرىمگە باقمىدىڭ.

شوم رەقىبلەر قەستىدە بولدى مېنىڭ قەلبىم يارا،
بىر نەپەس شەپقەت قىلىپ مۇز يۈزۈمگە باقمىدىڭ.

سەن ۋاپاسىز ياردىن ئايرىلغىنىم ھېچگەپ ئەمەس،
ئىشىنىپ قىلغان ئەقىدەم، ھۆرمىتىمگە باقمىدىڭ.

ئايرىلىپ ئۆلمەس ئەزىزى، باغدا يارانلار كۈتەر،
بولدى ئويناتما كۆزۈڭنى، زادى ماڭا ياقمىدىڭ.

3

جۇدالىق قىلدى سەرسان، بىۋاپا دەپ قالمىغىن يارۇ،
ۋاپاسىز سالدى ھىجران، ياش كۆزۈڭگە ئالمىغىن يارۇ.

ئۇنتۇسام مەرد ئەمەسمەن، يىغلىما يانغىدىمەن بىللە،
ئادامەتلەر چىكىپ مىسكەن دىلىڭگە سالمىغىن يارۇ.

تولۇنئاي تەكتىدە بىز مۇڭدىشىپ بەرگەنىدۇق ۋەدە،
ۋىسالغا يەتمىگۈنچە ئۆز يولۇڭدىن يانمىغىن يارۇ.

بىراق ھەييار رەقىب كۆز ئويىنىتىپ ئالداپ قويار قاپقان،
كۆڭۈلچەك بولما ئىبلىسكە، خارامان ياتمىغىن يارو.

يۈرەكلەر رىشتىدىن تىككەن شۇ ئەنكۈشتەر تۇمارىڭ بار،
ساڭا ئۇ بىباھا گۆھەر، باھاسىز ساتمىغىن يارۇ.

بۇ دىلكەش چوغ يۈرەكلەر ئاخىرى ئارمانىغا يەتكەي،
ئاۋاپ قىلماق ئۈچۈن تەشنا ئەزىزى، ساقلىغىن يارۇ.

1981 - يىل، بېيجىڭ.



## خۇشتارمەن

(يولداش شىرئەلىنىڭ خۇشتار بىلەن ئورۇنلىغان
ساز - ناخشىسىنى ئاڭلىغاندا)

خۇشتار ساڭا ئەي جانان —
خۇشتار ئىكەن مەندەك.
نەغمە - ناۋاسىغا تەشنا —
دىلدار ئىكەن مەندەك.

بۇلبۇل كەبى بىرانە —
سايرايدۇ ئەجەب مۇڭلۇق،
گۈل يارىنى سۆيمەككە —
بىدار ئىكەن مەندەك.

رەقىب ھىيلىسىن سەزمەي —
ئالدام دامىغا چۈشكەن،
مەي ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان —
ھوشيار ئىكەن مەندەك.

خۇشتاردىن چىقتى نىدا —
پەلەكتە ياڭرىدى سادا،
چولپان نۇرىدا پەرۋانە —
سەييارە ئىكەن مەندەك.

خۇشتار مۇقامىغا ئىلكەش —
ئاخشاڭنى كۈيلە ئەزمىزى،
يارانلار كۆڭۈلدىن —
خۇشتار ئىكەن مەندەك.

1982 - يىل، 9 - ئاي.



## سەيلە قىپ كەتسۇن

ئايادوست يارغا يەتكۈزگىن مېنىڭ خوشلۇق سالامىمنى،
يارانلار مەيلىگە بەل باغلىغان ئوتلۇق قارارىمنى.

مالال بولماڭ، دېگمە، يارغا ئېيتىپ دىلرەبا قىلغىن،
چىكەمدە ئاق ۋە لېكىن سۇنمىغان بەر ھەم مادارىمنى.

جاپا كۆرمەس مېنىڭدىن، كۆڭلىنى ئازاد تۇتۇپ كەلسۇن،
ناۋا مەرغۇلىغا دەپ سازلىدىم مۇڭلۇق ساتارىمنى.

زىمىستان جۇتلىرىنى قوغلىدۇق، كەلسۇن كۈتەيلى بىز،
كۈلۈپ كەتسۇن راسا ئويناپ كۆرۈپ روھلۇق باھارىمنى.

ئەگەر كىم قەست قىلىپ بۇزماق ئۈچۈن باغىمغا قول سالسا،
قىلارمەن كۈم ئۇنى، تىكىپ بىر يولى جانىمنى.

ئانام باسقان چىكەمگە: پالۋان ئوغلۇم دېگەن تامغا،
ئالالمايدۇ رەقىبلەر بۇ يادىكار — قۇتلۇق تومارىمنى.

بىرىپ ئېيتىڭ شۇ دىلبەرگە بېغىمنى سەيلە قىپ كەتسۇن،
ئەزىزى قىلدىم تەييار — شەربەتى سۈلۈق ئانارىمنى.

1983 - يىل 1 - ئاي، بېيجىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## قەشقەر ساماسى

زەپ كۆكۈللۈك قەشقەرلىقنىڭ سەيلە ـ ساماسى،
دىلغا شىپا ئەل سازىنىڭ نەغمە ـ ناۋاسى.
سىيغىنىشلىق تەشنالىقى قانماس ئىدى ئاھ،
پەيز بەردى تۈمەن سۈيى گۈلى ـ هاۋاسى.
بىر زامانلار بۇ دىياردا خار ئىدى ئىنسان،
ئەسكە چۈشتى، شۇ زۇلمەتنىڭ جەبىر ـ جاپاسى.
بىرى ئالسا بولاپ ئۆچى تالاپ تۈشمۇ ـــ تۈش،
تۈگمەيتتى ئامبال بەگنىڭ تەمە ـ تاماسى.
ئېزىلىنىپ هەق زار يىغلىساڭ يوق ئىدى داۋا،
ئايرىلمايتتى دەردۇ ـ ئەلەم ئاقۇ ـ قاراسى.
سەرسان بولۇپ پىنهان بىلەن قاقشايتتى كىشى،
كۆز يېشىگە ساقايمايتتى داغۇ ـ ياراسى.
ئېيتەي كەلسە تۈگمەيدۇ كۆگۈللەر زارى،
تولا ئىدى شۇم زامانىڭ دەردۇ ـ بالاسى.

× × ×

شەپەق يېيىپ قۇياش چىقتى، نۇرلاندى جاهان،
كۆلدى ياران، ياڭرىدى داپ ناغرا ـ ساداسى.

ئاتلىنىپتۇ باغ ياساشقا مەردان ئوغۇل - قىز،
باھار ھىدىنغا تولدى ھەر يان — تاغۇ - دالاسى.
قالما كېيىن بۇ چېلىشتا، ئاتلان بەيگىگە،
بوش كەتمىسۇن قۇتلۇق ئانانىڭ مېھرۇ - ۋاپاسى.
ھېيتكاھنىڭ سەنەمىگە ئويىنا ئەزىزى،
ئەنە، قارا كۆتەر سېنى مەشرەپ - ساماسى.

1983 - يىل، 4 - ئاي، بېيجىڭ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئەلگە ۋاپادار

ئەل - يۇرتنى دېسەڭ — كۆڭۈل قويۇپ -
ئىشلە پىداكار،
يارىنى دېسەڭ — بولغىن ئىناق -
بولما رىياكار.
چىمەننى دېسەڭ — باغۋەن ئىزلە -
ياسا گۈلىستان،
سالغىن يېڭى جاي، يەڭ تۇرۇپ بول -
ئۇستا بىناكار.
ئۆمرۈڭنى دېسەڭ — بىر كۈننىمۇ -
بىكار ئۆتكۈزمە،
سوڭغى پۇشايمان — ئۆزگە دۈشمەن -
ئالەم ساڭا تار.
ۋىجدانىنى دېسەڭ — ئاق كۆڭۈل بول -
نەستىن ھەزەر قىل،
مەرد - ئادىل بول، دوستلار ئارا -
بولماي دېسەڭ خار.
ھەق يولنى دېسەڭ — مەزمۇت قەدەم -
بىلەن مېڭەۋەر،
ئەندىشە قىلما، ئارقاڭ مەھكەم -

دوستلار ساڭا يار.

ئاناڭنى دېسەڭ — بەرگەن سۈتنى —

ئۇنتۇما ئەزىزى.

ئەل باقتى سېنى، ئەل ئوغلى بول —

ئەلگە ۋاپادار.

1983 - يىل، 3 - ئاي، بېيجىڭ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

## جانانىنى دېگەن

جانانىنى دېگەن، خۇلقى ئۇنىڭ —
مېھرۇ - ۋاپادۇر،
مەككارنى دېمە، دەردى ئۇنىڭ —
جەبىر - جاپادۇر.
ۋىجدان ئىگىسى يارنى ساتماس —
يار ئۇچۇن قۇربان ...
نومۇسى يوقنىڭ قىلىقى سەت —
كەيپى - ساپادۇر.
گەر ھىيلە بىلەن بولساڭ يېقىن —
كۈلۈر ھەر بالا،
ئامانلىق بەرمەس، قىلغىنى شۇ —
تەنە - تاپادۇر.
قىلسا خۇشامەت قارا نىيەت —
ئالدانما ھەرگىز،
قەلبى ئېرىغنىڭ قەدرى ئۇلۇغ —
قىممەت - باھادۇر.
دوست بولما زىنھار نامەرد بىلەن —
بايقا ئەزىزى،
مەردانە بىلەن ئۇلپەت بولساڭ —
نەغمە - ناۋادۇر.

1983 - يىل، 3 - ئاي، بېيجىڭ.

## «بىلىمدان»

ئەي «بىلىمدان» بولما مەغرۇر، ئۆزگىنى بىلمەس دېمە،
«بارچە بىلىم ماڭا خاس» دەپ، باشقىنى بىلمەس دېمە.

«شېئىرىيەت بالداقىغا چىقتىم ئېگىز» دەپ غادىيىپ،
ئەل ئىچىدە مىڭچە شائىر بارلىقىن بىلمەس» دېمە.

«مەن مۇغەننى» دەپ ئۆزۈڭگە چوڭ تەمەننا قويمىغىن،
ئەل مۇقام ئۇستازلىرى جىق، ماغزىنى بىلمەس دېمە.

ئوينىتىپ كۆز، ئاق كۆڭۈل قىزنى تۇزاققا ئىلمىغىن،
چىن مۇھەببەت سىررىنىڭ مەناسىنى بىلمەس دېمە.

ئەرزىمەس ئەجرىڭگە «مەن» دەپ ماختىنىپ پو ئاتمىغىن،
باش تىقىپ تەر تۆكسە ئۇ، ئەل ئەجرىنى بىلمەس دېمە.

كىم ئەگەر ئەزىز ۋەتەنگە بەرسە جان — مەردانە ئۇ،
مەرد ئۈچۈن شۇ ئىپتىخار، قەدرىنى بىلمەس دېمە.

بىل، ئەزىزى، ئەل ئۇنىڭدەك پوچىدىن بىزاردۇر،
تېشى پال - پال ئىچىنى دوست - يارۇلار بىلمەس دېمە.

1983 - يىل، 5 - ئاي، بېيجىڭ.

## پەيزىلىك ناۋا بولسۇن

(يەكەن سەنئەتچىلىرىگە)

مۇقامغا ئوينىغىن ساز — پەيزىلىك نەغمە - ناۋا بولسۇن.
مۇقام خۇشتارلىرىنى مەست قىلىپ، دەردكە داۋا بولسۇن.

راۋاپىڭنى قىلىپ تەڭكەش، دۇتارلى ئەۋجىگە سايرات،
ۋەتەن ئاسمانىدا ياڭراپ، پەلەكتە خۇش سادا بولسۇن.

جۇلالىق قىز بىلەن مەردان ئوغۇل ساماغا چۈشكەندە،
يارانلار قەلبى ياشناپ، شۇم رەقىب باغرى پارا بولسۇن.

قوشاق قوشقان چېغىڭدا ئۇنتۇما ھەرگىز خالايىقنى،
ئېلىڭمۇ رازى سەندىن، ئالغىنىڭ ئەركىن ھاۋا بولسۇن.

قىزىل گۈل قىسقىنىڭدا باغچىنى چىقارما يادىڭدىن،
ئۇنىڭ ئەجرىگە خاسلاپ چالغىنىڭ تەمبۇر - ساتا بولسۇن.

ئامانىسانى پىر تۇت، ئەلگە داڭ مۇقامچى بول دوستۇم،
ئەزىزى ساڭا ھەمدەم، كىيگىنىڭ ئەتلەس - تاۋا بولسۇن.

1983 - يىل، 9 ئاي، بېيجىڭ.

# يىتمىگەن غەزەل

ئۇ ساڭا قىلسا ۋاپا، سەن قايتۇرۇپ قىلما جاپا.
ئەقسىنى يەرگە ئۇرۇپ، رەنجىتىپ قىلما خاپا.

دەرد ئۈستىگە دەرد قوشۇپ كۆڭلىگە ئازار بەرمىگەن،
توقى ـ لەنەتلەر بىلەن كۆلپەت قىلىپ قىلما تاپا.

بىر ئۆمۈر ئەلنىڭ كويىدا كۆپ ئۈمىد كۈتكەندى ئۇ،
ياكى ئازار، ياكى تەنە — «تۆھمەتلەر» قىلما ئاتا.

بىۋاپا كۆرمەس ھالاۋەت ئەي ئەزىزى ھېچ قاچان،
ئاخىرى شەرمەندە بولۇپ گۆرىدە ھۆكرەپ ياتا.

1983 - يىل، 10 - ئاي. بېيجىڭ.

## قىزىل غۇنچە

ئۆمۈر بىر دېڭىز، گويا كىشى دېڭىزدە بىر تامچە،
ئەگەر دولقۇندا تاۋلانسا ـ شۇ تامچە پارقىرار شۇنچە.

ئۆمۈر يولىدىن ئۆتمەكنى ئاسان چاغلىما ئەي ياران،
جۇدۇن ـ چاپقۇن، داۋان ـ تاغلار يولۇڭدا ئۇچرىشار مىڭچە.

ئەگەر ئەنقار مىنىپ ئۇچماق ئۈچۈن كۆككە نىيەت قىلساڭ،
جىمى مۈشكۈل ئاسان، چولپاننى قۇچماق تەس ئەمەس ئۇنچە.

دېڭىز تولقۇنىنى يەڭمەككە قىلساڭ جۈرئەتتۇ ـ غەيرەت،
ئوكيانلار تەكتىدىن شاللاپ ئالۇرسەن بىباھا ئۈنچە.

ئەزىزىم توختىماي ماڭ، پەللىدە كۆتەر نىجاد يۇلتۇز،
ۋەتەن ـ ئەل ھەزرامان كۆكسۈڭگە تاقايدۇ قىزىل غۇنچە.

1984 ـ يىل، 2 ـ ئاي، بېيجىڭ.

## قەلەم

جانان دېسە، ئازار بەرسە ئۇۋال ئەمەسمۇ.
ياران دېسە، دەككە يېسە ئەلەم ئەمەسمۇ.

تۇلپار مەغرۇر ئەل باغرىنى كەزگەندە ئەركىن،
سالما تاشلاپ يۇگەن سالسا — ئۇۋال ئەمەسمۇ.

ئەل بەختى ئۈچۈن ئارام ئالماي تۆكسە ئىسسىق تەرە
قوشتەن ئېلىپ سۆرەمگە سالسا — ئەلەم ئەمەسمۇ.

كاككۇك تىنماي نالە قىلىپ كۈتسە زەينەپنى،
زەينەپ دېگەن ئاغزىغا ئۇرسا — ئەلەم ئەمەسمۇ.

ئەي ئەزىزى مالال بولماي مىسرالارنى تىز،
رەقىب ئۈچۈن ئۇبدان ساداق قەلەم ئەمەسمۇ.

1984 - يىل، 3 - ئاي.

## ئەل دوستى بول

ئەلنىڭ دوستى بولمىغايكەم — ئېلىنى شاد ئەتمىسە،
چىن ۋاپادار بولمىغايكەم — ئانىنى ياد ئەتمىسە.

باغرىغا يېقىپ ئانا ئۈمىد بىلەن باقسا ئوغۇل،
بولمىغاي پالۋان يىگىت، ئۇندىن رەقىب داد ئەتمىسە.

چىن مۇھەببەت-سۆيگۈنىڭ باھاسى يوق دىلدار ئۈچۈن،
قەدىردان يار بولمىغاي — جانانىنى شاد ئەتمىسە.

ھەر كىشىگە ئانا يۇرت ئەلا — مۇقەددەس ھەممىدىن،
بولمىغاي ۋەتەنگە سادىق — تۆھپە ئىجاد ئەتمىسە.

ئۇنتۇما ھەرگىز ئەزىزى ئۆتمۈشۈڭنى ھېچ قاچان،
گۈل-گۈلىستان بولماس ئەردى باغۋەن ئاۋات ئەتمىسە.

1984 - يىل، 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، بېيجىڭ.

## دوستۇمغا

1

دوستۇم ساڭا بىر سۆزۈم بار ئۇنتۇمىغىن ئەسلا،
يامانلاردىن ياخشىلىقنى كۈتمىگىن ئەسلا.

ئەل - خالايىق كۈتەر سەندىن ئىزگۈ ئۈمىدلەر،
ئەلگە بەرگەن قەسىمىڭدىن يانمىغىن ئەسلا.

مەزمۇت ماڭغىل ئۆز يولۇڭدا بەلنى چىڭ باغلاپ،
يولۇڭ ئۇلۇغ، نىشان پارلاق يانمىغىن ئەسلا.

قار - شىۋىرغان، بوران - چاپقۇن جىق ئالدىڭدا،
مەردانە بوپ ئىلگىرى باس، قايتمىغىن ئەسلا.

قىيىن يولدا ياخشى يولداش بولغاي ساڭا يار،
چىن ۋاپادار دوستتىن جۇدا بولمىغىن ئەسلا.

ئەي ئەزىزى دوستۇمغا سەن قىلدىڭ نەسىھەت،
كۆزۈڭ ئاۋۋال ئەمەل قىلغىن، ياتمىغىن ئەسلا.

2

دوستۇم بىلگىل بىلىم ساڭا ھەممىدىن ئەلا،
ئەنگۈشتەر ئۇ، تۇتقىل مەھكەم گۆھەردىن ئەلا.

جاھاندا بار قىممەتنەرسە بىلىمگە يەتمەس،
باھاسى يوق تۇتىيا ئۇ، لەئەلدىن ئەلا.

بىلسەڭ ئەگەر كۆڭلۈڭ ھامان يورۇق بولغاي،
قاراڭغۇدىن يورۇتقۇچى مەشئەلدىن ئەلا.

ئېزىتقۇغا ئۇچرىغاندا بىلىمىڭگە تايان،
باياۋاندا يول كۆرسەتكۈچ كومپاستىن ئەلا.

بوران - چاپقۇن - دولقۇن ئىچرە بىلىمىڭ بولسا،
كەڭ دېڭىزدا نۇر بەرگۈچى ماياكتىن ئەلا.

ئەي ئەزىزى غايەڭگە سەن يەتمەكچى بولساڭ،
بىلىم چەكسىز، بىلدىم دېمە، بىلگىنىڭ ئەلا.

3

سادىقلىققا جاۋاب بەرگىن ساداقەت بىلەن،
بولما يولداش كۆڭلى قارا ھاماقەت بىلەن.

ئەلگە سادىق، دوستقا سادىق بولغايسەن دائىم،
نومۇسسىزدىن بولغىل ھوشيار پاراسەت بىلەن.

خەلققە سادىق مەرد يىگىتنى بېشىڭدا كۆتۈر،
تۈز كور قىلغۇر ئېبلىسنى ئۆز ماھارەت بىلەن.

كىمكى سېنى دىلدىن سۆيسە سەنمۇ ئۇنى سۆي،
«تاش ئاتقانغا ئاش ئاتمىغىن» غەپلەت بىلەن.

ئاناڭ ساڭا ھايات بەردى، ئىجادلىق بەردى،
ساقلا ئۇنى جېنىڭ بىلەن - جاسارەت بىلەن.

يانما يولدىن، كۈرەش سازىن چېلىپ ياڭرات —
ئەي ئەزىزى خەلقىڭ ئۈچۈن غەيرەت بىلەن.

1984 - يىل، 8 - ئاي، بېيجىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## خۇشتار ناۋاسى

خەستە كۆڭلۈمنى ئېلىپ نازىك بىلەن قىلدىڭ داۋا،
دىلغا ئارام نەغمىلىك سازىڭ بىلەن قىلدىڭ ناۋا.

جان دېدىم - جانان دېدىم خۇشتار دىلىمنى باغلىدىم،
ئەقىدەم بوش كەتمىدى، چىن يار بولۇپ قىلدىڭ ۋاپا.

تەلۋە كۆچلەر قول سوزۇپ خەنجەر ئۈزاتقان چاغدىمۇ،
رىشتىمىز ئۈزۈلمىدى، رەقىب دىلىن قىلدىڭ يارا.

بىر ئۆمۈر دوست - يار بولۇشقا چىن ياران كۈتكەندىم،
ئۈمىدىم ئاشتى ئەمەلگە، خوش - بەخت قىلدىڭ ئاتا.

ئەي ئەزىزى چىققاي ئارمانىڭ گۈزەل يار ئىلكىدە،
خۇشتارنىڭ ناۋاسى ياران قەلبىدە قىلدى سادا.

1984 - يىل، 10 - ئاي، بېيجىڭ.

## چىن يارنى تاپ

بىۋاپانى تۇتما يار قىلغاي ئازاب،
يات مۇغەببەرلەر كۆلەر تامدىن ماراپ.

ئۇ ساڭا يالغان قىلۇر ناز «ئەركىلەپ»،
غەيرىگە جىلۋە قىلۇر چاچىن تاراپ.

ئاڭا قىلغان ئەقىدەڭ كېتۇر بىكار،
بەر ئۆمۈر ئۈمىدلىرىڭ بولغاي خاراپ.

چىن ۋاپادار دوستنى يار تۇتساڭ ئەگەر،
جانىڭغا جان، جانان بولۇر جانىڭغا ياراپ.

ئۇ ساڭا قەلبىنى بەرگەن يارۇ ـ دوست،
يولدا يولداش قايتمىغاي ئارتقا قاراپ.

قەھرىلىك دولقۇن كېلىپ سوققاندىمۇ،
ئۇ، ئەزىزى سەن بىلەن ھەيدەر كاراپ.

1984 ـ يىل، 11 ـ ئاي، بېيجىڭ.

# ھايال قىلما

ئايا دوست ئەرزىمەس سۆزگە ئۆزۈڭنى بەك مالال قىلما،
ئەزەلدىن ئۇ ھارام سۆز تۇرسا، سەن ئۇنى ھالال قىلما.

شېئىر مىسرالىرىڭ سازمۇ ۋە ياكى تەمى يوق مازمۇ؟
تارازا خەلق قولىدا، توغرا ئۆلچەيدۇ، خىيال قىلما.

ئەگەر ھەق پىكىرلەر بولسا ئۇنى رەت قىلمىغىن ھەرگىز،
سۆزۈڭدە بولسا ئىللەت ئەسلى يالغاننى رېئال قىلما.

قەلەمنى تاشلىماق مەردانىگە بولماس راۋا ئەسلا،
بىرەر ناتوغرا سۆزگە ئاغرىنىپ كۆڭلۈڭنى لال قىلما.

سېنىڭ ئەجرىڭ ئەگەر شىپالىق مېۋىلەر بەرسە،
ساڭا ئالىي مۇكاپات ئەل باھاسى، ئۇنى خار قىلما.

ئەزىزى خەلق سېنىڭدىن ئىزگۇ ئەمگەك مېۋە كۈتمەكتە،
بىكار ئۆتكۈزمە بىر كۈن ۋاقتىنى مەھكەم تۇت، ھايال قىلما.

1985 - يىل، 3 - ئاي، بېيجىڭ.

# ئايرىلمىغىن

چىن سۆيەر بولساڭ ئەگەر — جانانىدىن ئايرىلمىغىن،
ئايرىلىش ھىجرى يامان ھىجرانىدىن ئايرىلمىغىن.

تاڭ سەھەر گۈل ئىشقىدا سايراش كۆڭۈل ئارامىدۇر،
گۈل خۇمار بۇلبۇل كەبى خەندانىدىن ئايرىلمىغىن.

گەر غېرىب بەرسە كۆڭۈل، ئاغرىتما يارا قەلبىنى،
قەلبى پاك ساق سۆيگىلىك دىۋانىدىن ئايرىلمىغىن.

تېشى پال - پال زىبۇ - زىننەتلىك سەتەڭدىن قىل ھەزەر،
سۆيگۈ قەدرىنى بىلگۈچى يىگانىدىن ئايرىلمىغىن.

ساڭا دىلداش بولسا بولدى، دىل خۇمارىنى يەكلىمە،
ئۇ ساڭا قىلغاي ۋاپا، يىگانىدىن ئايرىلمىغىن.

گەي ئەزىزى بولما دوست ئالدامچىغا، ھوشيار بول،
ئىشق ئوتىدا جان پىدا پەرۋانىدىن ئايرىلمىغىن.

1985 - يىل، 5 - ئاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# باشقا شېئىرلار

## شانلىق يىللار

1

يىللارنى قوغلاپ.
يىللارنى ئاتلاپ.
يېڭى دەۋرگە،
داستان يازدۇق بىز؛
مۇدھىش زامانىنىڭ
كىشەنلىرىنى،
پولات بولقىدا
ئۇرۇپ چاقتۇق بىز.

2

داۋانلار ئېشىپ،
تاغلارنى ئاتلاپ،

پارلاق مەنزىلگە
قەدەم باستۇق بىز؛
قىزىل ئەلەمنى
قولدىن چۈشۈرمەي.
ۋەتەن كۆكسىگە
ئېگىز تاقتۇق بىز.

3

ماركس تاراتقان،
قىزىل ئۇرۇقنى
تېرىپ ئۇندۇرۇپ،
چېچەكلەتتۇق بىز.
تەر ۋە قان بىلەن،
يېقىپ سۇغىرىپ،
سانسىز ۋە قىممەت،
ھوسۇل ئالدۇق بىز.

4

يىللارنى قوغلاپ،
يىللارنى ئاتلاپ،
ئۇلۇغ يۇرۇشتە،
ئالغا باستۇق بىز؛

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com

پارتىيە ئىلھام،
مەدەت بەرگەچكە،
ئۇلۇغ نىشانغا،
يوللار سالدۇق بىز.

5

توسالماس بىزنى،
بوران چاپقۇنلار!
قورقمىغانمىز بىز
ھەرگىز قورقمايمىز!
چۈنكى،
باتۇر بىز:
بۈيۈكتۇر تىلەك،
ئوتلۇقتۇر يۈرەك،
كۈچلۈكتۇر بىلەك،
باتۇر قوللاردا،
لەپىلدەر بايراق،
ئۇلۇغ غايەمىز—
بايراقدارىمىز.

1964 - يىل، ئۈرۈمچى.

## بىر دەستە قىزىل گۈل

داشۇ قىزى نىيەت باغلاپ،
بardى يېزىغا،

باردى، لېكىن قول قاپاردى
كۆزدىن ياش ئاقتى.

دېھقان بوۋاي قارشى ئېلىپ،
سوزسا قولىنى،
پەسەنت قىلماي بويۇن تولغاپ
پېشىنى قاقتى.

كەتمەن چېپىش، ئەتىمالىم،
ھار كەلدى بولغاي،
«ئەپلىك» بىلىپ بىر ئەترەتنىڭ
قوينىنى ياقتى...

ئاي، يىل ئۆتتى... يۇمران بىلەك
پىشىپ تاۋلاندى،
بۇ يېزىنىڭ ئورغىقى ھەم
كەتمىنى ياقتى.

ئۇستاز تۇتۇپ باغۋەننى ئۇ،
ئەقىدە قىلىپ،

ئەمگەك بىلەن مېۋە ئالدى
مېغىزدىنى چاقتى.
ئەجرى سىڭگەن قىزىل گۈلدىن
بىر دەستە ئۈزۈپ،
ھۆرمەت بىلەن شۇ باغۋەنلىنىڭ
كۆكسىگە تاقتى.

1970 - يىل، 7 - ئاي، ھامخەي.



## ۋەتەن ھەققىدە

ئەي ئېزىز جۇڭخۇا ئېلىم، قوينۇڭدا ئۆستۈردۈڭ مېنى،
مەن سېنىڭ ئوغلۇڭ، بۇ نامىم — پەخرى ئۇنۋانىم مېنىڭ.
جەڭگىۋار دولقۇندا سەن تاۋلاپ چېنىقتۇردۇڭ مېنى،
جان تىكىپ قوغداش سېنى — ئالىي شەرەپ-شانىم مېنىڭ.

دەۋر ئاتلاپ بارچە مىللەت خەلقى يۈكسەلدى ھامان،
كەتتى كەلمەسكە قارا تۈن، يورىدى پارلاق زامان.
بەگ-غوجاملار ئىلكىدىن ئەمگەكچىگە ئۆتتى خامان،
قىلدى يوقسۇلنى خوجايىن يېڭى دەۋرانىم مېنىڭ.

قىلدى باتۇرلار يۈرۈش، ھەر ياندا ئەمگەك قاينىدى،
قەھرىمانلار تاغنى تالقان، چۆلنى بوستان ئەيلىدى.
زوقلىنىپ ھەر بىر زەپەر مارشىغا كۆڭلۈم يايرىدى،
مىڭ تۈمەن داستانغا سىغمايدۇ ھاياجانىم مېنىڭ.

كىم ساڭا قازسا ئورا شۇ ئورىغا چۈشكەي ئۆزى،
كىم ئالايتسا كۆز ساڭا، چىققاي چاناقتىن شۇم كۆزى.
ئىچ-ئىچىدىن ئۆرتىنىپ كۆيگەي جاھان يالماۋۇزى،
ياۋ ئۈچۈن بولغاي گۆرىستان غەلىبە مەيدانىم مېنىڭ.

ئەي ۋەتەن، پارتىيە لۇشيەلى زەپەر ھەم شان ساڭا،
باغرىنى قالقان قىلار پەرزەندە قىز - ئوغلان ساڭا.
مەنمۇ قىلسام بارۇ - يوقىمنى ئاتاپ قۇربان ساڭا،
بەختىيارمەن، قالمىغاي كۆڭلۈمدە ئارمانىم مېنىڭ.

1973 - يىل، 5 - ئاي، بېيجىڭ.



## سالام، پاختەكلە

پاختەكلىنىڭ باتۇرلىرى ـ قەھرىمانلىرى،
قايناق چېلىش يىللىرىنىڭ پالۋانلىرى،
تۈنۈگۈن قۇل، بۈگۈن ئەلنىڭ خوجايىنلىرى،
چىن يۈرەكتىن سىزگە سالام بېرەي دەپ كەلدىم.

غەمخورىمىز ماۋجۇشى يازغانىدى خەت،
قەد كۆتۈرگەن دېھقانلارغا قىلىپ زور شەپقەت.
ئالغا ئۈندەپ بەرگەنىدى ئىلھام ۋە مەدەت،
شۇ مۇبارەك خەتنى كۆزگە سۈرتەي دەپ كەلدىم.

داھىمىزنىڭ غەمخورلۇقى بىباھا قىممەت،
ھەر بىر سۆزى بەردى بىزگە تەڭداشسىز قۇدرەت.
يوقسۇللارغا بېغىشلىدى ئىشەنچ ھەم جۈرئەت،
ئاشۇ جۈرئەت مېۋىسىنى كۆرەي دەپ كەلدىم.

غالىپ تويدا ماۋجۇشىغا سۇنغانىتۇق داستان،
شۇ داستاندا ئىرادىمىز قىلىنغان بايان.
ۋەدە بەرگەن قىلماق ئۈچۈن چۆلنى گۈلىستان،
گۈلىستانغا مەڭگۈ گۇۋاھ بولاي دەپ كەلدىم.

ئۆز ۋاقتىدا بىر سەپ بولۇپ، تۇرگەنىدۇق يەلكە،
زومىگەرگە زەربە بېرىپ قىلغانىدۇق جەڭ.
پاختەكلىنىڭ ئۆز - ئىنىنى يېگەنىدىم مەن،
قەرزدارمەن، شۇ قەرزنى تۆلەي دەپ كەلدىم.

ئاشۇ قەرزنىڭ قىممىتىنى تۇتىيا بىلىپ،
ئالتۇندىنمۇ، ئالماستىنمۇ ئەتىۋار بىلىپ،
پارتىيىنىڭ يولىيورۇقى روھىنى ئېلىپ،
پايتەختتىن سوۋغا قىلىپ سۇناي دەپ كەلدىم.

ئەي پاختەكلە، بوپسەن بۈگۈن راستلا گۈلستان،
قىزىل دەريا ياقىسىدا ياپ - يېشىل بوستان،
ئېتىزلىرىڭ تەكشى سالا، يولۇڭ باراقسان،
تەرىپىڭنى مىسرالارغا تىزاي دەپ كەلدىم.

ئازاد بولدۇڭ ئورنىڭدىن دەس تۇرۇپ پاختەكلە،
قىزىل قۇياش شولىسىدا يورۇپ پاختەكلە،
تېنىتەنىگە چۈمدۈڭ، گۈللەپ ئۆرلەپ پاختەكلە،
بايرىمىڭنى مەنمۇ تەبرىك ئېيتەي دەپ كەلدىم.

ئۆرلە يەنە، ئەي پاختەكلە، جەسۇر قانات ياز،
يايراپ ۋەتەن ئاسمىنىدا ئەيلىگىن پەرۋاز،
پەرۋازىڭدىن ئالەم ئارا ياڭرىسۇن ئاۋاز،
ئاۋازىڭغا، سازىڭغا جۆر بولاي دەپ كەلدىم.

1973 - يىل، 10 - ئاي، قەشقەر.

## شەرەپلىك ئانا ماكان

جۇڭگاڭشەن —
سەن ئىنقىلابنىڭ بۆشۈكى —
تۆمەنمىڭ ئىشچى - دېهقان قۇرغان، مىڭلىغان باتۇر
ياراتقان شەرەپلىك ئانا ماكان:
ئاشتى ئەمەلگە بۈگۈن ئۇزاقتىن بۇيان
ساڭا تەلپۈنگەن، سېنى كۆرسەم دېگەن
ئارزۇ - ئارمان.
جۇڭگاڭشەن —
سەن ئىنقىلابنىڭ ئۇچىقى —
سەندىن چاچرىغان ئۇچقۇنلاردىن
چىققان سانسىز يالقىنلار كۆيدۈرۈپ
كۈل قىلدى كونا دۇنيانى؛
شۇ قىزىل يالقۇنلار تاۋلىدى،
مىليونلىغان چوغ يۈرەك «قاناتلىق
قەھرىمان» لارنى.
جۇڭگاڭشەن —
سەندە — «بۇجۇشەن باغرىدا
ئۇچقان» قىزىل تۇغلار ئۇچماقتا ئەنە
ئەل باغرىدا مىليون بولۇپ.

سەندىن باشلانغان ئۇلۇغ يول بىلەن،
جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرى كۆكرەك كېرىپ
ئالغا باسماقتا قىزىل تۇغنى قولدىن قولغا ئېلىپ.
جىڭگاڭشەن —
ئەنە خۇاڭياڭجېنىڭ غالىپ تۇغى
زاۋۇتتا، يېزىدا جەسۇر جەڭچىلەرنىڭ
ئىرادىسىنى دولقۇنلىتىپ مەغرۇر لەپىلدىمەكتە،
ئەنە ئۇ جومىلاڭما، مۇز تاغ ئاتا چوققىلىرىدا ھەم
شوخ يەلپۈنۈپ جاھان يوقسۇللىرىغا
ئىلھام بەخش نۇرىنى چاچماقتا.
جىڭگاڭشەن —
سەندە پىشقان «بوجۇڭجى» چاچقان
قىزىل ئۇرۇقتىن ئېچىلغان سانسىز قىزىل گۈللەر
دوجۇڭدەك قاپلىدى ئەلنى.
قەھرىمان ھەر مىللەت ئەمگەكچىلىرى
پەلەككە يەتكەن غەيرەت بىلەن يېڭى دۇنيا
قۇرماقتا بوشاتماي بەلنى.
جىڭگاڭشەن —
بىز ياخشى بىلىمىز، بىرى ئۆلسە بىرى
سورۇلۇپ، مارىلاپ زەھەر چاچماقتا
تېنى مىجىلمىغان زەھەرلىك يىلان؛
بىز ياخشى بىلىمىز، بوۋىسىنىڭ يولىدا
مېڭىپ كۆزىنى ئالايتىپ نەشتەر قۇيرۇقىنى
ئوينىتماقتا — تاغ ئارقىسىدىكى مەككار چايان.
جىڭگاڭشەن —

سەندە يېتىلگەن ئىنقىلابىي ئەنئەنىنى
جارى قىلىپ، ياۋنى چەيلەپ داۋانلار ئېشىپ،
غەلىبىنى غەلىبىگە ئۇلاپ باسىمىز ئالغا ھامان؛
چىقمىغۇچە چوققىغا ھەرگىز توختىمايمىز.
«چىقتى بوران، چاقتى چاقماق،
قىلدى جەۋلان تۇغ ئەلەم،
مانا بۇ شۇنداق جاھان.»

1976 - يىل، 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، جەڭگاھتەن

## قارا ئالتۇن

«(قاغىلىق كۆكياردىن نېفىت چىقىش مۇناسىۋىتى بىلەن)

كۆكياردىن قارا ئالتۇن ئېتىلدى كۆككە،
قارقىراپ ئالەمنى تىترەتتى سادا.
ۋەتەنگە ـ خەلققە قىلدى قەسەمىيات،
«ۋەدەمنى چوقۇم مەن قىلىمەن ئادا.»

نېفىتچى باتۇرلار قىلدىڭ جاسارەت،
جاسارىتىڭگە خەلقىمىز ئېيتار بارىكاللا.
جاپادىن قورقمىدىڭ، قىلدىڭ ماھارەت،
ساڭا قايىل ھەممە كىشى، ئېيتار ھەشقاللا.

يەر تەكتىدىن نېفىت پارتلاش ياخشى باشلىنىش
باشلىنىشنى ئاخىرىغا يەتكۈزگۈلۈك.
قىزىل تۇغنى ئېگىز قاداپ ۋەتەن ئارا،
خەلقىمىزگە خۇش خەۋەرلەر يەتكۈزگۈلۈك.

1977 - يىل، ئۈرۈمچى

# بېلىقچى قىز ناخشىسى

تاغ ئېشىپ، يايلاق كېزىپ،
يىلقامنى باقاي دەيمەن.
خىرىس قىلغان بۆرىگە
ئوقۇمنى ئاتاي دەيمەن.

بۈركۈت بولۇپ ئايلىنىپ،
تۈلكىنى باساي دەيمەن.
لاچىن بولۇپ ئاسماندا،
شوخ قانات قاقاي دەيمەن.

تاللاپ ئېسىل گۈللەردىن،
دەستىلەر تىزاي دەيمەن.
ئەتىۋارلاپ شۇ گۈلنى،
چېكەمگە قىساي دەيمەن.

1978 - يىل، بېيجىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تەخسكەشىنىڭ نالىسى

ئاھ! تىست بوندۇم يامان قانداق قىلاي،
سارغىيىپ بولدۇم سامان قانداق قىلاي،
ئويلىسام ھالىم يامان قانداق قىلاي،
كەتتى دەۋرىم ئەمدى مەن قانداق قىلاي؟

ئارزۇيۇم ئۆرلەش راۋاقتا بارىدى،
ماڭا كۆلگەنلەر ئۇ چاغدا خارىدى،
دوستۇ - ئۇلپەتلەر ئۇ چاغدا يار ئىدى،
ئۇچتى ئۇ شېرىن خىيال قانداق قىلاي؟

بەللىرىم زەپ تالدى كالاچ توغرىلاپ،
چاپتىم ئارتتىن تۈلكىلەرچە يورغىلاپ،
پەيتنى بەرمەي ھەر كۆڭۈلنى ئوغرىلاپ،
چىقتى شەرمەندەم مېنىڭ قانداق قىلاي؟

ئەسلىسەم ئۆتمۈشتىكى جەننەتنى مەن،
بەتتىلەر يەپ يالىغان شەربەتنى مەن،
مەززە قىلىپ چاينىغان لەززەتنى مەن،
كەتتى ئۇ كۈنلەر يىراق قانداق قىلاي؟!

1979 - يىل، بېيجىڭ.

## گۈلدەككىنە

(«قۇمۇل ئەدەبىياتى» نى قۇتلاپ)

قۇمۇل قىزى يايراپ چىقتى كۈندەككىنە،
نۇر جامالى خۇددى تولۇنئايدەككىنە.
ناخشىسى جاراڭلايدۇ — ئاۋازلىرى ساز،
تىلى تاتلىق، دىلىغا دەرمان مايدەككىنە.

قۇمۇل قىزى كۈلۈپتۇ شوخ گۈلدەككىنە،
تاۋلانغاچقا يۈرىكى چوغدەككىنە.
پولات كۆكرەك، كۆڭلىدە ئالىي تىلەك،
قۇتلۇق ھايات قۇرىدۇ ئۇ بالدەككىنە.

1980 - يىل، بېيجىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## گۈل

(«تارىم» — «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»نىڭ چىقىشى مۇناسىۋىتى بىلەن)

تارىم گۈلزارلىقىدا ئېچىلمىش بىر گۈل،
قىزىل گۈل بەرگىدە سايراپتۇ بۇلبۇل.
تۇمەنمىڭ غۇنچىلار ھۆسنىگە تولغاي،
قىسار چېكىسىگە مەستانە بۇلبۇل.

گۈلۈمگە سۇ قۇيۇپ باقسامغۇ دەيمەن،
چېكەمگە غۇنچىلار تاقسامغۇ دەيمەن،
بېشىمدا كۆتۈرۈپ گۈل دەستىلەرنى،
گۈل خۇمارىگە ساتسامغۇ دەيمەن.

شۇ گۈلنى ئاسرىغىل سولدۇرما يادوست،
يۈزىگە چاڭ - توزان قوندۇرما يادوست.
ئېپار يەگىلىغ كۆگۈللەرگە داۋا ئۇ،
بوراندىن ساقلىغىل، سولدۇرما يادوست.

1981 - يىل، بېيجىڭ.

## دېڭىز تەسىراتلىرى

ئولتۇرىمەن خىيال سۈرۈپ دېڭىزغا قاراپ،
يانار دولقۇن يېشىل قىرغاق چېچىنى تاراپ.
شاۋقۇنىدىن كېلەر گويا شۇنداق بىر سادا:
«غەربىي دۇنيا يوقسۇللىرى بولدى بەك خاراب...»

ئويلاپ قالدىم: بۈگۈن دېڭىز جىمجىتقۇ ئەجەب،
قايناﻣدىكىن تەكتىدە يا يوشۇرۇن غەزەپ؟!
سۇ يۈزىگە چىقسا پارتلاپ تۇغۇپ ئۇ بوران،
غۇلار ئىدى چىرىك دۇنيا تۈۋرۈكى تەۋرەپ.

شاۋقۇنلىغان دېڭىز ئۈزرە ئۈزىمەن يىراق،
ئۈزىمەنۇ قات - قات دولقۇن تۈگىمەس بىراق.
قويۇق تۇمان باغرىنى يېرىپ چەكسىز ئۇپۇقتا،
يەر جاھانغا نۇر چاچىدۇ ئۆچمەس بىر چىراغ.

داۋالغۇيدۇ تىنىقىدىن تاغ ياساپ ئوكيان،
بىراق كاراپ دولقۇن يېرىپ ئۈزىدۇ ھامان.
لەھەڭ قويغان توسۇقلارنى بۆسۈپ يول بويى،
باھار ئېشىپ نۇرلۇق ئىقبال قىرغىقى تامان.

1981 - يىل، 7 - ئاي، بېيدەيخې.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## مۇبارەك، غۇنچەڭگە ئاتۇش

(«ئاتۇش ئەدەبىياتى»نى قۇتلاپ)

ئانامدەك ئەزىز يۇرت، كۆردۈم چېكەڭدە،
پاكلىقى ۋىجدانىدەك بىر گۈزەل غۇنچە.
شۇ غۇنچە ئاشۇقى بۇلبۇل بېشىغا،
تاڭدىكى شەبنەمدىن چېچىپتۇ ئۈنچە.

شۇ غۇنچە بەرگىدە يانغان جۇلادىن،
قەلبىدە تەلپۈنگەن ئارماننى كۆردۈم.
شۇ غۇنچە كۈچ ئالار ئانا دىياردىن،
دىيارنى كۈيلىگەن داستاننى كۆردۈم.

مەن كۆردۈم كۈيلەنگەن قارلىق چوققىنى،
سۈيىنى كۆپ ئىچكەن ئىرانىنى كۆردۈم.
ئازاقتا ئىزلىدىم مەھمۇد ئىزىنى،
مەئىشەتتە قەدىمى بوستاننى كۆردۈم.

ئەنجۈرلۈك باغلارنى كەزگەندە گويا،
گۆھەردەك تۇيۇلدى ھەر بىر تۈپ گىيا.

بۇلبۇللار سايرىدى، راۋاپ ياڭرىدى،
مەرىپەت يۇرتىدا قاينىدى ساما.

ئاھ، مەنمۇ بولسامتىم ئاشۇ قاتاردا،
نەزمەمنى چالسامتىم مۇڭلۇق ساتاردا.
ۋە لېكىن يول يىراق، تاغلار قاتمۇ قات،
قوزغالدى سېغىنىش دەردى باھاردا.

ئانىجان، ئالدىڭدا يۈكۈنسەم ئىدى،
توپاڭنى سۆيسەمتىم قىلىپ بىر تاۋاپ.
شەپقىتىڭ - مېھرىڭگە چۆمۈلسەم ئىدى،
بەرگەن ئاق سۈتۈڭگە قايتۇرسام جاۋاب.

كۆز يېشىم غۇنچەڭگە چۈشتى تامچىلاپ.
شۇ غۇنچە قەلبىمدە يايماقتا پورەك.
قانداشلىق بۇرچۇمنى قىلماققا ئادا،
ئۇلغايدى ئىرادە، يالقۇنلاپ يۈرەك...

مۇبارەك غۇنچەڭگە ئانا يۇرت ئاتۇش،
غۇنچەڭدىن تۈمەنمىڭ گۈللەر ئېچىلدى.
گۈلزارلىق خۇمارى بۇغرا ئەۋلادى،
ئەقلىدىن يۇلتۇزدەك دۇرلار چېچىلدى.

1981 - يىل، 10 - ئاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# دىل خۇمار

غۇنچىدىن جىلۋە قىلىپ كۈلگەن پورەك،
ئىچىلماي تورىسا ئارمان ئەمەسمۇ؟
قىزىل گۈل ئىشقىدا بىرانە بۇلبۇل،
يەتمىسە مۇرادىغا ئۇۋال ئەمەسمۇ؟

ئاشىقلارنى قىيىنىما لەنىتى رەقىب،
ۋاپادار دوستلارنى قىلمىغىن سەرسان.
پەخەس بول كۆل قىلىپ تاشلايدۇ سېنى،
رەھىمسىز مۇھەببەت، يالقۇنلۇق ھىجران.

يۈرەكلەر رىشتى ئۈزۈلمەس ھەرگىز،
كۆڭۈلگىنى پەرىشان قىلمىغىن جانان.
پەلەكنىڭ گەردىشى تاۋلىدى بىزنى،
ئامراق بىز، ئىناق بىز، يولداش بىز ھامان.

قېنىشسۇن تەلمۈرگەن تەشنا يۈرەكلەر،
دىلخۇمار ناخشاڭنى ياڭرات ئەي دىلبەر.
خەستىلىك دىللارگە بولغاي شىپا ئۇ،
قوشىقىڭ مەردانە، سۆزلىرىڭ شېكەر.

1981 - يىل، 11 - ئاي، بېيجىڭدا.

## ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىغا

(ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىغا مۇكاپات بېرىش يىغىنىدا)

ۋەتىنىمنىڭ پايانسىز گۈلزارلىقىدا،
كۈلۈشتى بەس - بەستە ساناقسىز پورەك.
باغ ئارا سايرىدى خەندانچى بۇلبۇل،
قېنىشماي چاقنىغان تۈمەنمىڭ يۈرەك.

ۋەتىنىمنىڭ بېغىدا گۈلىستانلىقتا،
نى ئارمان سەيلە قىپ ئويناپ يايرىسام،
ئاسرىسام رەڭگارەڭ گۈللۈك شۇ باغنى.
نى ئارمان پەرۋاز قىپ ئەركىن سايرىسام.

ۋەتىنىمنىڭ بېغىدىن ئۈزۈپ بىر جۈپ گۈل،
پەخىرلىك كۆكسۈمگە تاقىسامغۇ دەيمەن.
گۈللەردىن - پورەكتىن دەستىلەر تۈزۈپ،
باغۋەنگە، گۈلچىگە سۇنسامغۇ دەيمەن.

1982 - يىل، بېيجىڭ.

## چىن دوست

ئۇلۇشكۈن سورۇندا بىر دوستنى كۆردۈم،
قولۇمنى چىڭ سىقىپ كۆزىگە ياش ئالدى.
سېغىنىش ھىجرانى قوزغالدى بولغاي،
تۇتالماي ئۆزىنى يىغلاپمۇ سالدى.

گايىلار جەمەت ئەمەس، ئۇلۇسداش ئەمەس،
نېمەشقا شۇنچىلىك قەدىردان ساڭا؟
گايىلار تەڭ ئۆسكەن قەدىناس ئەمەس،
قەدىناس «دوستۇڭ» دىن ئىناق ئۇ ساڭا؟

قەدىردان دوستلارنى باغلىغان رىشتە،
ئۈزۈلمەس، رەقىبلەر ئۇرسىمۇ خەنجەر.
ۋاپادار دوستلۇقنىڭ ئىرادىسى قۇرچ،
ئىبلىسلەر كۆكسىگە بولۇر ئۇ نەشتەر.

1982 - يىل، 1 - ئاي، بېيجىڭ.

# ئىلى ناۋاسى

(«ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىل 1 - سانىدا يولداش تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرىنى «ئوغرى» دېگەن بۆھتانغا جاۋابەن يازغان «ئوغرىنىڭ ئەسلىمىسى» دېگەن داستانىنى ئوقۇغاندىن كېيىن)

ئىلى دەريا دولقۇنىنىڭ ئاۋازىدىن،
ئايان بولدى ئەجەب بەلەن بىر داستان.
شۇ دولقۇنىنىڭ ناۋا يەڭلىغ سادالىرى،
تىيانشاندا جاراڭلايدۇ امان - زامان.

ئوغرىمىكىن ۋە ياكى ئۇ توغرىمۇ؟
سوراپ باققىن بوغدادىن، تەيخاڭشەندىن.
ئەل ئۈچۈن جېنىن بەرگەن پالۋاننىڭ،
قىسسەلىرى پۈتۈلۈپتۇ قىزىل قاندىن.

ئورتاقلىشىپ دۈم كۆمتۈرگەن ياۋ تەختىنى،
قەلبى بىر ئىناق ئاداش سىدىق - لاۋ ياڭ؛
تاپالمىغاچ ھېچبىر جايدىن خىلۋەت—دالدا،
قويرۇقىنى تىكىۋەتكەن پوچى لاۋجاڭ.

ئىلى دەريا بويلىردا ئاققان قالدىن،
كۆلدى ياپراپ رەيھان بىلەن قار لەيلىسى؛
بۇلبۇل كەبى گۈل - غۇنچىغا ئاشىق بولسالىڭ.
كۆزدە كېلەپ تاماشا قىل باغ سەيلىسى.

1982 - يىل، 5 - ئاي، بېيجىڭ.

## قار لەيلىسى

تىيانشان باغرىدا — تاغنىڭ كۆكسىدە،
بارىكەن بىر غۇنچە — ئېتى قار لەيلى.
پەرۋاز قىلىپ سامادا سايرايدۇ لاچىن،
بولغاچقا شۇ گۈلگە ئەزەلدىن مەيلى.

كېچىلەپ - كۈندۈزلەپ ئۇزۇن زامانلار،
كۈتتى ئۇ تاقەتسىز ئاشۇ لەيلىنى.
«كۈلسىدى چاپسان» دەپ تىلەر ئىدى ئۇ،
كۈلدۈرسە ئەل - يارنى، كۆرسە سەيلىنى».

تاڭ سەھەر ئالدىدا، شەپەق نۇرىدا،
چالاردى پاددىچى پىغانلىق بىر نەي،
قىلاردى جانانىدىن ئارزۇ - ئىستەك.
تولدۇرسا جامىغا سۈيۈنچىتىن مەي...

ئۇيۇقتىن كۆرۈندى مەردانە سۇمرۇغ،
بۇلۇتلارنى تىلىپ كۈن نۇر چاچقاندا.
نەيچىمۇ، لاچىنمۇ بولدى شادىمان،
جامىغا مەي تولۇپ، يۈرەك ئاچقاندا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاڭ نۇرى پەيزىگە تولۇپ شۇئان،
چوققىدا پادىچى جاراڭلاتتى نەي.
لاچىننىڭ مەيلىگە كۈلۈپ يايرىغان،
گۈل لەيلى ھۆسنىگە سەپتى شېرىن مەي.

1982 - يىل، 5 - ئاي، بېيجىڭ.

## ناخشىچى قەشقەر قىزىغا

(قارىماي سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ناخشىچىسى قەشقەرلىق پەرىدەنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن)

سايرا گۈلىمىز، بەرمىگىن بۇلبۇلغا يول،
ئەل سۆيەر، ئەل سازچىسى — مۇقامچى بول.
ئۇشلا مەزمۇت دۇتارىڭنى ئۈزمە قول،
ئېيت شۇ ناخشاڭنى گۈزەل قەشقەر قىزى.

بەك يېقىملىقكەن دۇتارىڭ نەغمىسى،
قاندى ئارمان، دەردكە دەرمان نەزمىسى.
زوقىغا تولدى يارانلار بەزمىسى،
ئېيت شۇ ناخشاڭنى بەلەن قەشقەر قىزى.

بارمىقىڭ تار بىللە زەپ ئوينايدۇ شوخ،
ئۈز سەياقىڭ زەپ ئېسىل ئالەمدە يوق.
بىر كۆرۈپ ئالسا كىشى ئارمانى يوق،
ئېيت شۇ ناخشاڭنى چېۋەر قەشقەر قىزى.

كۆزلىرىڭ چاقماق چېقىپ ئوينايدىكەن،
تىللىرىڭ تاتلىق - چۆچۈك سايرايدىكەن.

ئاڭلىسا ناخشاڭنى دىل ياپرايدىكەن،
ئېيت شۇ ناخشاڭنى چۈچۈك قەشقەر قىزى.

زەرمۇ ئۇ، يا مىسمەكەن، زەرگەر بىلۇر،
ساز تىلىن سازغا ھەۋەس ئەرەن بىلۇر.
چىن مۇھەببەت قەدرىنى ياران بىلۇر،
ئېيت شۇ ناخشاڭنى چېچەن قەشقەر قىزى.

ئەسلىدە نەغمە ـ ناۋا خۇمارىمەن،
نەغمىچى سازەندىلەر خۇمارىمەن.
دىلغا ئارام قوشقىنىدىن رازىمەن،
ئېيت شۇ ناخشاڭنى ئۇماق قەشقەر قىزى.

نەغمىگە قوشتۇڭ ناۋا سازىڭ بىلەن،
نەزمىگە قوشتۇڭ ھۇزۇر نازىڭ بىلەن.
بەزمىچى بەرگەي سالام تازىم بىلەن،
ئېيت شۇ ناخشاڭنى لەۋەن قەشقەر قىزى.

1982 ـ يىل، 7 ـ ئاي، بېيجىڭ.

## ياد ئەتمىدى

«قەدىردان» دوستۇم مېنى ياد ئەتمىدى،
«مېھرىبان» يارىم مېنى شاد ئەتمىدى.
قەدرى - مېھرى - مەقسىتى ئالدام ئىكەن،
كەتسە مەيلى، دىلدا داغى كەتمىدى.

بىر زامان بىرانە بوپ كەتمەس ئىدى،
خارلىدى ئەمدى مېنى، ئەسلەشمىدى.
بىر قىراپ «جانىم» دېسە بىلمەپتىمەن،
ئۆرىدى يۈز، ئەقىدەمگە يەتمىدى.

بەلكى ئازغاندۇر دېدىم، بوپتۇ دېدىم،
ياپتى چۈمبەل ئۇ، يۈزى كۆرسەتمىدى.
قولنى ئۈز ئۈندىن ئەزىزى ئەمدى بەس،
ئۆزىگە قىلدى، بۇ ساڭا ھەسرەتمىدى.

1982 - يىل، 12 - ئاي، بېيجىڭ.

## ئۆيقۇدا ياتما

ۋاپاسىز يار، مېنىڭ باغرىمغا ئاتما.
سەمەرقان ئالمىسىدەك چۆلگە ئاتما.
يىلىڭ - قان - تەرلىرىم بولدى ساڭا قاپ.
غېرىب بازاردا ئاتەزدەك ساتما.

ئاتاق - نام - قەسىرلەر بولدى ماڭا تار،
ماڭا ئەركىن ماكان تاغدىكى، ساتما.
مېنى ئالەمدە يوق «مەردان» دېگەنىڭ،
يۈزۈڭنى داپ قىلىپ ياماڭغا قاتما.

ئۇ «شېرىن» سۆزلىرىڭدىن تويدۇم ئەمدى،
مېنى بىزار قىلىپ ناخشاڭغا قاتما.
بەختلىق دەردىنى چەكتىڭ ئەزىزى،
يېتەر بەس، مەستلىك ئۇيقۇسىدا ياتما.

1982 - يىل 12 - ئاي، بېيجىڭ.

## مەنىداشلىق

1

كىشى سۇنغان ناپاك نەرسىنى ئالما،
ئەجىر قىلىپ ئۆزۈڭ ئۆستۈر ئۆز ئالما.
بۆلەكنىڭ ئېتىغا كۆزۈڭنى سالما،
ئۆزۈڭ باققان تېيىڭغا تاشلا سالما.
چېلىشتا ئالدىدا ماڭ، ئارتتا قالما،
كېيىن پۇشايمان قىلىپ ھەسرەتتە قالما.

2

نىشاننى چەنلىمەي ئوقيانى ئاتما،
ساداقىڭ تەگمىسە يالغان پو ئاتما،
مۇغەممىر بەرسە ئۆي، ۋىجداننى ساتما،
مىننەتلىك قەسرىدىن مىڭ ياخشى ساتما.
دالىدا بۆرىگە قويۇڭنى قاتما،
ياماننى ياخشى دەپ ناخشاڭغا قاتما.

كېلۈر قىزچاق ئەنە بېشىدا ياغلىق،
پولۇ يېپكەندە، بەلكى قولى ياغلىق.
تەمە قىلما بۇ قىز يارغا ئاتاقلىق،
قولى كۆل شايىچى، يۇرتتا ئاتاقلىق.

1983 - يىلى 3 - ئاي، بېيجىڭ.

# مۇبارەك بولسۇن

(مىللەتلەر نەشرىياتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىغا)

ئاستانا بېغىدا كۈلۈپ ئېچىلدى،
تۈمەنمىڭ قىزىل گۈل بەرگىدى غۇنچە،
ۋەتەننىڭ قوينىدا تەشنا بۇلبۇلغا،
سېپەلدى گۈللەردىن ھېسابسىز ئۈنچە.

تىيانشان باغرىدا — گۈلىستانلىقتا،
غۇنچىغا ئاشىقلار ئاچتى كەڭ قۇچاق.
ھەم كۆرۈپ، ھەم سۆرۈپ غۇنچە پەيزىنى،
سۆيۈندى چىن دىلدىن، بولدى ۋاقتى چاغ...

ئوتتۇز كۈز – باھارنىڭ ئەركىن قوينىدىن،
يېتىشتى بەك گۈزەل مىڭلىغان غۇنچە.
ۋە يەنە تىلەيدۇ گۈل خۇمار بۇلبۇل،
تېخىمۇ ھۆسنىلىك ھېسابسىز غۇنچە.

1983 - يىل، s - ئاي، بېيجىڭ.

## قۇرۇلتايغا مەدھىيە

(1983 - يىل 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا خەلق سارىيىنىڭ شىنجاڭ زالىدا شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى يىغىنىدا ئوقۇلغان)

ئۇلۇغ ۋەتەن شۆھرىتى ئاستانىدا،
قايىندى يەنە بىر قۇتلۇق تەنتەنە؛
كۆرەشچان يىللارنىڭ ھوسۇل بايرىمى،
ئىلىمىز شەنىگە بولدى ئەنئەنە.

قانداقمۇ داستان يازمىسۇن شائىر،
جاراڭلىق قوشاقلار قوشۇپ نەزمىدە،
خۇشاۋاز قىز - يىگىت ساماغا توشتى،
«دىيۇتىيەنمۇ بار» نەغمە - ناۋا، شوخ بەزمىدە.

ئەسىرلەر تۆكۈلگەن ئىسسىق قانلاردىن،
يارالدى تۈمەنمىڭ گۈلزار چىمەن باغ؛
ھەر بىر گۈل — غۇنچىسى تۇتتىيا بىزگە،
ئاسرايمىز ئەبەدىي، تەككۈزمەيمىز داغ.

داۋانلار ئاشىمىز، ماڭىمىز ئالغا،
توسالماس پالۋاننى شىۋىرغان - بوران.
نىشانغا — پەللىگە يېتىمىز چوقۇم،
بۇ بىزنىڭ ئىرادە — جەڭگىۋار، ئۇران.



## راۋاپ قوشىقى

( بۇ قوشاق يەكەن سەنئەت ئۆمىكىنىڭ «ئۇلانمۇچىر» چە سەنئەتچىلەر كۆرىكىدە قويغان ئويۇننى كۆرۈپ يېزىلغان)

مېنى كىم؟ دەپ سورىسىلا،
يەكەن قىزى راۋاپچى.
قوشىقىمنى ئاڭلىسۇن،
ئىشچى ـ دېھقان، كاۋاپچى.

يەكەن دەريا بويىدا،
ئوينايدىكەن ئۆدەك ـ غاز.
ئەمگەك سۆيەمەس يىگىتكە،
توقاچ تۈكۈل زاغرا ئاز.

يەكەن دەريا سۈيىدە،
ئوينايدىكەن شوخ بېلىق.
كەتمەننى تاشلاپ قويۇپ،
كۆرسەتمىگىن سەت قىلىق.

كەتمەنچىنى تاپىمساڭ،
بولۇپ قالىسەن دەردمەن.

قىز كېرەك بولسا ساڭا، :
دەمبەس بولۇپ چاپ كەتمەن.

يەكەن دەريا سۇلىرى،
ئويناپ ئەگىپ ئاقىدۇ،
ئەمگەكچى مەرد يىگىتكە،
قىزلار كۈلۈپ باقىدۇ.

ئەي يىگىت كۆزۈڭگە باق،
قىزغا تەتۈر قاش ئاتما،
ھورۇن بولساڭ سۆيمەيدۇ،
سەن ئۆزۈڭگە تاش ئاتما.

يىگىت بولساڭ ئوبدان بول،
قىزلار كۆرسۇن ئىشىڭنى.
مايماق دەسسەپ، لاغايلاپ،
كۆرسەتمىگىن چىشىڭنى.

ئالدانمايدۇ ھېچقاچان،
بۇ زاماننىڭ قىزلىرى.
كايىمىغىن - ئۆز يىگىت،
بىكار كېتۇر ئىزلىرى.

ئادەم بولىمەن دېسەڭ،
تاپ بەختلىك ياخشى يول.

نادانلىقتىن قاچ يىراق،
ئۆز - ئۆزۈڭگە ئەگاھ بول.

ئىشلىگەنلەر دان ئالۇر،
ئىشلىمىگەن بىر قاپ سامان.
ئەمگەك قىلغان ياشايدۇ،
ھورۇننىڭ ھالى يامان.

يۇرتىمىزدا كۆردۇڭمۇ،
بەختلىك جۈپ ياشلارنى.
قولى ئالتۇن، كۆڭلى توق،
ھوشيار - سەگەك باشلارنى.

تاپتىم چىقىپ سول دەسسەپ،
ئايىنغانلار يوق ئەمەس.
ئۇلارنىڭ ھالى خاراپ،
بەختى يامان، كۈنى تەس،

ئەي دوستلار قۇرايلى بىز،
تۆتتە ياخشى ھۆر زامان
يۇرتىمىز بولسۇن پاراۋان،
ئېلىمىز بولسۇن ئامان.

1983 - يىل 9 - ئاي، بېيجىڭ.

## مەرداننە ئالغا

(مەملىكەتىمىز 5 - قېتىملىق تەنھەرىكەت كۆرىكىگە بېغىشلاپ)

ۋەتەنىنىڭ قوينىدا — خاڭپۇ بويىدا،
توپلاندى تۈمەنمىڭ باتۇر - ئوغۇل قىز.
بوۋىسى قولىدىن ئېلىپ قىزىل توغ،
ئىز بېسىپ جەڭگىۋار ماڭدى مەزمۇت تېز.

ئەنە قاراڭ مەيداندا ئاجايىپ دولقۇن،
ئەمەس ئۇ ئوكيان، ئادەم دېڭىزى.
مەردانە يىگىت - قىزلار بەيگىسى ئۇ،
قۇياشتا پارقىرار ئۇلارنىڭ مەڭزى.

تېنىڭنى چىڭىتقىن تاۋلاپ ئىرادە،
مەردانە ئالغا باس جۇڭخۇا ئەۋلادى.
پەللىدە نۇر چاچقان قۇياشقا يەتكىن،
شۇ نۇردا قانغۇسى ئەلنىڭ مۇرادى.

1983 - يىل، 9 - ئاي، شاڭخەي.

# هاكاۋۇر

تونۇگۇن بىر هاكاۋۇر تازنى كۆردۇم.
گەدەنكەش، بۇرنى ئېگىز غازنى كۆردۇم.
كۆك تاشقا مىنىپ ئاپتۇ گويا ئەرشنى،
پايلاقچى هەم يالاقچى مۇزنى كۆردۇم.

دېدى ئۇ: «ئۇرسام سېنى دېمىگىن ۋاي».
دېدىم مەن: «قول ياندۇرسام دېمىگىن هاي».
دېدى ئۇ: «مەن بىر باشلىق بايقاپ سۆزلە».
دېدىم مەن: «يان پەيلىڭدىن، چىشلەيسەن لاي».

دېدى ئۇ: «كۆردۇڭمۇ يېڭەلىرىم ماي،
دېدىم مەن: «هەيۋە قىلىپ سويدۇردۇڭ تاي.
دېدى ئۇ: «پەخەس بولغىن هەي پەسكاداي.
دېدىم مەن: «بوپسەن تازا بىر زالىم باي.

بۇ هاكاۋۇر كاپشىپ ئۇزاق پو ئاتتى،
مايماق دەسسەپ ئاخىرى موللاق ئاتتى.
قارا كۆڭۈل هىيلىگەرنىڭ هالى شۇنداق،
ئۆزى قازغان ئورىدا لايدا ياتتى.

1984 ـ يىل، 2 ـ ئاي، بېيجىڭ.

# ئەنقار پەرۋازى

(6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ
4 - يىغىنىغا بېغىشلايمەن)

دۇنيانىڭ شەرقىدە — ئالەم قوينىدا،
پەرۋاز قىپ ئۈزمەكتە ھەيۋەتلىك ئەنقار؛
ئەنقارغا ئەگىشىپ پەلەك قەھرىدە،
مەردانە كەزمەكتە مىليون شۇڭقار.

ئاستانا مۇنارى چاقناتقان نۇرنى،
سەييارە يەتكۈزدى پۈتكۈل ۋەتەنگە؛
ئالەمنى ياڭرىتىپ كۈلگەندە ئەنقار،
خۇش خەۋەر ساداسى تارالدى ئەلگە.

پالۋان ئەنقارنى توسالماس چاپقۇن،
تاۋلانغان بورانلار ئىچرە جەڭلەردە.
قېنىكى كەپ باقسۇن ئەمدى قۇزغۇنلار،
تەقدىرى ئۆلۈمگە مەھكۇم بۇ ئەلدە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەنقارىنىڭ مەدەنىيتى – ئىلھامى بىلەن،
شۇڭقارلار – لاچىنلار بىلەن ئۇچتۇم مەن.
ۋەتەنىنىڭ جەڭگىۋار ئوغۇل – قىزىغا،
سامادىن چېچەكلەر – گۈللەر چاچتىم مەن.

1984 – يىل، 5 – ئاي، بېيجىڭ.

## ئۇستازلىق — ئالىي بەخت

ئايادوست قەدىرلە مۇئەللىم ئەزىز،
قەلبى پاك، ساپ نىيەت، تىللىرى لەزىز.
ھەركىمگە قەدىردان مېھرىبان ئانا،
مۇئەللىم بالىغا ئېرور باش پانا.
مۇئەللىم بولمىسا بولماس مۇئەللىم،
مۇئەللىم بولمىسا بولمايدۇ ئالىم.
مۇئەللىم بولمىسا كۆلمەيدۇ مىللەت،
مۇئەللىم بولمىسا باسىدۇ ئىللەت.
مۇئەللىم ئىنسانغا بىلىم بەرگۈچى،
مۇئەللىم ئەل ـ يۇرتقا نۇرلار سەپكۈچى.
بىلىمسىز دۇنيا ئۇ، قاراڭغۇ زۇلمەت،
كىشىگە نادانلىق كەلتۈرەر كۈلپەت.
بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ياخشى ئېيتىپتۇ،
جەۋھەردىن گەۋھەردەك پۈتۈك پۈتۈپتۇ:
«ئەقىللىق ئۇقار، ئول بىلىملىك بىلۇر،
بىلىملىك، ئەقىللىق تىلەككە يېتۇر.
كىشىگە ئېرور كۆپ ئەقىل پايدىسى،
بىلىم بىلەن ئىنسانلار ئەزىز بولغۇسى.
ئۆسەر ئەر ئەقىلدىن، بىلىمدىن ئۇيۇر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ ئىككى بىلەن ئەر قەدىرلىك بولۇر.
ئەقىلدۇر ساڭا ئاتىت قىلىمەن ئاداش.
بىلىم چىن مېھرىبان ساڭا قېرىنداش».
«قۇتادغۇبىلىك» تە پۈتۈلگەن بۇ سۆز.
كۆڭۈلدىن ئاڭلىساڭ ئېچىلغۇچى كۆز.
شۇ ئېسىل بىلىمنى بېرۇر مۇئەللىم.
ياش ئۆسمۈر ئەۋلادقا بېرىدۇ بىلىم.
شاگىرتلار ئۇستازنى ئۇنتۇماس ھەرگىز.
كۆڭلىنى ئۇنىڭدىن سوۋۇتماس ھەرگىز.
بىلىملىك بالىسىنى كۆرگەندە ئانا.
ئۇستازغا تەشەككۈر ئېيتىدۇ يەنە.
شاگىرتلار — ئانىلار مۇھەببىتىدىن.
ئەلاسى تېپىلماس ئۆمۈر بېتىدىن.
قەرزدۇر، ئەلادۇر ئۇستاز ھۆرمىتى.
روھقا روھ بېرەر شاگىرت رىغبىتى.
كىشىگە ئەڭ ئالىي بەخت ئۇستازلىق.
ھەرقانچە مۇكاپات قىلىدۇ ئازلىق.
ئەي ئۇستاز ئىشىڭنىڭ باھاسىنى بىل.
ئۆمرۈڭنىڭ مەنالىق ساپاسىنى بىل.
چوغ يۈرەك ياشلارغا ئۆگەتكىن غايە.
يىلتىزسىز پوتىرەك بېرەلمەس سايە.
ئەسلىدە ئۆزۈڭمۇ ئىدىڭغۇ شاگىرت.
ئەمدى ئۇستاز بول ھەم بولغىن شاگىرت.
ئۆلمەيسەن - ياشايسەن خەلق قەلبىدە.
ئەمگىكىڭ بەدىلى ئەلنىڭ قەلبىدە.
بىر كۈنلەر قەبرەڭدە ئۈنگەي قىزىل گۈل.
مەدھىيىلەپ تۆھپەڭنى سايرىغاي بۇلبۇل.

1985 - يىل، 8 - ئاي، يەنتەي.

## بوخاي بويىدا

تۇرىمەن يەنتەيدە دېڭىزغا قاراپ،
ئالدىمدا ئېچىلدى بىپايان بوخەي.
ئاراللار كەينىدە تۇرار مەردانە.
ۋەتەننىڭ ساقچىسى قەھرىمان ۋىخەي.

بىر زامان بۇ دېڭىز بولغاندى جەڭگاھ.
پالۋانلار تىلىغاندى غالىپ سۆجىكى.
دېڭىز قاراقچىلىرى ئەدىپىنى يەپ،
بېلىققا يەم بولغان، قالمىغان جېنى.

ۋەتەننىڭ كۈن چىقىش دەرۋازىسىنى،
دۈشمەندىن ساقلىدى مەزمۇت ليۈگۇنداۋ.
زەرپ بىلەن كۆپ قېتىم قايتۇردى ياۋنى،
دېڭىزچى قورغىنى باتۇر پېنلەي داۋ.

قەھرىمان جەڭچىلەر قايتمىدى ئارتقا،
ۋەتەننى جان بېرىپ ساقلىدى ھامان.
قۇترىغان دۈشمەنلەر بۇرنىغا يېدى،
چى جىڭگۇاڭ، دېڭ شىچاڭ بولغاچ قوماندان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يېڭىچە زاماندا ئۆمۈر سۈرگەندە،
قان بەرگەن قۇربانىنى ئۇنتۇما دوستۇم.
شۇ قانلار بەدىلىگە ئۈنگەن گۈللەردىن،
ئەڭ ئەزىز گۈلدەستە سوۋغا قىل دوستۇم.

1985 - يىل، 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى يەنتەي —
چاڭ داۋ.

## مەڭگۈ ئىناق

(ماۋجۇشىنىڭ «مېيخۇا گۈلىگە مەدھىيە» دېگەن شېئىرىنىڭ ئىلھامى بىلەن)

قارلەيلىسى مېيخۇا بىلەن بىر بەرگىداش،
رىشتىسى بىر، قەھرىتاندا سولماس بىراق.
تاغ ئارا مۇزلار قېتىپ، قار چوققىنى باسقاندىمۇ،
«گۈللىگەي ئاندا تۆكۈپ گۈل خۇشپۇراق».

ۋەتەن خەلقى ئەزەلدىن بىر قېرىنداش،
نىيىتى بىر، قەلبى بىر، مەڭگۈ ئىناق.
قار شىۋىرغان، بوران-چاپقۇن ئالدىنى توسقاندىمۇ،
نۇرلىگەي ئىلكىدە ئەڭگۈشتەر چىراغ.

1965 - يىل، 8 - ئاي، ئۈرۈمچى.

## مۇبارەك تويۇڭغا، ئەي ئەزىز ماكان

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىغا)

### كىرىش سۆز

مۇبارەك تويۇڭغا، ئەي ئەزىز ماكان،
سۇندۇم مەن گۈللەردىن تىزىپ گۈلدەستە.
بۇ شانلىق ئۇتۇقلار كەلمىدى ئاسان،
چىلىشچان يىللىرىڭ ساقلاقلىق ئەستە.

### تەقدىرداش

گۈللەنگەن باغ كەبى گۈزەل ماكاندەپ،
قەدىمدىن جاھانغا تونۇلغان دىيار.
بىپايان زېمىندا شۇڭقار يەڭگىدەك،
كېزىپ تاغ - يايلاقلار، ئوينىتقان تولپار،

ھۆرمەتلەپ قەلبىدىن ئەلچى جاڭ چيەننى،
ئاشۇ ئەل قۇچاقلاپ باغرىغا باسقان.

«خۇش كەيسىز، مەرھەمەت، تۆر گە چىقىڭ» دەپ،
مەزدەر تولدۇرۇپ سۇنغان داستىخان.

غەربىي يۇرت شەرق بىلەن بولۇپ ئىناق دوست،
ئۆگەندى - ئۆگەتتى ئۆز ئارا بىلىك.
چاڭئەندە ياڭرىسا سۇجۇپ① نەغمىسى،
كاۋچاڭدا② چاچتى ھىد دۇكاڭ③ مەزىلىك.

پالۋانلار قولدىشىپ قۇرۇپ پولات سەپ،
ئۈيناتتى جەڭگاھتا قىلىچ ۋە قالقان.
يات - ياۋلار يېڭەچكە ئەجەل گۆرزىسى،
باشلىرى يەنجىلىپ بولدى قۇم - تالقان.

چاچقاندا چۈي يۇەن، لى بەي مەشئەللىرى نۇر،
خانتەڭرى قوشاققا قوشتى قەدىرلەپ.
خۇاڭخې دولقۇنلىرى ياڭراتتى سادا،
يۈسۈپنى، مەھمۇتنى قۇتلاپ، مەدھىيلەپ.

ئىجادىي ئەمگەكى، قان تەرى بىلەن،
قېرىنداشلار بىرلىكتە بوستان ياراتتى.
ئۆز ئەمەس، ئۆزگىمۇ بەھرى ئالغاي دەپ،
يەپەك يولىدىن مەرىپەت نۇرى تاراتتى.

---

① سۇجۇپ — مىلادى 6 - ئەسىردە ئۆتكەن كۇچارلىق ئۇيغۇر مۇزىكانتى ۋە مۇزىكا نەزەرىيىچىسى — ن
② كاۋچاڭ — ئىدىقۇت.
③ دۇكاڭ — غەربىي خەن خاندانلىقى دەۋرىدىكى مەشھۇر شاراب.

## غەلبە

جاھالەت - قاپاھەت بولغاچ ئۇ زامان،
خان - بەگلەر باشلاردا ئويناتتى قىلىچ.
ئەگرىلغان جانلارغا بولۇپ باشپانا،
نۇرلۇق يول كۆرسەتتى ئەنقاردەك ئىلىنچ.

قان يۇتۇپ تاقىتى پۈتكەن خالايىق،
زۇلۇمغا زاۋالنىڭ توپىنى ئاتتى.
پارتىيە باشلىغان زەپەردەس قوشۇن،
غەلبە سادىسىنى ئەلگە تاراتتى.

ئادالەت چاقمىقى تىغدەك يالتىراپ،
زۇلۇمنىڭ بۇلۇتىن يىرتتى، قوغلىدى.
شەرقتىن نۇر چېچىپ بالقىغان قۇياش،
تەلمۈرگەن جانلارنىڭ قەلبىن چوغلىدى.

مېيخۇا گۈل تاقىغان جۇگيۇەن ① قىزلىرى،
قۇياشنى مەدھىيەلەپ ئۇردى شاد خەندان.
شۇ گۈلكە ئەۋجىدە يۈتىيەن قىزىمۇ،
سامانى قىرىتىپ ئەيلىدى جەۋلان.

## تەنتەنە

ئانا يۇرت ئالدىڭدا گۈلىستان بۈگۈن،
ھۆسنۈڭنى گۈللەپتۇ خۇشخۇي چىرايلار.

① جۇگيۇەن — ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك.

غۇنچە بوي قىزلىرىڭ، بەرنا يىگىتىڭ،
قۇرۇپتۇ كارامەت قەسىر ـ سارايلار.

ئالتۇن قۇت بۆشۈككە ئەركە بوۋاقتەك،
ئوتتۇز يىل مۇقەددەم بۆلەنگەنىدىڭ.
دەۋرىڭنىڭ مېھرىدە ئۆسۈپ يېتىلىپ،
مانا سەن يىگىتلىك تويۇڭ ئوينىدىڭ.

شادلىقتىن يايرىغان ئەي ئەزىز ماكان،
يارانلار تويۇڭغا باقار ھەۋەستە.
قۇتلۇقلاپ ھۆرمەتتە سۇنماقتا شۇدەم،
ئەي ئانا، ئوغلانلىرىڭ ساڭا گۈلدەستە.

شۇ گۈللەر بەرگىدە كۈلگەن شەبنەمنىڭ،
چېھرىدە پارلايدۇ ئۈمىد قۇياشى.
پۈتىدۇ كۆرەشچان ئەۋلاد قولىدا،
بىر قىلىپ بولمىغان ئىشنىڭ چالىسى.

بۇ ئەۋلاد يېڭى كۈچ، تۇيغۇسى قايناق،
ئۇ، يېڭى تارىخنىڭ ياراتقۇچىسى.
قەلبىدە دولقۇنلار ئىزگۈ غايىلەر،
قورقماس ئۇ چېلىشنىڭ باتۇر جەڭچىسى.

پەخىرلەن، زامانەڭ ـ ئەۋلادىڭ بىلەن،
كۈل بۈگۈن، كۈل دىيار، كۈلگىن قاقاقلاپ.

ئالدىڭدا ئىستىقبال يۇلتۇزى ئەنە،
يانماقتا كۆز قىسىپ كۈلۈپ، چاراقلاپ.

شۇ ئۆتكەن يىللىرىڭ زەپەر يىللىرى،
ئەسلىدە ئۆزۈڭمۇ زەپەر ئىگىسى.
قەرزى ھەم بۇرچىدۇر ئون ئۈچ بالاڭنىڭ،
بىر دىل بوپ ياراتماق نۇرلۇق كەلگۈسى.

بۇ يۈكسەك ئارزۇلار قاناتلار قاقسۇن،
دەۋرىڭ كەڭ، يولۇڭ كەڭ، ئەركىنلىك قولۇڭدا.
ئەتەڭگە تاشلىغىن مەردانە قەدەم،
گۈل چېچەك يەلپۈنسۇن باسقان يولۇڭدا.

## خاتىمە

ئەي ساقى، قەدەھنى تولدۇر مەي بىلەن،
شۇ قۇتلۇق پەيتلەردە ئىچمەيمىز نېچۈن؟
كەل دوستۇم كۆتۈرگىن ئالتۇن جامىڭنى،
تويىمىز، ئەتىمىز، غايىمىز ئۈچۈن!

1985 - يىل، 9 - ئاي، بېيجىڭ.

## لوياڭغا مەدھىيە

توققۇز دەۋر ئاستانىسى قەدىم لوياڭ،
بولۇپتۇ بۈگۈن ئالامەت گۈزەل بوستان.
مودەن گۈل ھۆسنىگە تولغان كۆلۈپ،
بېزىنىپتۇ مودەن يۇرتى گۈل ـ گۈلىستان.

مودەن قىسقان زەپ چىرايلىق لوياڭ قىزى،
پىسەنت قىلماس مەن ـ مەن دېگەن ۋۇزېتيەننى①.
قەلبىدە ئۇلۇغ غايە، قولىدا پىيا،
قوشاق قوشۇپ مەدھىيىلەيدۇ ئۆز ۋەتەننى.

قان تەر بىلەن لوڭمىنكو②نى بىنا قىلغان،
تاش ئۇستىسى ئەۋلادلىرى پالۋانلار.
باسماقتا ئەجدادلىرى ئىزى بىلەن،
قۇرماقتا يېڭى دۇنيا قەھرىمانلار.

---

① ۋۇزېتيەن ــــ سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئايال پادىشاھى.
② لوڭمىنكو ــــ قەدىم تاش ئويما ئىبادەتخانىسى.

بەي جۈيى يازغانىكەن سانسىز داستان،
مۇرادىغا يەتمەي بىراق، بولغان ئادا.
يېڭى دەۋران شائىرلىرى قوشسا قوشاق،
خۇاڭخې بويلاپ جاراڭلايدۇ پەپا سادا.

ئاھ! لوياڭ ئەسىرلەردىن شۆھرىتىڭ بار،
يېڭى چېلىش سەپلىرىدە ئارتتا قالما.
غەيرەت بىلەن ئالغا باس، ئۆرلە دائىم،
نىشانىنى كۆزلەپ ماڭغىن، يولدا قالما!

1986 - يىل، 5 - ئاي، لوياڭ.



# رۇبائيلار

1

كۆزنى قوغلاپ كەلدى قىش زىمىستانى،
خەۋەر بەردى باھارنىڭ گۈلىستانى.
ئەتىيازنى قوغلاپ ئۇنە كېلۇر ئەمدى،
ۋىسالىغا يەتكەن يازنىڭ گۈلىستانى.

2

تۆت پەسلىنىڭ ئۆز ئالدىغا زىننىتى بار،
باھار گۈلى دىماغ يېرىپ ھىدىن چاچار.
ياز قۇياشى كائىناتنى سۆيۈندۈرۈپ،
قىزىل ياپراق كۈز پەسلىگە ئېتەك ئاچار.

3

دۇنياغا كەلدىكمۇ — ئادەم بولغۇلۇق،
خەلق ئۈچۈن كۆڭۈلدىن خىزمەت قىلغۇلۇق.

مەنىسىز ئادەم ئۇ — ئادەم ئەمەس،
جاھانغا پايدىسىز، ئوشۇق بىر مەخلۇق.

4

ئاتمىش بەش قىش — باھارىم ئۆتتى مېنىڭ،
باش ئاقاردى، ياش مادارىم كەتتى مېنىڭ.
ئوتتۇز بەش يىل داۋان ئاشتىم، ئارمانىم چىق،
ئۇلۇغ، پارلاق مەنزىلگە كۆزۈم يەتتى مېنىڭ.

5

كۈچ يەتكىنىچە داستان يېزىپ كەتسەم دەيمەن،
يېگەن تۇزنىڭ قەرزىنى ئادا ئەتسەم دەيمەن،
ئەزىز خەلقىم ئۈمىدىنى ياخشى ئاقلاپ،
بۇ دۇنيادا مۇرادىمغا يەتسەم دەيمەن.

6

ئۆمرۈمنى ھەرگىزمۇ چېكى يوق دېمە،
ھەممىسى ئەتىياز، كۈزى يوق دېمە،
غۇنچىلار چىمەندە كۈلەر ۋە لېكىن،
ئاخىرى سولار ئۇ، توزىماس دېمە.

ياشلىقىڭ كەتتىمۇ، كەلمەيدۇ ئەبەت،
قول سوزساڭ يەتمەيدۇ، بەرمەيدۇ مەددەت،
ئاھ! دەيسەن، زارلايسەن، قىلىسەن ئارمان،
ئارمانغا ھېچ دەرمان تېپىلماس پەقەت.

8

مەنىلىك، چىن ئادەم بولىمەن دېسەڭ،
خەلق بەرگەن ئاش - تۇزنىڭ قولىمەن دېسەڭ،
كى ياشلىق بارىڭ ۋاقتىنى چىڭ تۇت،
ئانا كىنىڭ مېۋىسى — گۈلىمەن دېسەڭ.

9

ۋاپادار كۆڭلىگە قىلمىغىن ئازار،
ۋاپادار ھەمىشە ۋاپادارلىققا يار،
ئۇ ساڭا جان تىكىپ قىلسا ئەقىدە،
تۇتامسەن كۆڭلۈڭنى سەن ئۇنىڭغا تار؟!

10

ۋاپانىڭ قەدرىگە يەتكەي ۋاپادار،
ۋاپادار قەلبىنى قىلغاي ئۇمىدۋار،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇ سەۋەب ھاياتى، ماماتى ئۇنىڭ،
بولىدۇ مۇھتەرەم، ھېچ بولمايدۇ خار.

11

ۋاپادارلىق گۈلى سولماس جاھاندا،
ۋاپادارلىق بۈيۈك ھەر بىر ماكاندا،
ۋاپادارلىق ھامان دىلغا مەدەتكار،
بىلىڭ دوستلار — ئۇ ھەر چاغ، ھەر زاماندا.

12

كەتسە دەز پىيالىغا چىقماس سادا،
چەكسەڭ ئۇنى نالە قىلار، چىقار نىدا.
زەر-قاداقتا قاداتساڭمۇ تۈزەلمەس ئۇ،
ناكار بولۇپ، ساقلىقتىن بولغاچ ئادا.

13

غايىسىز ئادەم گويا بىر پو تېرەك،
غايىلىك مەزمۇت ئادەم بولماق كېرەك.
يەر يۈزىدە غايە تولا، قارا - قىزىل،
بولمىسۇن غايەڭ قارا، بولغىل زېرەك.

14

خۇشامەت قىلىشقا گەركىم، مەي قۇيما ساقى،
ئۇنىڭدا بولمايدۇ ئادەم سىياقى.

ھەممىسە قىلغىنى ئالدامچىلىقتۇر،
تىلى «تاتلىق»، دىلىدا بار تۇزاقى.

**15**

خۇشامەتچى — مۇغەمبەر تۈلكە ھەييار،
شېكەر بىلەن يالاتقان ئۇقى تەييار.
پەخەس بول، بايقىغىن، ئالدانمىغىن،
قاپقانغا دەسسىتەر ئۇ ئۇستا مەككار.

**16**

بىلەمسەن ئەجدادلارنىڭ ئۆتمۈشلىرىنى،
ھايات ئۈچۈن قانلار كەچكەن كەچمىشلىرىنى.
بىزگە ئاتاپ قالدۇرغان يادىكارى كۆپ.
تۇت قەلبىڭدە شۇ يادىكار — يازمىشلىرىنى.

**17**

ئاددىي - ساددا بولۇش ھامان ياخشى خىسلەت،
ئاق كۆڭۈل، تۈز بولۇشنى بۇرادەر ئەت.
ئەگەر كىم بىزنىڭ ئەتسە ساددا دىلنى،
شۇنداقلارغا غەزەپ بىلەن ئوقۇ لەنەت.

18

خەلق ئالدىدا مەن ئۆزۈم بىر ياۋاش كالا،
دۈشمەنگە قەھرىم تاغدەك باتۇر بالا.
قايەم ئۇلۇغ، ئالغا ماڭدىم نىشان تامان،
قايتۇرالماس ھەرگىز ئىبلىس — كۆڭلى ئالا.

19

گۆدەكلىك، بالىلىق قالدى ئۇزاقتا،
ئۇ ياشلىق — تەلۋىلىك قالدى يىراقتا.
ئوڭغا مىڭىپ - سولغا مىڭىپ مەنزىلگە قوندۇڭ،
ئىزىڭ قالدى يىراقتا—ئاتۇش ئازاقتا.

20

بىخۇتلۇق چاغلىرىڭدىن قاچقىن ئەمدى،
ھاياتىڭ يېڭى بابىن ئاچقىن ئەمدى.
تېرىڭدىن، ئەجرىڭدىن جەۋھەر سۈزۈپ،
ھالايىق باشلىرىغا چاچقىن ئەمدى.

21

دۇنيادا ئارمانى يوق كىشى بولماس،
بۇ گۈندە كۆڭلى تولسا، ئەتە تولماس،

ئۇنداق - مۇنداق ئارمانلىرىڭ بولسا مەيلى،
چوڭ ئارمان بىللە كەتسە ياخشى بولماس!

22

قانىتىم بولسا ئىدى قونسام تېرەككە،
غالىپلارچە پەرۋاز قىلىپ ئۇچسام پەلەككە؛
پاچاقلىسام توسقۇنلارنى ئۈمىد بىلەن،
پەرىلەر باقسا ماڭا، يەتسەم تىلەككە...

23

بۇ دۇنيا بىر سەھنە، قىزىق تىياتىر،
قوينىدا يارالمىش تۈمەنمىڭ باتۇر؛
ئۇنىڭدا بار يەنە دىۋە-مەلئۇنلار،
كۆرسەتەر ھەر بىرى ھەر خىل تىياتىر.

24

ۋىجدانلىق ئالىيجاناب ھەقىقىي ئادەم—
سانىلار ئەل ئىچرە گوياكى ھاتەم؛
پىداكار ھەرقاچان ئەل، ۋەتەن ئۈچۈن،
ئاجىزغا، يوقسۇلغا بېرەر ياردەم.

25

ئادەم سىياق مەخلۇقلار كۆرسەتەر ئۆزىنى،
كۆرسەتەر قان تولغان جاللات كۆزىنى؛

كۆرسەتەر شەرمەندە خۇشامەتچىلەر،
ھاياسىز، ۋاپاسىز قىلىن يۈرىنى.

**26**

قاراڭ بۇ سورۇندا باردۇر ھەممىسى،
خۇشاللىق، تەنتەنە، بايرام ـ نەزمىسى؛
قارا كۆڭۈل، ھىيلىگەر، ئالدامچىلارنىڭ ـــ
ئادەمنىڭ گۆشىدىن قىلغان زەللىسى...

**27**

گۈل ئۈستۈر، راست ئۈستۈر، سۇلدۇرما ھەرگىز،
بۇلبۇلنىڭ كۆڭلىنى سۇندۇرما ھەرگىز:
بارچە گۈل بېغىڭدا ھۆسنىگە تولسۇن،
ئاسرىغىن، چاڭ ـ توزان قوندۇرما ھەرگىز.

**28**

سەردانىگە ئۇۋال قىلما، مەرد ئەمەسمۇ؟
ۋاپادارغا جاپا قىلىساڭ دەرد ئەمەسمۇ؟
«ئاق»نى «قارا»، «يوق»نى «بار» دەپ قارا چاپلاپ،
ئاق كۆڭۈلنى يارا قىلساڭ سەت ئەمەسمۇ؟!

## 29

ئۆلمەكنى ئويلىما، كۆرمەكنى ئويلا،
ئاق كۆڭۈل چىن ئادەم بولماقنى ئويلا؛
يوقسۇللار ھۇررا بىلەن قۇرغاندا دۇنيا،
بىر بولقا ۋە يا مىخ بولماقنى ئويلا.

## 30

بۇ دۇنيا گەر دېگىز، ئادەم — بىر تامچە.
ئاشۇ بىر تامچىدا نۇر پارلار قانچە...
ھېسابسىز تامچىدىن پارلىغان نۇرلار،
دۇنيانى يورۇتار — گۈللىتەر شۇنچە.

## 31

قۇياشتىن نۇر ئېلىپ، نۇر سېپەي دېسەڭ،
زەررىچە تۆھپەڭدىن ئەل كۆلگەي دېسەڭ،
ئۆمرۈڭنى بىھۇدە قىلمىغىن راۋا،
قەبرەڭدە چۆپ ئەمەس، گۈل ئۈنگەي دېسەڭ.

## 32

بىراۋكىم خارلىسا — يالغۇزما ئەسلا،
ھاكاۋۇر ئالدىدا باش ئەگمە ئەسلا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەككارغا تېز چۆكۈپ ياشىغىنىڭدىن،
تىك تۇرۇپ مەردانە ئۆلگىنىڭ ئەلا.

33

كىشىنى خارلىغان — ئۆزى خار بولغاي،
نەزەردىن چۈشۈپ ئۇ باغرى قان بولغاي،
ئاخىرى ئاھۇ-زار ئېلىپ بوغۇزىدىن،
پۇشايمان ئىلىكىدە ھەسرەتكە تولغاي.

34

بىلەپ تۇر زۇلپىخارىڭنى — ئۇنتۇما،
بولۇپ سەزگۈر — ساداقىتىڭنى ئۇنتۇما؛
ئۆزۈڭنى شىر چاغلاپ قىلما تەمەننا،
ساڭا مەدەت بەرگەن ئەلنى ئۇنتۇما!

35

ئانا مېھرى ئۇلۇغ، بولغاي ساڭا يار،
ئاداشقان چاغلىرىڭ بولغاي مەدەتكار،
ئاناڭ ئاسقان تۇمارىڭنى ئۇنتۇما،
شۇ بولغاندا بولمايسەن پەقەت خار.

36

سىرىڭنى ياۋ-ياتقا قىلما ھايان،
ئىچى زەھەر، ئۆلپىتىڭگە سۆزمە زۇۋان.

ھوشيار بول، كۆزۈڭنى ئاچ، بولما بىغەم،
ئەتراپىڭدا ياتار ماراپ يىلان-چايان.

37

ئەزەلدىن داڭقى بار دەۋرانە قەشقەر،
گۈلىستان باغلىرى سەيلانە قەشقەر،
يېتىشكەن ئۇندا بوغرا، ئۇندا ئالىم،
ئۇلۇغ خانلار ئارا ئاستانە قەشقەر.

38

سۆزۈلۈپ يۈرىدۇ سولۇق ھەر زامان،
«تىرىك مەن» دېسىمۇ ئۆلۈك ئۇ ھامان،
چاپلىشىپ قان شوراش ئادىتى ئۇنىڭ،
قانخورغا جاھاندا يوق تىنچ ماكان.

39

ئۆمرۈڭنىڭ باھارىنى قەدىرلە، چىڭ تۇت،
كۆرەش قىل، مېھنەت قىل، ياراتقىن چىن قۇت،
ئىرادەڭ تاۋلانسا مۇستەھكەم كاڭدەك،
ئوسالماس يولۇڭنى شىۋىرغانۇ-جۇت.

40

يىلاننىڭ بېشىنى تۆگەل يەنچىگەن،
مىجىلدى تېنى دەپ بىغەم بولمىغىن،
زەھەرى تىلىنىڭ ئاستىدا ئۇنىڭ،
ھەزەر قىل، قولۇڭنى چىشلەپ قالمىغىن.

41

بىلگەننىڭ نامى ئۆچمەس، ئالتۇندۇر قولى.
ئەل ئۈچۈن سالۇر بىنا — مەزمۇتتۇر ئۇلى.
شىۋىرغان، بوران-چاپقۇن توسقاندىمۇ،
ئازماس ئۇ، ئالغا باسار، نۇرلۇقتۇر يولى.

42

ئېلىڭنىڭ تۈزىنى يېگىنسەن ھالال،
تۈزچىنىڭ ئالدىدا بولمىغىن مالال.
تۈزىن يەپ تۈزلۇقىن چېقىۋەتكەنلەر،
لەنەتلەر ئاستىدا تاپىدۇ زاۋال.

43

تومىنى باش-قۇرسۇن ئاق كۆڭۈل مىراب.
ئۆستەڭنى پاكىز ساقلىسۇن قاراپ،

سۇ باشتىن لاي بولسا ئايىغمۇ لاي...
بۇنداق يۇرت بىر كۇنى بولىدۇ خاراب.

44

ھەجەيىپ كۇلسە ساڭا ياخشى دىمە،
زەللە كەلتۇرسە يەنە ھەرگىز يىمە،
ئاغزى «شىكەر»، دىلى زەھەر نىمە ئۇ،
بول ھوشيار، ئاقىۋەت پۇشمان يىمە.

45

كۆز ئالايتقان ساڭا بەلكى ياخشى يار،
ئاغزى ئاچچىق، دىلى تاتلىق دىل خۇمار،
ئاغرىتىپ ئېيتقان سۆزىنى ئاڭلىغىن،
بولمىغايسەن ئاخىرى دۇشمەنگە خار.

46

ئاق كۆڭۇل ئادەمنى تۇتقىل دوستى-يار،
ساڭا ھەمدەم كۆتۇرەر يۇك-خۇددى نار،
گەر ساڭا كەلسە بالا يۇز ئۆرىمەس،
قەدىردان ئۇ، يۇرىكىدە سۆيگۇ بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

47

شارابىڭ قىلالماس ئەمدى مېنى مەست،
مېھرىلىك كۆزۈڭنى ئويناتمىغىن، بەس!
مېھرىڭمۇ، سىردىڭمۇ «سىر» ئەمەس ئەمدى،
قاش ئېتىپ، كۆز قىسىپ ئالدىمىقىڭ تەس.

48

ھاياتنىڭ مەنىسى — ئۆمۈر تەكتىدە،
ئۆمۈرنىڭ مەنىسى — ئەلگە بەھرىدە.
مەنالىق ئىش ئۈچۈن قىلسا ئەقىدە،
ئۆلمەس ئۇ، قىزىل گۈل ئۈنەر قەبرىدە.

49

تەر تۆكۈپ، كۆچەت تىكىپ ئالساڭ سەن ئانار،
چاقنىغان يۈرەكلەر شەربەتكە قانار.
ئانارلىق گۈل باغقا قوشقان ئەجرىڭنىڭ،
بەدىلى — مېھرىبان باغۋەندىن يانار.

50

جۇدالىق يولىدا ۋەيرانە بولدۇم،
گۈزەل يار ھىجرىدە بىرانە بولدۇم.
يارانلار ۋەسلىنى كۆرمەككە تەشنا،
كېزىپ گۈلخان ئارا دىۋانە بولدۇم.

51

ئىرادىلىك دوستلار بىلەن بولغىن ئىناق،
ھەم بولغىن يامانلاردىن ھوشيار، يىراق.
ئادىمىمۇ، ياكى جىن - شەيتانمۇ ئۇ،
بوران - چاپقۇن ئىچىدە قىلغىل سىناق.

52

سەن ئەگەر بولساڭ ھەمىشە ساددا دىل،
ئالدىنارسەن ئالدامچىغا. شۇنى بىل.
مەرد بىلەن بولساڭ ئەگەر دوست — ياخشى ئىش،
ھارامزادە قاپقان قويار، ھەزەر قىل.

53

ئالدىراپلا «بىلدىم» دېدىڭ. شۇ — بىلمىگىنىڭ.
ئالەمدە جىق بىلگىنىڭدىن بىلمىگىنىڭ.
بىلىم كى ئۇ بىپايان چەكسىز دېڭىز،
بىلگەنسېرى كۆپىيىدۇ بىلمىگىنىڭ.

54

تىلسىم ئەمەس بىلىم بىلىپ بولمايدىغان.
دەشتمۇ ئەمەس ياكى كارۋان قونمايدىغان.

«يوق قىيىن ئىش بۇ جاھاندا زادىلا،
بولسا جۈرئەت چوققىغا ئۆرلەيدىغان».

55

بىلىم ھەرگىز ياراتمايدۇ قورقانچاقنى،
تېشى پال-پال، ئىچى غال-غال ماختانچاقنى،
دوست تۇتمايدۇ ھەقىقەتتىن قاچىدىغان،
ھارامزادە، ئالا كۆڭۈل «ئوبدانچاقنى».

56

بىلىمنى دوست تۇتساڭ — كۆڭۈل قويغىن،
ئەمەلىيەت قاينىمىغا چۆكۈپ سۆيگىن،
شۇندا بىلىم ساڭا كېلىپ باش ئېگىدۇ،
ئاشىق بولۇپ سەنمۇ ئۇڭا دىلدىن كۆيگىن!

57

قىلتاقتىن قورقىمەن دەپ ئېزىپ قالما،
ئېزىپ بېرىپ قاپقانغا چۈشۈپ قالما،
تۈلكىنىڭ ئالدىمىدىن قاچىمەن دەپ،
بۆرىنىڭ ئۆگىسىغا كىرىپ قالما.

58

قىلتاقتىنمۇ، قاپقاندىنمۇ ھەزەر قىلغىن،
تۈلكىدىنمۇ، بۆرىدىنمۇ ئامان بولغىن؛

هوشيار بول زىياندىشنىڭ شوم پەيلىدىن،
زۇلپىخارنى قولدىن ھەرگىز چۈشۈرمىگىن.

59

ئالدىمدا نۇر چاچار ئەنگۈشتەر — چىراغ،
ھاياتنى نۇرلارغا پۈركەر ئۇ بىراق،
شۇ نۇرغا پەرۋانە ئىدىم ئەزەلدىن،
يېتەمەن يوللىرىم بولسىمۇ يىراق.

60

كىشىگە چىن دوست كېرەك مۇڭداشقىلى،
ھەم زېرەك يارەن كېرەك سىرداشقىلى.
كۆڭلۈڭ ئازار يەپ، پىغان چەككەن چېغى،
دەردكە دەرمان يار كېرەك دىلداشقىلى.

61

بوۋاڭ بەرگەن تەۋەررۇكنى تۇتىيا قىل،
ئەجرىڭ بىلەن ئەلگە گۈزەل باغ بىنا قىل،
ئېچىلدۇرغىن تۇۋەنىمەڭ خىل پورەكلەرنى،
نەۋرەڭمۇ گۈلچى بولسۇن، گۈل خۇمار قىل.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

62

چاچلىرىڭغا ئاق كىرىپتۇ، ئازراقى قارا،
ئىشەنمىسەڭ سەپسېلىپ باق ئەينەككە قارا.
تاشلا ئەمدى ئۇ گۈزەللىك ناخشىسىنى،
تولپارغا مىن، ئاتقىن ساداق — چەنلەپ قارا.

63

«تاتلىق ئەردى بارچە يىگىتلىك ئېتىم،
ئاغۇ بولدى ئەمدى ماڭا يەم ئېشىم».
ئۆتتى ئۇ بەگباشلىق، بىراق قالدى داغ،
شۇ داغنى ئويلىسام قاتۇر بۇ بېشىم.

64

«سۆزۈڭنى كۆزەرگەل باشىڭ كەتمىسۇن،
تىلىڭنى كۆزەرگەل تېنىڭ سۇنماسۇن».
ئوقۇڭنى ئات چەنلەپ تېگۇر نىشانغا،
ئارزۇلۇق ساداقىڭ بىكار كەتمىسۇن.

65

«بويۇم ئەردى ئوقتەك كۆڭۈل بولدى يا،
كۆڭۈل بولدى ئوقتەك، بويۇم بولدى يا».

كۆڭۈلنى ئوق قىلىپ چەنلە نىشانغا،
بويۇڭ ئوق چېغىنى بىلىپ تۇتىيا.

**66**

تۈزى يوق توپىدا ئۈنمىگەي گىيا،
بېزەلى يۈزلەرگە بولما مەھلىيا.
ئۆمرۈڭنىڭ گۈلىنى سۇنساڭ ئېلىڭگە،
قىسسەڭنى يېزىشقا تۈگمەس سىيا.

**67**

جاناننى دېدىم، جان دېدىم —
كەلتۈردى جاپا،
ئۆزگىنى سۆيسەم، ئۆز دېدىم —
قىلمىدى ۋاپا.
دىلكەشنى دېدىم، مۇڭداش تاپتىم —
دىل بولدى شاد،
ياراننى دېدىم، يارنى دېدىم —
كەلدى چەن ۋاپا.

**68**

يامانلار بويۇڭغا يۇقتۇرغاندا داغ،
ئەجەبلەنمە، ھېيلىگەرنىڭ پەيلى شۇنداق.

ۋىجدانىڭ پاكىز بولسا — بولغىنى شۇ،
شۇندىلا غالىپدۇرسەن ھامان، ھەرچاغ.

69

ئۆزۈڭنى چاغلىماي بىكار پو ئاتما،
«سانىماي سەككىز» دەپ قۇرۇق گەپ ساتما.
خالايىق كۆزلىرى روشەن، بىلىپ قوي،
ئاخىرى رەسۋا بوپ بولۇڭدا ياتما.

70

كېلىپ سەيلە - تاماشا قىل مېنىڭ ئاۋات بازارىمنى،
خېرىدارغا سۇنۇلغان شاتاۋا ياغلىق ماتارىمنى،
ئەزىز دوستلارغا سوۋغا يوللىدىم دىلىم رەشتى بىرلەن،
يارانلار يوقلىغاي دەپ مېنىڭ ياتقان مازارىمنى.

71

ئادەمى بولۇشنىڭ يولى ئاينىكا،
دادىكاڭ ئىز سالغان يولمۇ مانىكا.
سەگەك بول، يول يىراق، مۇشكۈلدۇر بىراق،
غەيرەت قىل، پەللىدە كۆتەر ئانىكا...

72

ئاز مېڭىپ، تولا يول ماڭدىمغۇ دېمە،
بەل ئېشىپ، چوڭ داۋان ئاشتىمغۇ دېمە،

ئادەمزات يولىنىڭ مەنزىلى چەكسىز،
پەللىنى كۆزلەپ ماڭ، ھاردىمغۇ دېمە.

73

ئارزۇلاپ ئۆستۈرگەن مېھرىبان ئانام،
دېگەندى: «ئەل ئوغلى باتۇر بول بالام».
ئەپسۇسكى، ئانامنىڭ قەبرى ئالدىدا،
ياش تۆكۈپ بەردىم مەن ئارمانلىق سالام.

74

قانچىكى كايىساڭ مەيلى جانانىم،
ۋەدىلەر بوش كەتتى قالدى ئارمانىم.
سېھىردىگەر رەقىبلەر بويىدى كۆزنى،
ھالىمغا يەتمىسەڭ تۈگەر بۇ جانىم.

75

دىلكەشنى يار تۇتقىل، دەردىڭگە داۋا،
ھەييارلدا ۋاپا يوق، يۈرىكى ياۋا.
دىلىدىن سۆيسە ئۇ، سەنمۇ ئۇنى سۆي،
شەيتان كۆز گۈزەلنى كۆرمىگەن راۋا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

76

دۆلەت قۇشى قوندى كېلىپ ساڭا ئوغلان،
مەغرۇرلانما، كۆزۈڭگە باق، ياخشى ئويلان.
ئولۇسىڭغا جاپا ئەمەس، ۋاپا قىلساڭ،
كەتسەڭ ئۆزۈڭ، ئۆلمەس روھىڭ، قالماس ئارمان.

77

ئويلىسام سۈت بەرگەن ئامراق ئانامنى،
ھەم ئەلەم ھەم قەلەم بەرگەن ئاتامنى.
يۈزلىرىم قىزىرىپ يەرگە باقمەن،
يادلايمەن يول سېلىپ ئۆتكەن بوۋامنى.

78

ئۆمۈرنىڭ يولىنى ئۇزۇن يىل باستىم،
ئەجرىمگە ئانامدىن تىل - تۇمار ئاستىم.
ۋە لېكىن بۇرچۇمنى قىلمىدىم ئادا،
قەرزىمنى تۆلەشكە قولۇمنى باستىم.

79

قاراڭا تۇمۇچۇقۇم سايرار قەپەزدە،
چۇرقىراپ بەك ئېسىل چۇچۇك نەپەستە.

بىلمەدىم ئۇ مېنى تىلامدۇ تەبرىك.
ۋە ياكى كۈلەمدۇ دىللىرى خەستە؟!

80

زاتىدىن قۇرۇچ بولسا ئۆپرىماس قەلەم.
ئىشلەتمەي «گال» دېمە، ئۇنىڭغا ئەلەم.
مۇستەھكەم ئىرادە، مەزمۇت قول بولسا.
قەلەمدىن چىقىدۇ چوقۇم توغ - ئەلەم.

81

ئەزەلدىن توختىماي ئاققان تۇمەن بۇ،
ھاكاۋۇر تاغلىنى چاققان تۇمەن بۇ،
تۇمەنىمىڭ پالۋان قېنى قوشۇلغان،
غەزەپ دولقۇنىغا تولغان تۇمەن بۇ.

82

ئەل بەردى ساڭا، نان بىلە تۇز —
سەن نېمە تۇتتۇڭ؟
قىلدىڭمۇ ۋاپا، يا بولمىسا —
ئۇنى ئۇنتۇدۇڭ؟
باغلارنى ياساپ، باغۋەن بولۇپسەن
سۇندۇڭمۇ ئانار؟
ۋە بولمىسا نوتىلارنى —
سۇسىز قۇرۇتتۇڭ؟

83

ئازىلاپ سۈت بېرىپ باققان ئاناڭ،
قانچىلاپ باغرىغا ياققان ئاتاڭ.
باشلىرىغا گۈل - چېچەك چاچتىڭمۇ - يوق؟
بىلمىدىم يا زارلىتىپ قويدۇڭمۇ تاڭ؟!

84

ئانا ئۇلۇغ، تىز چۆكۈپ قىلغىن تاۋاپ،
بۇ جاھاندا كىشىگە بەكمۇ ساۋاب.
ئانىنىڭ خۇشاللىقى چەكسىز دېگىن،
مېھرىگە شەپقەت بىلەن قايتۇر جاۋاب.

85

ھەق ئۈچۈن چەكسەڭ جاپا گەر ۋاي دېمە،
تەگسە ناھەق كالتەكى پۇشايمان يېمە!
ھەق ئېگىلۈر - سۇنمىغاي — غالىپ ھامان،
تەر ۋە ئەجرىڭدىن ئۈنەر گۈل، غەم يېمە.

86

قىلدى مەست، ئەزدى يۈرەكنى شۇ ناۋا،
يارا قەلبىمگە مەدەت، بولدى داۋا؛

ئەسلى دىلكەش ناخشىغا تەشنا ئىدىم،
ئەمدى قاندىم، ئەللىدى يەرۇ - ھاۋا.

87

زەخمىكىنىڭ چەكتى يۈرەكنىڭ تارىنى،
سالدى ئاشىق ئىسكە دىلدارىنى،
سىغىنىش ھىجرىدىكە ئوت ياقتى، بىراق،
توختىماس تاپماي گۈزەل گۈل يارىنى.

88

ئۆمرۈڭنى بەھۇدە ئۆتكۈزمە يادوست،
قەلبىڭگە قارا داغ تەگكۈزمە يادوست،
چىلىشتا مەردان بول، بولمىغىن نامەرد،
دوستلارغا مۇشەققەت چەككۈزمە يادوست.

89

قەدىرداڭ، مەردانىنىڭ دوست - يارىمەن،
قەلبى پاك جانان ئۈچۈن پەرۋانىمەن،
ھاۋاپانى دوست تۇتۇپ تارتىم جاپا،
شۇ سەۋەب ناپاكلىدىن بىزارىمەن.

90

يار بولدى بەس، نەيرەڭنى قوي،
ئاتما كۆزۈڭنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

لىقاب تارتما، جىلۋەگىنى قوي،
ياپما يۈزۈڭنى.
ھىيلىۋازلىق خۇلقۇڭ قىلدى —
ھەممىنى بىزار،
يوق خېرىدار، بازار كاسات،
ساتما ئۆزۈڭنى.

91

بىر زامان ئۆزۈڭ گويا بىر خان ئىدىڭ،
ئۆزگىگە سالماي قۇلاق «نادان» ئىدىڭ.
«مەنلا بار دۇنيادا» دەپ يۈرگەن بىلەن،
دۆت ئىدىڭ، ئەخمەق ئىدىڭ، نادان ئىدىڭ.

92

دەۋرىڭ تولپارىغا يەتمەك قىيىن،
تەڭ چېپىپ، تىزگىن تۇتۇپ مىنمەك قىيىن،
سالما تاشلاپ ئۆز - ئۆزۈڭنى گوللىما،
دەۋر چۆرۈپ تاشلىسا، تۇرماق قىيىن.

93

ھەر باھار كېلۇر يېڭى خىسلەت بىلەن،
يېڭى گۈللەر بىخ ئۇرار سۈرئەت بىلەن.

كونا كۆزدە يېڭىلىقنى كۆرمىگەن،
كەلگۈسىنى كۆر ساۋاق ـ ئىبرەت بىلەن.

94

كونا تارىخ جەۋھىرىنى تاشلىما،
ئەسكى ئىللەتلەر بىلەن ئىش باشلىما،
ئىللەتنى «جەۋھىرى» دەپ خام ساناپ،
ئەل ئىچىدە مات بولۇپ باش قاشلىما.

95

شامالغا ئەگىشىپ يۈگۈرمە ھەريان،
قىلۇرسەن ئاخىرى پۇشمان ۋە ئارمان،
قۇيۇنغا بەس كېلىپ ھەردانە بولساڭ،
ئىرادەڭ تاۋلىنۇر، قەلبىڭدە دەرمان.

96

گۈدەكلىك دوستلۇقى ئۈچمەيدۇ ھەرگىز،
قەدىناسلىق گۈلى سولمايدۇ ھەرگىز،
سەبىي دىللار سۆيۈملۈك ئىشتىياقى،
بۇزۇلماس ھەر بالا كەلگەندە، ھەرگىز.

97

ئەلنى دېسەڭ باغنى ئاسرا، بەر بەدەل،
گۈللىرىڭ ئۈسسۈن باراقلاپ، ئېيت غەزەل.

www.uyghurkitap.com

غۇنچىلاردىن ھەرىلەر ئۇزۇق ئېلىپ،
ئەلگە بەرگەي ساپ ـ تازا شېرىن ھەسەل.

98

يازغۇچى بولماقنى ئاسان چاغلىما،
ئويلىماي بۇ سەپكە بەلنى باغلىما،
گەر بۇ سەپكە دىل بىلەن قىلساڭ نىيەت،
ئەلگە روھ بەر، ئەل دىلىنى داغلىما!

99

ئۆمرۈڭنى بىھۇدە ئۆتكۈزمە دوستۇم،
شەنىڭگە قارا داغ تەككۈزمە دوستۇم،
ئېلىڭگە جان تىكىپ بولغىن ۋاپادار،
ۋە يەنە مالاقەت يەتكۈزمە دوستۇم.

100

زەپ سىزىپسىز تەڭرىتاغ ئەل يارىنى،
سەيلە قىلدىم ئانا يۇرت گۈلزارىنى.
يېڭى ئىلھام پەيزىدە ھارماي سىزىڭ،
ھۆر زامان ئوغلانىنى ـ دىلدارىنى.

101

مەككارنىڭ قىلغىنى ـ ئەتكىنى رىيا،
ھەييارنىڭ ئىزىدىن چىققىنى گىيا،
ۋىجدانىنى ياماققا ساتار قىزارماي،
ئۇندا يوق ئار نومۇس ۋە ياكى ھايا.

102

ئۆمۈر ـــ كۈرەش، مەغلۇپ ـــ غالىپ، شۇنداق جاھان،
پەلەك چارقى چۆرگىلەيدۇ ئالغا ھامان.
گېزەندىلەر زارلاپ ـ قاخشاپ توسقان بىلەن،
يەنجىلىدۇ رەسۋا بولۇپ، ھالى يامان...

103

سۈيقەستچى ئاق كۆڭۈلگە سالۇر ئازاب،
ئۇ يالغانچى ۋە تۆھمەتخور، ئەجەب كازراپ؟!
ئۇ شۇندىمۇ ھەقىقەتنى سۇندۇرالماس،
ئۆزى ئاخىر ئۆچۈپ تۈگەر بولۇپ ماغزاپ.

104

تۈنۈگۈن ئەجدادىڭ قالدۇردى گۆھەر،
قان ـ تەردىن يارالدى بۈگۈنكى جەۋھەر.

توختىما، مۇرادىڭ ئالدىڭدا تېخى،
شەرەپلىك ئەتىچۇن كۆرەشكەن قەيسەر.

105

يەقىلساڭ ۋاي دېمە، تۇرۇپ ئالغا باس،
قالقانىنى مەزمۇت تۇت، قىلىچىڭنى ئاس،
يەقىلىش - يەقىلماسلىققا ئۆگىتەر سېنى،
ئۆمۈر يولى تۈز ئەمەس، بولمايدۇ تىم - تاس.

106

دۈشمەن سېنى «ياخشى» دېسە، ياخشى ئەمەس،
دوستۇڭ سېنى «يامان» دېسە، يامان ئەمەس،
دۈشمىنىڭگە ياقتىمۇ، ئۇ بولمىغىنى،
دوستۇڭ سۆزىن ئاڭلىمساڭ ھالىڭغا تەس.

107

كۆڭلى قارا بەتنىيەتنىڭ يۈزىمۇ قارا،
ئوپا - ئەڭلىك سۈرتكەن بىلەن كەتمەس قارا،
كاللىسىدا ھىيلە - مىكىر، قەلبى چايان،
ئويناپ تۇرغان شەيتان سۈپەت كۆزىگە قارا.

108

ئاق كۆڭۈلنىڭ نىيىتى ئاق، يۈزىمۇ ئاق،
قارا كۆيە سۈرتكەن بىلەن يۇقمايدۇ داغ.

مېڭمسده ئەلنىڭ غېمى، قەلبىدە ئوت،
نۇرغا تولغان شۇئىقار سۈپەت كۆزىگە باق.

**109**

ئاق كۆڭۈللۈك، ئاق نىيەتلىك مەردانە بول،
قارا كۆڭۈل بەتنىيەتكە بەرمىگىن يول،
يارانلار بولغاي ساڭا چىن مەدەتكار،
بولغۇسى تۆھپەڭ قۇتلۇق، ھوسۇلۇڭ مول.

**110**

خەلق كويىدا ئەجرى قىلىپ بولغىن مالچى،
يولنى تاللاپ مەزمۇت ماڭغىن بولما پالچى،
ئۆمۈر يولى تۈپتۈز ئەمەس، بولغىن ھوشيار،
دولقۇن يېرىپ ئالغا باسار بولغىن سالچى.

**111**

ئۆتمۈشنى ئەسلىسەڭ مەنىسىگە باق،
شاكىلنى تاشلىۋەت، مېغىزىنى چاق،
بۇ دۇنيادا كائىنات ئۆزلەيدۇ ھامان،
ئۆزلەۋەر پەللىگە، يېڭى غۇنچە تاق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

112

ھاماقەتكە نەغمە قىلىپ، بەرمە كاۋاپ،
ئاۋارە بولۇپ ئىشەككە چالما راۋاپ.
«ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلۇر»،
ساز ئەھلىنى ناۋا بىلەن قىلغىن تاۋاپ.

113

قانلىق قولنى قانلار بىلەن يۇيۇپ بولماس،
مىڭ ـ قانددىن قاتۇرۇپ خىش قوپۇپ بولماس.
قان تەر بىلەن يۇغۇرۇلغان ئىرادىنى،
زىندان، قىلىچ، جادا بىلەن بۇزۇپ بولماس.

114

ئۆتمۈشنى ئەسلىسەڭ جىق قانلىق ساۋاق،
ئەل خارلاندى، سۆندى ئاخىر ئالتۇن تاۋاق.
ھىيلىگەرلەر بۇلاپ ـ تالاپ بوغدى ئەلنى،
تارتقۇلۇقتا دىيار بولدى ياۋغا تاۋاق.

115

مۇھەببەت ۋە ئەپرەت ئىلھام تۇۋىقى،
ئالەمنىڭ بارلىقى ئىلىم بۇلىقى.

ئالەمنى بىلمىگەن بولالماس ئالىم،
ئالىمدۇر ئالەم ۋە ئادەم ئۇلۇغى.

**116**

«شائىر» مەن دەپ شائىرغا تەككۈزمە داغ،
قىينالما ئاۋارە بولۇپ، پادا ئىگىنى باق،
مېغىزسىز ئۇچكىدىن ئۇنمىگەي گىيا،
مېغىزدىن مېۋە بولۇپ بولغاي گۈل باغ.

**117**

غايىسىز ئادەم گويا پو تېرەك،
كۆكەرمەس، تۇرالماس، قويسىمۇ تېرەك،
ئۆزىنى ئەل ئۇچۇن تاپشۇرغان كىشى،
قەدىرلىك، چىن ئادەم، يەنە چوغ يۈرەك.

**118**

ھامان ئالغا بېسىۋەر بولسىلا دەرمان،
ئەلگە زور تۆھپە قوشالىغ يوقتۇر ئارمان،
ئۆمرۈڭنى مەنالىق، ياخشى ئۆتكۈز،
ئادا قىلغىن ئىززىڭ خەلقىڭ قىلسا پەرمان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 119

تارىخنىڭ خەزىنىسىدىن شاللىۋال جەۋھەر،
زامانەڭ ئېقىنىدىن سۈزۈۋال گۆھەر،
كى جەۋھەر گۆھەردىن تولدۇر خەزىنىنى،
يېڭىدىن بىنا قۇر ئايۋىنى مەرمەر.

## 120

يولۇڭدىن ئارتقا يانما، ماڭ داۋامەت،
قەلبىڭنى ساقلىغىن ساق - سالامەت،
ئېلىڭگە بولما ئاسىي، بول ۋاپادار،
ئەجرىڭدىن گۈل ئۈندۈرۈپ بەر پاراغەت.

## 121

خەلق بىلەن بىللە كۆر كۆرسەڭ ھالاۋەت،
تىللىسا دوستلار سېنى، قىلما ئاداۋەت،
ئۆزۈڭنى ئويلىغاندا — ئەلنى يادلا،
ئەل بىلەن بىللە بېيىپ، تاپقىن تاپاۋەت.

## 122

مەيلىم يوق مەززىسىز قۇرۇق بەزمىگە،
زوقۇم يوق مېغىزسىز پۇچەك نەزمىگە،
قەلبى پاك قوشاقچى — خالايىق دوستى،
مىڭ لەنەت يالاقچى قېلىن ئەزمىگە.

123

يالغان گۈل چىرايلىق، ھىدى يوق بىراق.
شەكلى ئۆز ۋە لېكىن چىقمايدۇ پۇراق.
پارقىراق - يالتىراق، ئەمما ھۆسنى يوق.
يالغان گۈل راست گۈلگە يەتمىگى يىراق.

124

دۇنيادىن ئاۋارە ئۆتكۈنچى بولما،
تۇرمۇشقا پەرۋاسىز كەتكۈنچى بولما،
ئارزۇلاپ سۈت بېرىپ باققاندى ئاناڭ،
ئاناڭنىڭ روھىغا تەگكۈنچى بولما.

125

ئاناجان ۋاپادار بول دەپ ئەلگە يار،
ئاسقاندىڭ بوينۇمغا تەۋەررۈك تۇمار،
شۇ تۇمار روھىدا داۋانلار ئاشتىم،
قەلبىمدە ئۇرغۇدى قاتمۇ قات خۇمار.

126

چېلىشتىم ئەل ئۈچۈن، بېجىردىم پەرمان،
قالغۇچە تېنىمدە يارارلىق دەرمان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ۋە لېكىن مۇرادقا يېتەلمەي قالدىم،
قېپقالدى كۆڭۈلدە ئارزۇلۇق ئارمان.

127

يولۇمدا توختىماي ماڭىمەن ھامان،
قۇياشنى نىشانلاپ ئاشىمەن داۋان.
مەندىن سۈك ئەۋلادلار باسار ئىلگىرى،
ئەمەلگە ئاشقۇسى ئارزۇلۇق ئارمان.

128

بىلمەكنى ئىستىسەڭ ئوقۇغىن كىتاب،
ئۇندا كۆپ جەۋھەر بار يېزىلغان ئاتاپ.
ئەگەر سەن ئوقۇساڭ كۆڭلۈڭنى قويۇپ،
تېپىلماس روھىڭدا ئۇنچىلا بىتاپ.

129

مۇقاملار نەغمىسى كۆڭۈلگە داۋا.
ئاڭلىساڭ سەھەردە پەيزىلىك ناۋا.
سەن ئەگەر قىلمىساڭ مۇقامغا ھەۋەس،
نەغمىچى چېلىشنى كۆرمەيدۇ راۋا.

**130**

قەلبىمدە، قېنىمدە ئۇرغۇيدۇ مۇقام،
ئەجدادلار روھىنى سۆزلەيدۇ مۇقام،
ساتارنىڭ تارلىرى چاچقاندا سادا،
تاغلاردا، باغلاردا سايرايدۇ مۇقام.

**131**

ئارمان يوق مۇقامنىڭ پەيزى چېچىلسا،
زوق ئېلىپ ئاشىقلار كۈلۈپ ئېچىلسا،
ئارمانىم بۇ بىلەن تۈگىمەس بىراق،
كۈلەتتىم مۇقامغا مۇقام چېتىلسا.

**132**

ئايدىڭدا يىراقتىن ئاڭلىدىم بىر نەي،
تېنىمگە جان بېرىپ قىلدى مېنى ئەي،
مەسخۇشلۇق ئۇيقۇدىن ئويغاتتى مېنى،
شۇ نەيچى ئۇزاتقان بىر پىيالە مەي.

**133**

ئويغاتتى سابادا چېلىنغان راۋاپ،
شۇ سابا بولمىسا بولاتتىم كاۋاپ.

باركاللا سازىڭغا سازەندە ئۇستاز،
قىلدىڭسەن ئالەمدە ئالامەت ساۋاپ.

134

ئۆمۈرنىڭ يوللىرى ئەمەس ئىكەن تۈز،
زىمىستان، باھارى، يازدىن كېيىن كۈز.
دۈچ كەلسەڭ چاچقۇنغا، قاتتىق بورانغا،
غۇلاچلاپ دولقۇننى يېرىپ ئالغا ئۈز.

135

يولۇڭنى توغرىلا خاتا يول باسما،
غايەڭدە مەزمۇت تۇر، نىشاندىن ئازما،
ئۆزۈڭنىڭ تەقدىرى ئۆزۈڭگە باغلىق،
تارىخنىڭ بېتىگە قارا خەت يازما!

136

كۆڭلىدە بار ئۇنىڭ غەرەزلىك بىر تەپ،
ئىخلاسمەن دېگىنى بىكار قۇرۇق گەپ.
كۆرۈكتىن ئۆتكىچە «سەندىن ياخشى يوق»،
ئۆتتىمۇ، يۈز ئۆرۈپ تونىمايدۇ، خەپ!

137

ياخشى دوست دوستىغا قىلماس خوشامەت،
قەلبىدىن ئۇنىڭغا تىلەيدۇ ئامەت.
كۆيۈنۈپ ـ ئاغرىتىپ سۆزلەر ئايىماي،
ۋاپاغا ۋاپالىق ئۇنىڭغا ئادەت.

138

ئۇ سېنى سۆيمەس كۆرگەن، ئۆزۈڭدىن،
ئىزلىمە ئۆزگىدىن، ئىزلە ئۆزۈڭدىن.
سۆيگەننى قەدىرلە، قىلمىغىن ئازار،
ئىمتىھان ئېلىپ تۇر قىلغان سۆزۈڭدىن.

139

پادىچى ۋاقتىڭدا ياخشى دوست ئىدىڭ،
قەدىردان بولىمىز ئەبەدىي، دېدىڭ.
چاققاندا ياڭاقنى — كۆزگە ياغ تولۇپ،
ئۇنتۇدۇڭ دوستۇڭنى، كۆك تاشقا مىندىڭ.

140

مىننەتلىك ئەتلەستىن ياخشى شاتىۋار،
ئۆز ئەجرىڭ ئۆزۈڭگە ئېزىز نەتىۋا،
ئىشەنگىن ئۆزۈڭگە، بۇ ھامان شۇنداق،
نامەردلەر بىكاردىن توفۇر پەتىۋا.

141

ئادەم بولماق بولساڭ ئەگەر بول قاشتېشى،
ئۆزى مەزمۇت، تاشلار ئارا يوق تەڭدىشى،
ھۆسنى گۈزەل، ئىچى ئېرىق، سۈزۈك رەڭگى،
ئۇ تۇندىمۇ پارقىرايدۇ — گۆھەر بېشى.

142

زەپ گۈزەل تەبىئەت — كۈللى كائىنات،
كىشلىك بۆشۈكى — مەنبەئى ھايات.
ئويلىساڭ ئۆلۈمنى قىيمايدۇ كۆڭۈل،
ھايات بار، ئامال يوق چوقۇم - بار مامات.

143

تەبىئەت. كائىنات ئەجەبمۇ گۈزەل،
ياخشى يول تاپالساڭ ئۆمرۈڭمۇ گۈزەل.
ئەل ئۈچۈن قالدۇرساڭ ياخشى خاتىرە،
ئۆلگەندە روھىڭمۇ، قەبرەڭمۇ گۈزەل.

144

دۇنيادىن بىپەرۋا كەتكۈنچى بولما،
لايغەزەل كارۋاندەك ئۆتكۈنچى بولما.
بالاڭغا ئەستىلىك قالدۇرماق بولساڭ،
لەنەتلىك قارا بەت پۈتكۈنچى بولما.

本书选收作者1940年以来的部分短篇小说，散文，和诗歌。这些文学作品反映人民群众为争取解放，自由而进行的斗争，解放后在社会主义革命和社会主义建设事业中所取得的成就。

www.uyghurkitap.com

神仙老爷

赛福鼎 著

责任编辑：阿布里米提·阿吉

责任校对：阿依夏木·阿不都吾力

喀什维吾尔文出版社出版

新疆新华书店发行

喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷

787×1092毫米 32开本 10.875印张2插页

1987年2月第1版，1988年4月第1次印刷

印数：精装本：1—2050
平装本：1—5000

ISBN7—5373—0006—2/I·4

统一书号：M10264—77 定价：(精)1.80元
(平)1.00元

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غەيرەت خالىق

ISBN7 - 5373 - 0006 - 2/I·4

باھاسى: ئاددى مۇقاۋىلىق 1·00 يۈەن
قاتتىق مۇقاۋىلىق 1·80 يۈەن